# تارىم

11

1991



www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو تۇرپان قەلەملەشلەر يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى چېن خۇاگېيى، مەشھۇر يازغۇچى دىڭ يۇمېيلار سۆھبەت يىغىنىدا



چېن خۇاگېيى، دىڭ يۇمېي. لى جۈن قاتارلىقلار ھەر مىللەت ئەدىبلىرى بىلەن بىللە.



يىغىنغا قاتناشقان ياش ئەدىبلەر.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

11

41-يىل نەشرى

1991

# بۇ سانىدا

## نەسىرىي ئەسەرلەر


غ. ئاسىم......................كونا گىلەم (ھېكايە)........................ 4
ئە. ئۆمەر ...................يىراق سەھرادىكى لەتىپە (ھېكايە)............. 16
ئا. ئىسمايىل......................يىغلىما، قىز (پوۋېست).......................... 35
ن. يۈسۈپ .......................دەريا قىزى (ھېكايە)............................ 75
ر. ئېلى .........................ياۋروپادا ئۆتكەن كۈنلەر (خاتىرە)................. 86


## شېئىرلار


ر. سىيىت......................ئاھ تۇيغۇن لىرىكا، خىيالىي كۆلكە............ 27
پ. مۇھەممەت ....................كۆن پېتىپ ئاي چىققاندا.......................... 29
گ. ئابدۇرېھىم ..................سۆيۈملۈك سەن شۇنچە، تۆھپەك بەك ئۇلۇغ...... 30
ز. پاكزات ......................ئانا سەھرايىم........................................ 31
ھ. مامۇت .........................ئىككى لىرىكا............................................ 32
ئە. داۋۇت .........................تىكەنلىك مىسرالار....................................... 33
ب. زەپەر.........................سەنمۇ بەرگىن كۆڭلۈڭنى ............................. 34
ئا. سۇلايمان.......................غەزەللەر........................................... 98
ت. ھۇسەيىن.......................شېئىرلار ............................................. 103
ئا. خېۋىر ........................قۇياش ھىممىتىدىن ھاياتتا مىڭ رەڭ.............. 105
م. بارى............................كەتتى ئۇ بالىلىقىم مېنى تاشلاپ.................. 107
ئا. ئابدۇخېۋىر.....................نەزمىلەر ............................................. 108
ئا. ھېكىمى ......................قىلايلى تاقەت .......................................... 109


## گۈلىستاندىن گۈل دەستە


ت. مەنسۇر .......................چۆلدە ئېچىلغان گۈل (ئەدەبىي ئاخبارات)... 110
" "..............................ناماقۇللۇق (ھېكايە) .............................. 119

گ. سىدىق ......... كۆيۈۋاتقان شام (ھېكايە) ......... 122
ئا. يۈسۈپ ......... سۇ ئىچمەي كۆكتۆلدىن كۆكتۆل (شېئىر) ......... 133
ئا. زەۋقىي ......... ئىككى شېئىر ......... 134
ر. ماھمۇت ......... خىياللىرىم ئۇزەر سامادا (شېئىر) ......... 134
م. ۋەلىيېۋ ......... مايتاغ دېسە (شېئىر) ......... 135
ئا. مۇسا ......... خۇش چىراي ئىدىڭ (شېئىر) ......... 135
ن. مىجىت ......... يۇلغۇن چېچەكى (شېئىر) ......... 136
ن. مۇھەممەت ......... «كۈڭگا شېئىر» لار ئۇستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە (ئوبزور) ......... 136


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


م. مەخسۇت ......... ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ......... 145


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


ۋىلىيام سومېرسېت مائۇگھام ...... چۈشلۈك تاماق (ھېكايە) ......... 157


مۇقاۋىدا: تاغ ۋە دەريا ...... سۇماۋچۇن فوتوسى

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ، مۇختارلار ئىشلىگەن

# ئۈمىد چېچەكلىرى

2

غەيرەت ئاسىم

## كونا گىلەم

(ھېكايە)

تىرىشچان كىشىلەرلا تاڭ پەيزىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ. مۇختار ئۇستام مانا مۇشۇنداق كىشى. يېقىملىق تاڭ شامىلى ھەر كۈنى مۇختار ئۇستام ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى يورۇق دۇنياغا يېتىلەپ چىقىپ ئۇلارغا ساپ ھاۋا، ئىللىق قۇياش، شۇنداقلا ھاياتقا بولغان ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ.

مۇختار ئۇستام ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ تەھارەت ئالدى. ئوغلى ئۈمىد بولسا قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ، چاي قايىنىتىۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنى ساقلاپ تۇردى. مۇختار ئۇستام تەرەتنى ئېلىپ بولۇپ ئوغلى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقىدى. نامازدىن كېيىن بىر داستىخاندا چاي ئىچتى. ئاندىن كىچىك ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۆيدىن چىقىشتى.

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى، مۇختار ئۇستام ياماقچىلىق ئوقىتى بىلەن ئائىلىسىنى بېقىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ئوغلى ئۈمىد ئون يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ ھۈنەر ئۆگەنگەنىدى. بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەن ئون بىر باھار ئۈمىدنى يىگىت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مۇختار ئۇستام ئوغلىنىڭ ھۈنەرنى تولۇق ئۆگىنىلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ پەقەت ئەمگەك — ھۈنەرلا ئىنساننى ئەۋلاددىن ئەۋلادقا ئۇلايدۇ دەپ ئىشىنەتتى.

ئۈمىد دادىسىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. يېقىندىن بېرى مۇختار ئۇستامنىڭ ئاشقازان كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغانىدى، دوختۇر ئۇنىڭغا چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانمىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ بىر نەچچە قېتىم نەسىھەتمۇ قىلدى. لېكىن مۇختار ئۇستام دوختۇرنىڭ نەسىھەتىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. داۋالىنىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلەرگە ئۇ «بەندىنىڭ جېنى خۇدانىڭ قولىدا، ۋاقتى سائىتى يەتسە، خۇدا ئۆز ئامانىتىنى ئالىدۇ» دەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ داۋالانغۇسى يوقمۇ ئەمەستى، لېكىن ئۇنىڭدا يېتەرلىك ئىقتىساد بولمىغانلىقتىن، ئۆزىگە كۆيۈنۈپ مەسلىھەت بەرگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەيتتى. لېكىن ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى ئاغزىدىن چىقارغاندا ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇق باسقان يۈزى بىردىنلا ئوساللىشىپ كېتەتتى.



ئۈمىد غالتەك ھارۋىسىنى
قىچىرلاتقىنىچە دادىسىنىڭ ئال-
دىدا كېتىۋاتاتتى. ئۈمىد دەس-
لەپتە دادىسىنىڭ كەسپىنى كۆ-
ڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن بولسىمۇ
ئەمما بارا - بارا ئۇنىڭدامۇزدۇز-
لۇقتىن كۆڭلى سوۋۇۋاتقاندەك
بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى.
كېيىنرەك ئۇ ئاغىنىلىرى ئارق-
لىق دادىسىغا بۇنىڭدىن كېيىن
ياماقچىلىق قىلمىسام، دېگەن تە-
لىپىنى يەتكۈزگەنىدى، لېكىن
دادىسى ئۇنىڭغا:

— سەن ھارىمى ئەگەر بىر قەدەم
قىڭغىر دەسسەيدىكەنسەن، پۇتۇڭنى چې-
قىپ ئۆيدىن تالاغا چىقالماس قىلىپ قو-
يىمەن، — دېدى قەتئىي تۇردە.

ئۈمىدنى ئاتا كەسپىدىن ۋاز كېچىش-
كە تەسىر قىلغان نەرسە ئىككى قولىنى
بۇرنىغا تىقىپ گۇاڭجۇغا بېرىپ، سومكا-
سومكىلاپ پۇل ئەكىلىپ بىردىنلا باي بو-
لۇشۇپ كەتكەن ئەل - ئاغىنىلىرى ئىدى.
كىچىك ۋاقىتلىرىدا بىر ئالما تاپسا تەڭ
يەيدىغان بۇ ئاغىنىلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاش
باغلاردا، دوقمۇشلاردا، تويلاردا ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كۈننى كەچ قىلىشنى خالىماي-
دىغان بولۇپ قالغانىدى. پۇل — بايلىق
ئۇلارنى كونا ئاغىنىلىرىنى تاشلاتقۇزۇپ،
ئۆزلىرىگە ئوخشاش پۇل تاپقان يىگىتلەرگە
قېتىپ، ئۇلارنى كوفىخانىغا ئەكىرىپ،
باشقا بىر خىل ئالىي تۇرمۇشقا ئادەتلەن-
دۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ ئىش ئۈمىدنى تېخى-
مۇ بەتتەر ئازابلايتتى.

ئۈمىد چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقانسېرى
ئەتراپىدىكى ئىشلارغا قاراپ نۇرغۇنلىغان
خىياللارنى قىلاتتى. كىشىلىك ھاياتتىكى
شېرىن ئارزۇ - خىياللارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا
بىردىنبىر تىرەك - يۆلەك ئاتا - ئانىمۇ،
ئەل - ئاغىنىمۇ ياكى پۇلمۇ؟...

مۇختار ئۇستام بالىسىغا ئەگىشىپ
تۆت كوچىنىڭ چېتىدىكى بوش يەرگە
كەلدى. ئۈمىد غالتەك ھارۋىسىنىڭ ئۈس-
تىدىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ مەيداننى سۈ-
پۈرۈشكە باشلىدى. تۆت كوچىدىكى مۇشۇ
كىچىككىنە بوش يەردە، مۇختار ئۇستام
10 نەچچە يىلدىن بېرى موزدۇزلۇق قى-
لىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز
دۇكىنىمۇ يوق ئىدى. قىش - ياز تالادا
ئىش قىلاتتى. لېكىن ئۇ ھاياتقا بولغان
ئىشەنچ - ئۈمىدنى يوقاتمىغانىدى.

ئۈمىد مەيداننى سۈپۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن، ھارۋىنىڭ ئۈستىدىن كىچىك سان-
دۇقلارنى يەرگە ئېلىپ، ياماقچىلىقتا ئىش-
لىتىدىغان ماتېرىياللار بىلەن جابدۇقلارنى
ساندۇق ئۈستىگە رەت - رېتى بىلەن تىزىپ،
دادىسى بىلەن بىرلىكتە يىغىلىپ قالغان
ئاياغ كىيىملەرنى تىكىشكە باشلىدى.

ئارىدىن ئانچىكى ئۆتمەيلا، مۇختار
ئۇستامنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ياماقچىلىق
قىلىدىغان نىياز ئۇستامۇ غالتەك ھارۋى-
سىنى ئىتتەرگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇختار ئۇستام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ نىياز ئۇستام!

— بۈگۈن مەن يەنە كېچىكىپ قاپتىمەن، — دېدى نىياز ئۇستام، — ئەسلى مەن بۈگۈن سەھەر كېلىپ مەيداننى ئۆزۈم سۈپۈرەي دېۋىدىم، يەنىلا كېچىكىپ قاپتىمەن!

— يەر سۈپۈرۈش قانچىلىك ئىش ئىدى، ھە، بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ ئۈمىدكە قويۇپ بېرەيلى، ئۇ ياش بولغاندىن كېيىن، جىققىراق ئىشلىسۇن، — دېدى مۇختار ئۇستام.

نىياز ئۇستام ھارۋىدىن ماتېرىياللىرى بىلەن جابدۇقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئىشنى باشلىدى.

يېقىن ئەتراپتىن جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۈمىد بېشىنى كۆتۈرۈپ يول تەرەپكە دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى. تولىمۇ چىرايلىق بېزەلگەن بىر خادىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى.

— مۇختار ئۇستام، ئاشقازىنىڭىز قانداق بولۇپ قالدى؟ — نىياز ئۇستام ئىشتىن باش كۆتۈرمەي تۇرۇپ سورىدى.

— قانداق بولاتتى دەيسىز، يەنە بۇرۇنقىدەك، بىردەم ئاغرىيدۇ، بىردەم ساقىيىدۇ. خۇدايىم شىپالىق بەرسە ياخشى بولۇپ قالارمەن.

— مېنىڭچە سىز بىر مەزگىل يېتىپ دەم ئالسىڭىز بولاتتى، سىزنىڭ يوقلىقىڭىزنى ئۈمىد چاندۇرمايتتى.

— شۇنداق قىلسام بولاتتى، بىراق ئۆيدە ياتسام زېرىكىپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن بازارغا چىقىپ ئىش قىلغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ.

— ھە راستىن سىزنىڭ ھېلىقى ئانارگۈل ئۇسخىلىق كونا گىلىمىڭىز ئۆيدە بارمۇ؟! — دېدى نىياز قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ.

— بار، قانداق دەيسىز؟

— ياخشى، ھەرنېمە بولسا ئۇنى يوقىتىپ قويماپتىكەنسىز! مانا ئەمدى ئىشىڭىز ئوڭىدىن كېلىدىغان بولدى. تۈنۈگۈن كەچتە دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇراتتىم، قاراڭ، ئىككى چەت ئەللىك ماڭا قاراپ ئۇدۇللاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار پاكىستانلىق ساياھەتچىلەر ئىكەن، ئۇلار قېشىمغا كېلىپ، مەندىن ساتىدىغان كونا گىلەم بارمۇ، دەپ سورىدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا گاڭگىراپ قالدىم، قاراڭ، ئۇلار كونا گىلەملەرنى ئېلىپ نېمە قىلار دەيمەن ئىچىمدە. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدىم. ئۇلار ئۆيدىكى كونا گىلەمنى كۆردى. ئۆتكەن يىلى بىز دەريا بويىغا ئوينىغىلى بارغاندا ئاپارغان ھېلىقى كونا گىلەم يادىڭىزدا باردۇر. شۇ گىلەم، ئىككى پاكىستانلىق گىلەمنى ھە دېگەندىلا ئالتە مىڭ سوم قىلدى، مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدىم، ئەگەر ئۇ گىلەمنى بازارغا ئەچىقسىڭىز ئاتمىش سومغىمۇ ئالمايدۇ دەڭە، شۇنىڭ بىلەن مەن گىلەمنى قاتلاپ ئۇ ئىككىسىگە تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇلار ماڭا ئالتە مىڭ سوم پۇلنى نەق ساناپ بېرىپ كەتتى. مەن كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم، ھېلىقى ئىككى پاكىستانلىق ھايال ئۆتمەي يەنە يېتىپ كەلدى. قاراڭ، مەن ئىچىمدە كەلگەن ئامەت قاچىدىغان بولدى - دە، دەپ بىر قىسما بولۇپ كەتتىم، نەدىكىنى دەيسىز، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىمىز، سىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز، ئەل - ئاغىنىلىرىڭىزغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بىز ئانارگۈللۈك گىلەم بولسا ئالىمىز، ئەگەر ئۇلاردا كونا گىلەملەر بولسا، گىلەم بازىرىغا بېرىپ بىزنى ئىزدىسە

بولىدۇ. بىز بۇ يەردە خېلى تۇرىمىز، دەي-
دۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇ-
شال بولۇپ كەتتىم. قاراڭ، بىزنىڭ ئۆيىدى-
كىمۇ: خۇدايىم بىزگە بەردى، بالىلىرىمىز-
نىڭ تەلىيى بار ئىكەن، دەپ قىن - قى-
نىغا پاتماي قالدى. مۇشۇ كەمگىچە ئالتە مىڭ
سوم پۇلنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، بۇ ئۇكۇم-
مۇ، چۈشۈممۇ دەپ قالدىم قاراڭ! كېچە-
سى پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى، شۇنىڭ
بىلەن بىردىنلا سىزنىڭ ھېلىقى ئانار گۈل-
لۈك كونا گىلەمىڭىز ئېسىمگە كەلدى،
خوش، قانداق قىلىمىز مۇختار ئۇستام،
ئاشۇ گىلەمىڭىزنى ساتمايلىمۇ، ئۇ گىلە-
مىڭىزنى ئۇلار چوقۇم ياخشى پۇلغا ئال-
دۇ! — دېدى نىياز خۇشال بولۇپ.

ئۇمىد نىياز ئۇستامغا قاراپ ئولتۇر-
رۇپ قالدى.

— نىيازكا، سىزنىڭ ئاشۇ گىلەمىڭىز-
نىڭ چوڭلۇقى قانچىلىكتى؟ — دەپ سور-
دى ئۇمىد.

— توت گەز ئۇكام.

مۇختار ئۇستام ئوغلىغا قاراپ ئالىيىپ
قويدى.

— نىياز ئۇستام، ئىشقىلىپ ئامەتلا
بولسا ھەممىسى سىلىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.
مۇشۇ يىللاردا ئادەم ئاڭلىمىغان ئىشلارنى
ئاڭلايدىغان بولىدىغۇ تاڭ، خوش، ئۇلار
كونا گىلەملەرنى سېتىۋېلىپ نېمە
قىلىدىكىنا؟!

— ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە پاكىستانلىق-
لارنىڭ ھازىرقى بايلىرى ئۆز مال دۇل-
ياسىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغانلىقىنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆيلىرىگە مەخسۇس
كونا گىلەم ئېلىپ سالىدىكەن. ئۇلارنىڭ
ئېيتىشىچە، پاكىستاندىن باشقا ئەللەردىمۇ
مۇشۇنداق ئىشلار بار ئىكەن.

— ھە مۇنداق دەڭ، ئائىلە جەمەتىگە
شان - شەرەپ كەلتۈرىمىز دەيدىكەن - دە!
توغرا، نىياز ئۇستام، ئادەم دېگەن شۇ
پۇل تاپقاندىن كېيىن ھەممە ئىشلارنى
قىلغۇسى كېلىدۇ.

— قانداق، مۇختار ئۇستام، گىلىمى-
ڭىزنى سېتىۋېتەمدۇق! سىزنىڭ گىلىمى-
ڭىزنى ئۇنمىڭ سومدىن كەم ئالمايدۇ.

— ياق ساتمايمەن، نىياز ئۇستام،
ئۇلار ئائىلە جەمەتىگە شان - شەرەپ كەل-
تۈرسە، مەنمۇ ئائىلەمگە شان - شەرەپ كەل-
تۈرىمەن، ئۇلارغا كېرەك نەرسە ماڭىمۇ
كېرەك، بۇ گىلەم ماڭا دادامدىن قالغان،
مەنمۇ ئۇنى بالامغا قالدۇرۇشۇم كېرەك.
شۇڭا مەن ئۇنى ساتمايمەن.

— ئەخمەقلىق قىلماڭ، مۇختار ئۇستام،
سىز بىر گىلەم بىلەن ئاتا - ئانىڭىز روھى-
نى خۇش قىلالمايسىز. قولىڭىز پۇل كۆر-
سە، تۇرمۇشىڭىز ياخشىلىنىدۇ. دادىڭىزنىڭ
روھىمۇ خۇشال بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى
نىياز.

— ئىش سىز دېگەندەك بولمايدۇ
ئۇستام، دادامنىڭ روھى بىزنىڭ ئۆيدە،
شۇنداق، ئاشۇ گىلەمدە، ئەگەر مەن ئۇ
گىلەمنى پۇلنى دەپ سېتىۋەتسەم، دادام-
نىڭ روھى بىزنىڭ ئۆيدىن غايىب بولىدۇ
دېگەن گەپ، دادامنىڭ روھى ئۆيدىن يو-
قالسا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ كەينىگە چې-
كىنىدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئىشلارنى
ئويلىمايسىز؟

— ئوغۇ شۇنداق، مۇختار ئۇستام،
مەن سىز دېگەن گەپلەرنى بىلىمەن، لې-
كىن مەن سىز ئۈچۈن غەم قىلىۋاتىمەن.
سىزنىڭمۇ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، لېكىن

بۇ ئىشتا مەنمۇ بىر نىمىلەرنى ئويلاۋاتقىمەن. بەزى نەرسىلەرگە بەك چىڭ ئىسىلىۋالساق بولمايدۇ ئۇستام، قازاندىكى بارى بىلەن ھىسابلاشمىساق بولمايدۇ، ــ دېدى نىياز ئۇستام ئەستايىدىللىق بىلەن.

ــ مەنغۇ سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن ئۇستام. سىز مەن ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىسىز، لېكىن مەن گىلەمنى ھەرگىز قولۇمدىن چىقىرىۋەتمەيمەن!

ــ بولىدۇ ئەمىسە، ــ دېدى نىياز ئۇستام، ــ مەن پەقەت سىزگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپلا قويدۇم، گىلەمنى سېتىش - ساتماسلىقنى ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.

بىر خېرىدار سومكىسىدىن بىر جۈپ ئاياغ كيىمنى ئېلىپ مۇختار ئۇستامنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

چۈشتە، مۇختار ئۇستام ئۆيىگە چاي ئىچكىلى كەتكەندە ئۆمىد نىياز ئۇستامدىن:

ــ نىيازكا، بىزنىڭ ئۆيىدىكى ئاشۇ كونا گىلەمنى ئاشۇنچىلىك جىق پۇلغا ئالامدىكەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەگەر ساتىدىغان ئىش بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇلغا ئالىدۇ. بىراق داداڭ ساتمايمەن دەيدۇ، ئامال يوق - تە ئۇكا!

ــ نىيازكا، ھېلىقى ئىككى پاكىستانلىقلار كەلگەندە سىز ئۇلارنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ گىلەمنى كۆرسىتىپ باقسىڭىز بوپتىكەن!

ــ ئۇنىڭدا چاتاق يوق ئۇكام، بىراق داداڭ ساتمايمەن دېدى ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى نىياز ئۇستام ئۆمىدنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ــ بىز ئالدى بىلەن گىلەمنى ئۇلارغا باھالىتىۋالايلى، قالغان ئىشلارنى ئاستا-ئاستا كەلتۈرەمەيمىزمۇ!

ــ بولىدۇ. ئەمىسە، ئۇلار كەلگەندە مەن سىلەرنىڭ ئۆيگە ئاپىراي.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆمىد بىلەن نىياز ئۇستام مۇختار ئۇستامدىن ئوغرىلىقچە ھېلىقى ئىككى پاكىستانلىقنى مۇختار ئۇستامنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. بۇ ئىككى پاكىستانلىق نىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىدىكى كونا گىلەمنى كۆرگەندىن كېيىن بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆز تىللىرىدا بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ ئاخىرى گىلەمنى ئون ئۈچ مىڭ سوم قىلدى. ئۆمىد ھەيران بولدى، ۋۇجۇدى شادلىققا تولدى. چۈنكى بۇنچىلىك پۇلنى ئۇ ياماقچىلىق بىلەن ئۆمۈرۋايەتمۇ تېپىشى تەس ئىدى - دە، ئەمما ئۆمىد دادىسىدىن ئوغرىلىقچە بۇ گىلەمنى قانداق ساتسۇن.

ــ ھە، ئۇكا، ئەمدى بىز بۇلارنى قانداق يولغا سالىمىز؟ ــ دېدى نىياز ئۇستام ئۇقايسىزلانغاندەك بولۇپ.

ــ ھازىر دادام ئۆيدە يوق، مەن گىلەمنى ئۆز ئالدىمغا ساتالمايمەن، دادام بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىدۇ. گىلەمنى شۇ ۋاقىتتا ساتساق! ــ دېدى ئۆمىد ئىككى پاكىستانلىققا.

ئىككى پاكىستانلىق ئۆمىدنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، گىلەمگە يەنە ئىككى مىڭ سوم قوشۇپ بەردى.

ــ بولمىسا ئۇكا سېتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرمامسەن، داداڭمۇ بىر نىمە دەپ كەتمەس، يامىنى كەلسە ئازراق تىل ئاڭلايسەن شۇ. ئون بەش مىڭ سوم ئاز پۇلمۇ ئۇكا. سەن بىلەن بىز ئۆمۈر بويى ئىشلەپمۇ مۇشۇنچىلىك پۇل تاپالمايمىز دېگىنا! ــ

دېدى نىياز ئۇستام ئۇمىدنى تالاغا
ئەپچىقىپ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق نىيازكا، لېكىن
دادامدىن ئوغرىلىقچە قانداق ساتىمەن،
دادامنىڭ مىجەزىنى بىلىسىز. ئۇنىڭ ئۇسـ
تىگە ئۇ ئاغرىدىق، مەن ئۇنى ئاسرىمىسام
بولامدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئىككى چەت
ئەللىكنى يولغا سالايلى، قالغان ئىشنى
مەسلىھەتچە بىر نېمە دېمەيمىزمۇ؟

ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇچرىـ
شىشىدىغان بولۇپ ئىككى پاكىستانلىقنى
يولغا سېلىپ قويدى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇمىد
خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولدى.
ئۇنى ئون بەش مىڭ سوم پۇل قاتتىق
ئازابلاۋاتاتتى. بۇ پۇل بىلەن خېلى ئىشلارـ
نى قىلغۇسى بار ئىدى. بىر كۈنى كەچتە
ئۇ جۈرئەت قىلىپ دادىسىغا گىلەمنى سېـ
تىش توغرىسىدا گەپ ئاچتى.

ــ مەن بۇ گەپنى ئۆتكەندە تۈگەتـ
كەن ئوغلۇم، بىز بۇ گىلەمنى سېتىۋەتسەك
بولمايدۇ. سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇن
ئىشلارنى ئۇقمايسەن. مەن ساڭا بىرلا ئېغىز
گەپ قىلاي، بۇ گىلەم بىزنىڭ ئائىلىمىزـ
نىڭ ئەڭگۈشترى ھېسابلىنىدۇ. بۇ گىلەم
قولدىن چىقىپ كەتسە، بىزدىن ئامەت،
بەرىكەت قاچىدۇ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلـ
دىن بېرى تۇرمۇشىمىز خېلى ياخشى بولۇپ
قالدى، راست بىز يەنىلا كۈنلۈكىمىزنى
كۈندە تېپىپ يەپ كېتىۋاتىمىز. لېكىن
ئاچ قالمىدۇق، يالىڭاچ قالمىدۇق، بىز مۇـ
شۇ كۈنلەرگە شۈكرى قىلساق بولىدۇ.
ئادەم تۇرمۇشتا يىلتىزىدىن ئايرىلىپ قالـ
سا بولمايدۇ ئوغلۇم، مېنىڭ يىلتىزىم مېـ
نىڭ دادام، سېنىڭ يىلتىزىڭ مەن ــ مانا
بۇ كونا گىلەم بىزنىڭ يىلتىزىمىزغا ۋەكىلـ
لىك قىلىدۇ، ئەگەر بىز بۇ گىلەمنى سېتـ
ۋەتسەك، ئۆزىمىزنىڭ يىلتىزىنى سېتىۋەتـ
كەن بولىمىز، سەن ئويلاپ باق، بالام،
يىلتىزى يوق ئادەمنىڭ تۇرمۇشى قانچـ
لىك مەنىلىك بولار؟ سەن نىياز ئاكاڭ
بىلەن ھېلىقى ئىككى پاكىستانلىقنى ئۆيگە
ئەكىلىپ گىلەمنى كۆرسەتكەن ئىشىڭنى شۇ
ۋاقىتتىلا ئاڭلىغان، توغرا بالام، سەنمۇ بىر
نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، ئون بەش مىڭ
سوم دېگەن ئاز پۇل ئەمەس، بىزلۇپمۇ بىز
ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، لېكىن
بىز گىلەمنى سېتىۋەتسەك زادىلا بولمايدۇ،
مېنىڭ گېپىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت بالام،
ئەر كىشى پۇلنى دەپ خىيالغا كەلگەن
ئىشنى قىلىۋەرسە بولمايدۇ. پۇل ھەممە
ئادەم ئۇچۇن تاتلىق نەرسە، لېكىن ئادەم
ئۆزىنىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلىمەن دەپلا
ياشىسا بولمايدۇ. بەلكىم سەن گىلەمنى
سېتىۋېتىپ شۇ پۇل بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ
ئوقەت قىلغۇڭ باردۇ، لېكىن ھۈنەرۋەن
ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ توغرا يول ئەمەس،
بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھۈنەر بىزنىڭ قاـ
چىمىزغا تاماق كەلتۈرىدىغان ئەڭگۈشتەر،
بىزنىڭ كەسپىمىز ناھايىتى ياخشى كەسىپ
بالام، بىز باشقىلارنىڭ ئاياغ كىيىمىنى ياـ
ماپ بېرىش بىلەن كىشىلەردىن ساۋاپ ئالـ
مىز. دېمەك بىز ھالال ئەمگەككە تايىنىپ
جان باقىمىز، بىزنىڭ كەسپىمىز ھۈرمەتكە
سازاۋەر كەسىپ، شۇڭا بىز ئۆزىمىز ئۆزىـ
مىزنى كەمسىتسەك بولمايدۇ. مانا بۇ بىزـ
نىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزدىكى
ئاساسلىق نەرسە، خوش، ئوغلۇم، بۇنىڭدىن
كېيىن گىلەم ساتىمىدىغان ئىشنى ئىككىنچى
ئېغىزىڭغا ئالما! ــ دېدى مۇختار ئۇستام

سەممىي ئاھاڭدا.

ئۈمىد دادىسىنىڭ ئالدىدا زۇۋانىمۇ سۈرمەي، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. دادىسىنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆيدىكى ئاشۇ ئون بەش مىڭ سومغا ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇۋاتقان كونا گىلەم يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر پۇلغىمۇ ئالمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، يۈرىكى يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك ئېچىشاتتى.

ئۈمىد يەنە ھەر كۈنى تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى كونا جايىدا بېشىنى كۆتۈرمىگەن ھالدا ياماقچىلىقىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئاندا - ساندا چىرايلىق ياسىنىپ يولدىن ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنى كۆرگىنىدە ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئېچىشىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ قىزىل پۆپۈكلۈك لېنتا، ھەيۋەتلىك مىس قوڭغۇراقلار بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق خادىكلار كوچىدىن ئۆتكەنىدە، ئۈمىد ئەنە شۇ خادىكقا ۋە خادىك ئۈستىدە مەغرۇرانە ئولتۇرۇشقان قىز - چوكانلارغا ئاجايىپ بىر ھەۋەس ۋە ئەلەم بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ قالاتتى. چۈنكى تۇرمۇش پەقەت ئۇنىڭغا كىنولاردىلا ئاشۇنداق چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىدىغاندى خالاس. مۇشۇنداق بىر خادىككە ئىگە بولۇپ يېڭى، باشقىچە بىر خىل تۇرمۇش كەچۈرۈش بولسا، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

مېنىڭ بىر نامرات قوشنام بار ئىدى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چېغىدا ماڭا: «مۇھەببەت باي كىشىلەرنىڭ ئىشى ئىكەن» دېگەنىدى، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن خاپا بولغانىدىم، مېنىڭچە ئۆز غۇرۇرىنى يوقاتقان كىشىلەرلا تۇرمۇشقا شۇنداق كۆز قاراشتا بولاتتى، قوشنام ماڭا مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا ياخشىراق گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى باي كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى نىسبىتى ناھايىتى ئاز، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ گۈزەل ھېسسىيات پەقەت ئاشۇنداق ئاز سانىدىكى كىشىلەرگىلا تەئەللۇق بولىدۇ؟ نامرات كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مۇھەببەتكە ئىگە بولالمايدۇ؟ مۇھەببەت بارلىق كىشىلەرگە مەنسۇپ ئىدىغۇ؟!

نىياز ئۇستام كونا گىلەم پۇل بولىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈمىدنىڭ بىر خادىككە ئىگە بولۇش غايىسى ئۇنىڭ ياش قەلبىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئازابلاشقا باشلىدى، بەزىدە ئۇ خادىككە ئىگە بولۇپمۇ چۈش كۆرەتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇختار ئۇستام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، بىر كۈنى چۈشتە، مۇختار ئۇستامنىڭ ئاكىسى بىلەن ھەدىسى ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

— دوختۇر بالنىستا يېتىپ داۋالىنىڭ دېگەن بولسا ئۇكام بالنىستا يېتىڭ! — دېدى مۇختار ئۇستامنىڭ ھەدىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ياخشى بولۇپ قالىمەن ھەدە، ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق بولغان، بىر مەزگىل يېتىپ دەم ئالسام ساقىيىپ قالىمەن، — دېدى مۇختار ئۇستام پەس ئاۋاز بىلەن.

— ئىنىم مۇختار، — دېدى ئاكىسى، — ماڭا ئۈمىد ئانار گۈللۈك كونا گىلەمنى سېتىۋېتەيلى، سەن دادامغا دەپ باقساڭ دەپ بىر نەچچە قېتىم دېگەنىدى، مانا ھازىر

ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىڭ، داۋالىنىشىڭغا پۇل كېرەك، ئاشۇ گىلەمنى سېتىۋېتەيلى ئوكام، شۇ پۇل بىلەن كېسىلىڭنى ياخشىراق داۋالايلى!

— ئاكا، — دېدى مۇختار ئۇستام ئاكىسىغا قاراپ، — مەن گىلەمنى ساتالمايمەن، مېنىڭدە دادامدىن قالغان ئاشۇ گىلەمدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، مېنىڭ كېسىلىمگە كەلسەك، ئەگەر يەيدىغان رىسقىم بولسا ساقىيىپ قالارمەن، رىسقىم تۈگىگەن بولسا خۇدا ئۆز ئامانىتىنى ئالار.

— كېپىمگە قولاق سال ئوكام، — دېدى مۇختار ئۇستامنىڭ ئاكىسى يىغلاپ تۇرۇپ، — گىلەمنى سېتىۋېتەيلى، دادامدىن قالغان نەرسىلەردىن مەندە خېلى بار، ئۇلاردىن مەن ساڭا بېرەي، گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى ئوكام، بۇ ئىشقا كەلگەندە مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىل. ئۆز ۋاقتىدا دادام تۈگەپ مىراس بۆلۈشكەندە مەن ساڭا ئەسكىلىك قىلدىم، دادامدىن قالغان پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئېلىۋالدىم، ساڭا پەقەت ئاشۇ بىر پارچە گىلەمنى بەرگەنىدىم. مەن سېنىڭ ئاكاڭ تۇرۇپ ئاكىغا لايىق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. سىڭلىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا گۇناھلىقمەن، مېنى كەچۈرۈڭلار... خۇدايىم ئاخىرقى ھېسابتا دىلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە بېرىدىكەن، «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چۇماق» دېگەندەك ئۆز ۋاقتىدا مەن كۆزگە ئىلمای ساڭا بېرىۋەتكەن كونا گىلەم بۈگۈنكى كۈندە ئون بەش مىڭ سوملۇق قىممەتلىك مالغا ئايلىنىپتۇ. مېنىڭ كېپىمگە كىر ئوكام، گىلەمنى سېتىۋەت. گىلەمنىڭ پۇلىغا كېسىلىڭنى داۋالتايلى!

— ئاكا، — دېدى مۇختار ئۇستام پەس ئاۋاز بىلەن، — گىلەمنى قولۇمدىن ھەرگىز چىقىرىۋەتمەيمەن، ئۇ گىلەمدە دادامنىڭ روھى بار! مەن ئۇنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلايمەن.

— بولدۇ ئەمىسە، — دېدى مۇختار ئۇستامنىڭ ئاكىسى ئېغىر تىنىپ، — ئەمىسە سەن دوختۇرخانىغا بېرىپ بالنىستا يېتىپ داۋالانغىن، پۇلىنىڭ ئىشىنى بىر ئامال قىلارمىز!

ئاكا - سىڭىل شۇنچە ياخشى گەپ قىلىپمۇ مۇختار ئۇستامنى قايىل قىلالمىدى، ئاخىرى ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن خاپا خوشلاشتى.

كۈنلەر يەنىلا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى، مۇختار ئۇستامنىڭ كېسىلىمۇ كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى، بىر كۈنى ئۈمىد نىياز ئۇستامغا:

— نىيازكا، دادامنىڭ كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن گىلەمنى سېتىۋېتىپ، دادامنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىتايمىكىن دەيمەن! — دېدى.

— ھەي ئوكا، — دېدى نىياز ئۇستام ھەسرەت چېكىپ، — ئەسلىدە باشتىلا مۇشۇنداق قىلساق بولاتتى، ئەمدى بۇ گىلەمنى ئوغرىلىقچە سېتىۋەتسەك، داداڭ بىلىپ قالسا بىر ئاغرىقى ئىككى بولىدۇ ئوكام، قاراپ تۇرۇپ ياخشى ئىشنى يامان ئىشقا ئايلاندۇرۇۋالمىدۇق قانداق؟!

مۇختار ئۇستام بالنىستا يېتىپ داۋالىنىشقا زادىلا ئۇنىمىدى، قۇياش كائىناتنى قايتىدىن يورۇتۇۋاتقان گۈزەل بىر سەھەردە ئەزرائىل بىر ئاق كۆڭۈل بەندىسىنى قاراڭغۇ باغرىغا سولىدى.

ئۈمىد دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە تالاغا

www.uyghurkitap.com

چىقمىدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى ھايات ۋە تۇرمۇشنى باشقىدىن چۈشىنىش ۋە ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇنداق ئويلاش ۋە چۈشىنىش ئۇنى مەيلى ھاياتلىق، مەيلى ئۆلۈم بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا بەلگىلەيدۇ دېگەن قاراشقا كەلتۈرگەندى. لېكىن، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رېئال دۇنياغا نەزەر تاشلىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتالمىش يېڭى بايقاشلىرىنى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ دادىسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن تۇرمۇش تەشۋىشلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئۈمىد بازارغا چىقمىدى. دادىسى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتكەن مەبلەغلەرمۇ تۈگەپ قالغانىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ياماقچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، باشقا بىر خىل يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈش قارارىغا كەلدى.

بىر كۈنى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۈمىد ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ گىلەم سېتىش توغرىسىدىكى ئويىنى ئېيتتى.

— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا بالام، سەن بولساڭ بىر ھۈنەرۋەن، سېنىڭ ھۈنىرىڭ بىلەنمۇ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزەلەيمىز، داداڭنىڭ روھى قورۇنمىسۇن بالام، گىلەمنى ساتىمەن دېمە،— ئۈمىدنىڭ ئاپىسى يىغلىغۇدەك بولۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. ئۈمىد ئاپىسىغا گەپ يېگۈزەلمىگەندىن كېيىن چوڭ دادىسىغا بېرىپ يالۋۇردى.

— مەن ئاشۇ گىلەمنى جەزمەن ساتىمەن، چوڭ دادا، مەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىمەن، مەن دادام بىلەن ئون يىل ياماقچىلىق قىلدىم، ئەمدى بولدى، مەن ئەمدى ياماقچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان ئىشنى تاشلايمەن، ئۇ گىلەمنى ئون بەش مىڭ سومغا ئالىدۇ، بۇ خۇدادىن كەلگەن ئامەت، مەن بۇ پۇلغا بىر خادىك ئېلىپ، كىراكەشلىك قىلىمەن. قىسقىسى، مەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىمەن!

ئۈمىدنىڭ چوڭ دادىسى ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، بۇنداق قىلساڭ داداڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالارمىكىن!— دېدى.

— ئەمىسە مەن دادامنىڭ روھىنى قورۇنغۇدەك دەپ بىر ئۆمۈر ياماقچىلىق قىلامدىم؟ ئەگەر مەن گىلەمنى سېتىۋەتسەم دادامنى ئۇنتۇپ قالغان بولامدىم؟ مەنچە ئۇنداق ئەمەس چوڭ دادا، مەن باشقىچە بىر خىل يېڭى تۇرمۇش كەچۈرىمەن، ئاپامغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن گىلەمنى ساتقىنىم ساتقان!

ئۈمىدنىڭ چوڭ دادىسى بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭ ئاپىسىغا يەتكۈزگەندە ئۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

ئۈمىد دېگىنىنى قىلدى. نىياز ئۇستام بىلەن بىرلىكتە ھېلىقى ئىككى پاكىستانلىقنى ئىزدەپ تېپىپ، گىلەمنى ئۇلارغا ساتتى.

— خۇداغا مىڭ رەھمەت نىيازكا، ئەمدى مەن ياماقچىلىقتىن قۇتۇلدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىر خادىكنىڭ ئىگىسى بولىدىغان بولدۇم. يېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلايمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ھەر كۈنى سىزنى ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قويىمەن!— دېدى ئۈمىد خۇشاللىق بىلەن.

— خۇدا تىلىگىنىڭنى بېرەر ئۇكام، داداڭ رەھمەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى،

ئەمدى، ئۆيىنى باقىدىغان ئىش ساڭا قالدى، دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا ياخشى ياشا ئۇكا! ـــ دېدى نىياز ئۇستام.

ئۇمىد چوڭ دادىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن خادىك ئېلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، ئۇنى گۇاڭجۇغا كەتكەن ئاغىنىسى ئىزدەپ كەلدى.

ـــ يۈر ئۇمىد، بىز كوفىخانىغا بېرىپ ياخشى بىر ئويناپ كېلەيلى! ـــ ئىنايەت ئۇنىڭ بالا چېغىدىن باشلاپ بىللە ئۆسكەن ئاغىنىسى ئىدى، ئۇ گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلىۋاتقىلى تۆت يىل بولغانىدى.

ئۇلار شەھەردىكى ئەڭ كۆركەم كوفىخانىغا كىردى، ئىنايەت كۈتكۈچى قىزغا شاراب بۇيرۇدى.

ـــ ئىككىلەنمە ئاداش، ئىككىمىز گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلايلى، قولىمىزغا پۇل چۈشكەندىن كېيىن، ھەممە ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىدۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئۆز ۋاقتىدا گۇاڭجۇغا بارغاندا قولۇمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ھازىر قاراپ باقە، كۈنۈم ياخشى، يېڭىمدىن نەچچە ئېغىز ئۆي سالدىم، كىچىك ماشىنا ئالدىم، يەنە بىر قورۇ ـ جاي سېتىۋالدىم، مانا بۇنىڭ ھەممىسى ئوقەتنىڭ پايدىسى. سەندە ھازىر ھېچ بولمىغاندا ئون بەش مىڭ سوم دەسمايە بار ـ دە، ئۆز ۋاقتىدا مەن گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلغاندا ئەگەر مۇشۇنچىلىك پۇل بولغاندا ھازىر مەن مۇشۇ شەھەرنى سېتىۋالغۇچىلىك پۇل تاپقان بولاتتىم، قانداق، گۇاڭجۇغا بارامدۇق!؟

ـــ مېنىڭ ئەھۋالىم ساڭا ئوخشىمايدۇ ئاداش، سېنىڭ داداڭنىڭ خىزمىتى بار، سېنىڭ ئۆي بىلەن كارىڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر مەن ئۆينى تاشلاپ كەتسەم ئۇلارغا كىم قارايدۇ؟ ـــ دېدى ئۇمىد مۈڭلىنىپ.

ـــ سەن بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بول. پۇل تاپقاندىن كېيىن ئاپاڭغا ئەۋەتىپ قويساڭ ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ! ئىككىلەنمە، گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلايلى! ـــ دېدى ئىنايەت.

ـــ راستىنى ئېيتسام مەنمۇ ئوقەت قىلغاچ گۇاڭجۇغا بېرىپ ئويناپ كەلگۈم بار ئىدى، بىراق مەن ئاپامغا كىراكەشلىك قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ قويدۇم. ئۇنداق دېمىسەم ئاپام گىملەمنى ساتقىلى ئۇنىمايتتى.

ـــ ئاداش، سەن بەك گۆدەك ئىكەنسەن، ھارۋىكەشلىك بىلەن سېنىڭ ئاشۇ ياماقچىلىقىڭنىڭ نېمە پەرقى بار؟! ئوغۇل بالا دېگەن قانداق قىلسام چوڭ ئىش قىلالايمەن دەپ باش قاتۇرغۇلۇق. خادىك ئالمەن دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرسىنا، ماشىنا ئالغۇڭ يوقمۇ؟ داداڭ قىشنى قىش، يازنى ياز دېمەي بىر ئۆمۈر ياماقچىلىق قىلدى، مانا بۇ تۆت ـ بەش تەڭگەڭنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتقان ئىش، مېنىڭ گېپىمگە كىر ئۇمىد، بىز بىرلىكتە گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلايلى!

ئۇمىد ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ ئەسلىگۇ ئاشۇ گۇاڭجۇ دېگەن شەھەرنى بىر كۆرۈپ كەلگۈم بار، بىراق ئاپام ئۇنىمايدۇ ـ دە! ـــ دېدى.

ـــ بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، سەن ئاپاڭغا خىراجەت قىلىپ تۇر دەپ مىڭ سوم قويۇپ قوي، ناھايىتى چىقسا ئات ئەكىلىمەن، دە، ئاندىن بىز ئاستاغىنە

www.uyghurkitap.com

گۇاڭجۇغا كېتىمىز، گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن ئاپاڭغا خەت يازسەن، ئىشنى مۇشۇنداق توغرىلايمىز! قانداق؟!

ئۇمىد بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى، ئىنايەت بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ ئوقەت قىلىدىغان بولدى.

يولغا چىققىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئۇ مىڭ سوم پۇلنى چاندۇرماي ئۆيدىكى ئۇن خالتىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ، ئاندىن نىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئاپامنى يوقلاپ تۇرارسىز نىيازكا، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن!—دېدى ئۇمىد سەمىمىي ھالدا.

— خاتىرجەم بول ئۇكا، مەن چوقۇم ئاپاڭنى پات-پات يوقلاپ تۇرىمەن، ھەي ئۇكا، يوقلاپ بىر ئىشلارغا كېتىپ بارسەن-دە، سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى بىلمەيسەن، بەزى گەپلەرنى ئېيتسامۇ قۇلىقىڭغا كىرمەيدۇ، مېنىڭچە سەن ئىنايەت بىلەن گۇاڭجۇغا بارمىساڭ بولاتتى، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋېرەي ئۇكا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ ئاسماندىكى غاز، سەن يەردىكى ئۆردەك، ئىككىڭلارنىڭ بىر يولدا بولۇشۇڭلار تەس، سەن بولساڭ بىر ھۈنەرۋەن، شۇڭا ئۆز ئىشىڭنى خاتىرجەم ئىشلىسەڭ بولاتتى، ھەي ئۇكا، ئەگەر داداڭ بولغان بولسا...—نىياز ئۇستام يىغلىۋەتتى.

ئۇمىد بىلەن ئىنايەت ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نىياز ئۇستام ئۇمىدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئۇمىدنىڭ گۇاڭجۇغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇمىدنىڭ ئاپىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاق كۆز يېشى قىلدى.

— ئالدىنقى كۈنى خېمىر يۇغۇراي دەپ ئۇن ئالسام خالتىدىن مىڭ سوم پۇل چىققاندا كۆڭلۈم تۇيۇۋىدى، ئۇ ئاخىرى بەڭباشلىق قىلىپتۇ-دە!

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمىد بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ئاپىسىغا ئېسەدەپ تۇرۇپ پۇلنى يوقىتىپ قويدۇم، دېدى.

— مەيلى بالام، يوقالغان بولسا يوقالغاندۇ، كۆڭلۈڭنى ئەسكى قىلما، ھەممىدىن ئۆزۈڭنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭ غەنىيمەت، — ئۇمىدنىڭ ئاپىسى ئوغلىغا ئۇشۇقچە گەپ قىلىشنى خالىمىدى.

كېيىنچە گۇاڭجۇدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمىد گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن ئىنايەتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ، قولىدىكى پۇلدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، ئىنايەت بولسا ئۇنى تاشلاپ باشقا شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇاڭجۇدا ئوقەت قىلىۋاتقان يۇرتداشلار پۇل چىقىرىشىپ ئۇمىدنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇمىد پۇلنى يوقىتىپ قويدۇم دېگەن گەپتە چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى ۋە چوڭ دادىلىرىمۇ ئۇنى ئۇشۇقچە ئەيىبلىمىدى، ئۇلار ئۇمىدنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. مال-دۇنيا ئادەمگە باقىۋەندە ئەمەس، ئادەملا بولسا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، دەپ قارايتتى. بىر كۈنى كەچتە نىياز ئۇستام ئۇمىدنى يوقلاپ كەلدى.

— بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ياشا ئۇكا، سەن ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ ياكى ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ، نېمە بۇ! كەتكەن ئىش كەتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنىڭ غېمىنى قىلساڭ بولىدۇ. ھازىر بىر ئۆي

سىنىڭ بېشىڭغا قالدى، ئازراق مىدىرلىمىساڭ بولمايدۇ. قانداق، ئەتە بازارغا چىقامسەن؟!

ئۆمەر نىياز ئۇستامغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

— يىغلىما ئوكا، خۇدا يىغىنى ئەرلەرگە بەرمىگەن. ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر كۈنلەر كېلىدۇ. سەن دېگەن ھۈنەرۋەن، باشقىلارغا ئوخشاش تۆت كوچىغا چىقىپ نېمە قىلسام بولار دەپ يۈرمەيسەن، ئىككىمىز بىرلىشىپ ياماقچىلىق قىلايلى ئوكا، يېقىندا مەن قورۇنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلەرنى كەستۈرۈپ تاختىيىدا بىر بوتكا دۇكان ياساتتىم، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ بولدۇم، ئىككىمىز شېرىكلىشىپ شۇ دۇكاندا ياماقچىلىق قىلايلى، بۇنىڭدىن كېيىن يامغۇردا قالدۇق، توڭلاپ كەتتۇق دەيدىغان ئىش بولمايدۇ. قانداق، ئاشۇنداق قىلامدۇق؟

— ماقۇل نىيازكا، ئەمدى مەن سىز بىلەن ياماقچىلىق قىلمايمۇ ئامالىم يوق، — دېدى ئۆمەر.

ئەتىسى سەھەردە، ئۆمەر دادىسىدىن قالغان جابدۇقلارنى ئېلىپ، غالتەك ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ تۆت كوچىدىكى نىياز ئۇستامنىڭ بوتكىسىغا كەلدى.

— بوتكىنى ناھايىتى ياخشى ياسىتىپسىز نىيازكا، — دېدى ئۆمەر بوتكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، — مەنمۇ سىز بىلەن بىللە ئىشلەي دەپ كەلدىم.

— ھە مانا، ماۋۇ گېپىڭنىڭ جېنى بار ئوكا، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ ئوكا، بىزمۇ ياخشى بولۇپ قالىمىز، چۈنكى بىزنىڭ قولىمىزدا ھۈنەر بار-دە ئوكا.

كۈنلەر ئىلگىرىكىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆمەر پەقەت خادىكنىڭ جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا قولىدىكى ئىشىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، يولغا قارايتتى. قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى ئەركىلىتىپ كېتىۋاتقان ھارۋىكەشنى، خادىكتا ئولتۇرغان چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالاتتى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى باققاللار مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن خېرىدارلارنى چاقىرىشاتتى. ناخشا لېنتىلىرىنى كۆچۈرۈۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئۈنئالغۇلىرىدىن مۇڭلۇق ناخشىلار ياڭرايتتى، دېمەك، بازاردا ھايات قاينىماقتا ئىدى. لېكىن ئۆمەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭغا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە يەنىلا جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان خادىك ئىدى...

— ئوكا ھوي، گۇاڭجۇ دېگەن يەرنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەيسىنا! — دېدى نىياز ئۇستام بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلغاچ، — گۇاڭجۇدىمۇ بىزگە ئوخشاش ياماقچىلار بارمىكەن؟!

ئۆمەر نىياز ئۇستامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى.

— ئەگەر مەن گۇاڭجۇغا بارمىغان بولسام... چوقۇم ئاشۇنداق خادىكلاردىن بىرىگە ئىگە بولغان بولاتتىم! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

نىياز ئۇستام ھاڭ - تاڭ بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



# يىراق سەھرادىكى لەتىپە

ئەختەم ئۆمەر

(ھېكايە)



## 1

ئالتۇنگۈل مۇشۇ سەھرانىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قومۇلۇقلىرىدا بوستان چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ، شوخ كىيىك بالىسىدەك ئويناقلاپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى قۇم ئارىسىدا يالتىراپ كۆز چاقنىتىدىغان سېھىرلىك زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەندەك ئاپئاق ۋە سۈزۈك. ئۇنىڭ قىزغۇچ مەڭزىدە رەڭگارەڭ كۆلۈپ ئېچىلغان يايلاق گۈللىرىنىڭ سىيماسى بار. ئۇ ياپيېشىل يايلاقنىڭ ياۋا چۆپلىرى ئارىسىدا قوي پادىسىنى ھەيدەپ يۈرۈپ، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان بولسا بىپايان زېمىن ۋە ئاسمان ئۇنىڭ ناخشىسىدىن مەست بولىدۇ. قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق ئارىسىدىن تىنىمسىز بۇلدۇقلاپ چىقىپ، ساناقسىز ئۇششاق ئېرىقچىلار ئارقىلىق بىپايان يايلاقتىكى گىياھلارنى سۇغىرىدىغان بىر بۇلاق بار. بۇلاقنىڭ سۈيى يازدا مۇزدەك سوغۇق، قىشتا ئىللىق، ئالتۇنگۈل ئەنە شۇ بۇلاقتىن ئۆيىگە ئىدىشتا سۇ توشۇيدۇ. ئۇ ماڭغاندا قومۇشلار ئۇنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى دوراپ لەرزان ئىرغاڭلاپ بىر-بىرىگە قولاقلىرىنى يېقىشىپ

شمۇدرلشمدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمشمدىغىنى بىرلا
گەپ، يەنى ئاللادىن ئۆزلىرىگە ئالتۇنگۇلـ
نىڭكىمدەك ئەۋرىشىم، زىبا بوي تىلىشمدۇ.

ئالتۇنگۇل مۇشۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ
چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇلاق
سۇيىدەك پاك، كۆزى مۇشۇ بۇلاق كۆزى
بىلەن ھوسنداش. ئالتۇنگۇل دائىم
چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئادەملەر ئۆيـ
لىرىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا بۇ بۇلاق بويىـ
دا پەيزىتتەك پەيدا بولىدۇ ـ دە، كىيىمـ
لىرىنى سېلىپ تاشلاپ، بۇلاق سۇيىگە
چۆمۈلىدۇ. ئۇ بۇنداق چاغلاردا چەكسىز
راھەتلىنىدۇ ۋە ھېچقاچان ئۆز بەدىنىگە
مۇشۇ چاغدىكىدەك خاتىرجەم قارىيالمايدۇ.
ئۇنىڭ بۇلاق سۇيىدەك پاك بەدىنى شۇنـ
چىلىك نازاكەتلىك كۆرۈنىدۇكى، سۇ
يۈزىدە لەيلەشلىرى كرىستال قۇتىدىكى
ئالتۇن بېلىقنىڭ تولغىنىشلىرىغا ئوخشىـ
سا، بۇلاق ئاستىغا چۆكۈشلىرى بۇلاق
تېگىدە ۋاللىداپ تۇرغان قومساق مەرۋاـ
يىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆز بەدىنىگە قاراپ
مەغرۇرغىنا پىسىڭگىدە كۈلىدۇ، سۇدا
ئۆگدىسىغا بولۇپ كۆك چايىنىغان بېلىقتەك
تىپچەكلىگىنىدە بىردىنلا ئىزا تارتىپ
ۋېلىلىدە قىزىرىپ كېتىدۇ. بۇلاق سۇيى،
بۇلاقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ھەممە يەرلىرىنى
كۆرۈۋالىدۇ، ئەگەر شۇ تاپتا يات بىرى
بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، بۇلاق سۇيى ئۇنى
يات كۆزدىن ھەرگىزمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ،
بەلكى ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئەينەكتەك
كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئالتۇنگۇل ئەندىكىپ، سۇ
ئىچىدىن شوخشىپ چىقىپ ئەتراپقا قارايدۇ،
ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ بۇلاقتىن چىقىپ
كىيىنىدۇ ـ دە، بۇلاق سۇيىدە قۇتىدۇزدەك
پارقىراپ كەتكەن قاپقارا بوستان چاچـ
لىرىنى تاراشقا باشلايدۇ.

2

ئالتۇنگۇلنىڭ چېچى قۇرىدى. ئۇ
چاچلىرىنى قىرىق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋېلىشنى
ياخشى كۆرىدۇ، بۇرۇن ئۇ، قانداق ئۆرۈۋالـ
سام بولىۋېرىدۇ دەپ، چاچنىڭ قانداق
ئۆرۈلۈشىگە پەرۋاسىز قارايتتى، كېيىنچە
ئۇنداق سەل قارىمايدىغان بولدى. يەنى
بىر كىشى ئۇنىڭ چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈـ
ۋېلىشنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن ئۇ
چاچلىرىنى مۇشۇنداق ئۆرۈۋالىدىغان بولدى.
بۇنداق قىلىش بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇنىڭغا
تولىمۇ ئاۋارىچىلىق ۋە زېرىكىشلىك
تۇيۇلغانىدى، ھازىر ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ.
ئۇ شۇ تاپتىمۇ چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ
چىرايلىق قىلىپ ئالماشقا تىرىشتى.
ئۇنىڭ چاچلىرى ھەربىر ئالمىغاندا
ئۇنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان كىچىكـ
كىنە تۆشۈك گويا كۆزگە ئوخشاپ كۆرۈـ
نەتتى. بۇ مۇشۇ چاچنى ياخشى كۆرگەن
كۆزمىدۇ ـ يا؟ ئۇنىڭ كۆزىگە چاچلارنىڭ
ئارىسىدىن بىر جۈپ كۆز كۈلۈمسىرەپ
تىكىلىگەندەك بىلىنىدى، بۇ كۆزلەر
كىمنىڭ كۆزىدۇ؟ ئۇ ماڭا نېمانچە يېقىمـ
لىق تىكىلىدۇ؟ بۇ زادى... ھە، ئەمدى
ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى. بۇ كۆز مەھەللىـ
نىڭ ئاۋۇ چېتىدىكى ھېلىقى ھاۋارەڭ
موتىسېكلىت مىنىپ يۈرىدىغان شاكىرنىڭ
كۆزى.

ئۇ ئادەتتە ئەينەك قالپىقىنى كىيىپ
موتىسېكلىتنى مىنىپ مەغرۇر يۈرۈيدۇ.
ئۇ شەھەر يىگىتلىرىدەك ياسىنىپ يۈرۈشكە
ئەنە كۈرۈ خۇشتار، قاچانلا قارىماڭ، كەپكىسى
نىڭ ئاستىدىن پۇلاشيىپ چىقىپ تۇرـ
دىغان ئۇزۇن چاچلىرى ـ رەتلىك تارىلىپ
پارقىرىتىپ مايلانغانلىقى كاستيۇم ـ شىمى

ئۇيغۇر كىتاب نۇر پىكتى www.uyghurkitap.com

سىپتا دەزماللانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، مەھەللىدىكى دېھقانلار، سەللە ئورىغان مۆتىۋەرلەردىن، ئەڭ مۇھىمى، ئاتىسىدىن قورقمىسا، يالاڭباش يۈرگەن بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر، جاۋىلداق ئاياللار، ھەتتا تەڭتۇشلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. يىگىتلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن چىققان خۇش پۇراقتىن ياندۇرغۇسى كېلىپ كېتىپ يۈرىنى ئېتىۋېلىشىدۇ. «ھەي بىچارە، ئايال بولۇپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ياسىنىۋالغىنىنى ئاز دەپ، ئەمدى ئاياللارنىڭ بىر ئېيمىلىرىنى سۇۋايدىغان بوپتۇ. ئايال بولغان بولسا قانچە ئېسىل، سەتەڭ ئايال بولاتتىكەنمە» دېيىشىپ خىرىلدىشىپ كۈلۈشىدۇ. ئاياللار ئۇنىڭ ياسىنىشىغا، راستىنى ئېيتقاندا ھەسەت قىلىشاتتى. ئۇلار ئۇنى ئۆزئارا تىللاپمۇ، غەيۋىتىنى قىلىشىپمۇ، مەسخىرە قىلىشىپمۇ هاردى. دېمەك يېزىدىكىلەر ئۇنى ئاشۇنداق ياسىنىۋالغىنى ئۈچۈنلا يامان كۆرىدۇ. ئۇ كۈندە بەش ۋاق نامازنى مۇشۇ يېزىدىكى ئەل - جامائەت بىلەن بىللە مەسچىتتە ئوقۇمىغىنىدا ئۇنى مەھەللىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەتتىمىكىن تاڭ؟

ھەر كۈنى بامداتتىن كېيىن ئىمام بەندىلەر ئاللادىن رەھىم - شەپقەت، ئىنساپ، ئىمان تىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەندە، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شاكىرغا قاراپ قويۇپ:

— ھازىر بىر قىسىم ياشلار غەلىتە كىيىنىپ، چاچنى بولۇشىغا قويۇپ، ئۆزىنى پەردازلاپ يۈرۈيدۇ. گەرچە ئۇ نامازنى تەرك ئەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆتىكەن نامىزىنى ئاللا قوبۇل كۆرەمدۇ - يوق؟ دەپ قوياتتى.

بۇ چاغدا كىشىلەر شاكىرغا مەسخىرە بىلەن غەلىتە كۈلۈمسىرەپ قارىشاتتى. شاكىرنىڭ ئاتىسى بولسا گاس ۋە ئەما ئادەم. دەك ئىمامنىڭ سۆزلىرىگىمۇ، جامائەتنىڭ ئوغلىغا زاڭلىق قىلىپ قاراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئولتۇرۇۋېرەتتى. شاكىر بولسا ئىمامغا مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بىلىپ قوي، ھەممىدىن نىيەت ئەلا، ئاللا مېنىڭ نامىزىمنى قوبۇل قىلامدۇ، سېنىڭكىنىمۇ، ئۆزى بىلىدۇ. پاكىزلىقنى ئاللا راۋا كۆرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شاكىر ئىمام جامائەت ئارىسىدا ئۆزىنى ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن ئوسال قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا شەھەردىكى چوڭ داموللىنىڭ ئۆيىگە بارغان ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆڭرەپ يىغلاپ سالغانىدى. دامولالام بولسا «يىغلىمىغىن ئوغلۇم، ھەممىدىن نىيەت ئەلا، سەن قانداق كىيىنمە، چېچىڭنى قانداق قويما، ئۇنى پاكىز تۇتساڭ دۇرۇس بولىدۇ. بەزى چالا موللىلار ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ياشلارغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل تۆللەرنى چىقىرىپ ئۇلارنى مەسچىتكە كەلمەس قىلىۋەتتى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كىيىمنى پاكىز، رەتلىك كىيسە، ئۆزىنى تۈزىسە ناماز ئاماز بولماسمىش. ئۈستىبېشى كونا، رەتسىز بولسا مۇسۇلمان بولارمىش، مانا بۇ بەزى ئۆزىنى موللا، كاتتا مۇسۇلمان ئاتىۋالغان نادان ئادەملىرىمىزنىڭ دەسمايىسى. ئوغلۇم، بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز پەرۋا قىلمىغىن» دېگەنىدى.

بىر كۈنى بامداتتىن كېيىن غازى ئىسىملىك بۇ چار ساقال ئىمام ۋەز ئېيتىپ:

— هازىر تولغاق كېسەللىكى،
جىگەر كېسەللىكى دېگەندەك كېسەللەر
كۆپىيىپ كەتتى. بۇلار بەندىلەر ئارىسى-
دىكى گۇناھدى-كىبىرنىڭ غالىبلىقىدىن
بولغان، بۇ ئاللانىڭ بەندىلەرگە قىلغان
غەزىپى، مەسىلەن،هازىر ياش باللار
ناھايىتى قىلمىشتىن چىقىپ كەتتى. زىنا-
ھىي-هارام كۆپ بولغانلىقتىن مانا مۇشۇن-
داق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇۋاتىمىز،—
دېدى.

— مېنىڭ گېپىم بار،—دەپ ئورنى-
دىن تۇردى شاكىر ئىمامنىڭ گېپىنىڭ
ئايىغى تۈگە-تۈگمەي.

ھەممە كىشى شاكىرغا قارىدى. توپ
ئىچىدە، شاكىر چوكاننىڭ نېمە گېپى
باردۇ؟ دېگەندەك گۇدۇڭشىغان ئاۋازلارمۇ
ئاڭلاندى (شاكىرنى يېقىندىن بىرى
كىشىلەر «چوكان» دەپ ئاتىۋالغاندى).
غازى ئىمامنىڭ شۇ ئان قوشۇمىسى تۈرۈل-
دى، ئۇ شاكىرغا ئالىيىپ بىر قارىدى-دە،
يۈزىنى باشقا ياققا بۇراپ، لېۋىنى
چىڭ يۈرۈشتۈرۈپ تۇردى. شۇ تاپتا بۇ
چاتاقچى ھارىمى مېنىڭ گېپىمدىن قۇسۇر
تاپتى بولغاي، ئەستەغپۇرۇللا نېمە دەپ
قالغاندىمەن، دەپ ئويلاپ، يۈرىكى پوكۇلداپ
سوقماقتا ئىدى. جامائەتنىڭ تولىسى شاكىر-
غا يامان كۆز بىلەن تىكىلىنىشتى. شاكىر
يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىسىغا قارىدى، ئاتىسى
يەنىلا خاتىرجەم ئولتۇراتتى، ئۇ، مېنىڭ
ئاتاملا ياخشى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈن-
تىنىسىز سۈكۈت قىلىپ قاراپ ئولتۇرغىنى
مېنى قوللىغىنى، دېگەننى خىيالىدىن ئۆت-
كۈزدى ۋە خاتىرجەملىك بىلەن:

— ئىمام ئاخۇنۇم، بابا ئۆزلىرى
زىناھىي،ھارامنىڭ كۆپلۈكىدىن تولغاق،
جىگەر كېسەللىكى كۆپ بولۇپ كېتىۋا-
تىدۇ، دېگەن پەتىۋانى چىقاردىلا، لېكىن
هازىر تولغاق، جىگەر كېسەللىكى بىلەن
ياتقانلارنىڭ تولىسى تۆت ياشتىن تۆۋەن
باللار تۇرسا، بۇ گەپ ئەقىلگە سىغامدۇ؟—
دەپ سورىدى.

ئىمامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، زۇۋان
سۈرەلمەي تۇرۇپلا قالدى. جامائەت
شاكىرنى شۇنچە يامان كۆرسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ هازىرقى سۆزلىرى ھەق بولغاچقا
ئىمامنىڭ يېنىنى ئېلىپ، شاكىرغا دەككە
بېرىدىغان كىشى چىقمىدى. ھەممە ئاغزى-
نى ئېچىشقان ھالدا ئويلىشىپ قالغانىدى.
بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاچقا، شاكىر
چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەت
بىر-بىرلەپ مەسچىتتىن تارىدى. كىشىلەر
چىقىپ كېتىۋېتىپ بىر-بىرى بىلەن
قۇلاقلىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ
مېڭىشتى. تېخىچە ئورنىدىن قوزغىلالماي
ئولتۇرغان غازى ئىمام بولسا ئىچىدە بو-
غۇلۇپ، ھەي شاكىر... شاكىر...دەيتتى.

3

ئالتۇنگۈلمۇ مۇشۇ يېزىدىكى نۇرغۇن
ئادەملەردەك شاكىردىن يىرگىنىدۇ، بىراق
شاكىر ئۇنىڭ ئوتىدا كويىدۇ...

ئالتۇنگۈل بۇلاق بېشىدا ئولتۇ-
رۇپ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ بولدى.
كۆز ئاپتىپى ئۇنىڭ چاچلىرىنى تولۇق
قۇرۇتقانىدى. ئۇ بىر تال چېچىنى ئا-
خىرقى قېتىم ئالمىغاندا يۈرىكىنىڭ چوڭ-
قۇر يېرىدىن ئېچىنىپ تۇرۇپ، ئەگەر
شاكىر چوكاندەك ئۆزىنى ياسىمىسا...
خېلى جايىدا مۇسۇلمان بالىسى ئىدى.
لېكىن ئۇ مۇسۇلمانغا ئوخشىماي قالدى-دە،
دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— سىزنىڭچە مەن بېشىمنى ئەينەكتەك قىردۇرۇپ، يېڭى كاستيۇم - شىم ئورنىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيسەم مۇسۇلمان بولۇپ، نامىزىم دۇرۇس بولارمۇ؟

شاكىر بىر قېتىم مۇشۇ بۇلاقنىڭ يولىدا ئالتۇنگۈلنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى، ئالتۇنگۈل بولسا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالغانىدى.

— سىزگە كۆيدۈم دەپ يۈرگەن ھېچقانداق يىگىتنىڭ مەن سىزگە كۆيگەندەك كۆيەلمەيدىغانلىقىنى كېيىن بىلىپ قالارسىز.

شاكىر شۇ سۆزنى ئېيتقاندا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرى كىرپىكلىرىدە توختاپ قالغانىدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ، بىرمۇنچە كېپىنى ئاغزىدىن چىقىرالماي، ئاستىننى كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىگەن ۋە شۇئان ئېڭىكىگە قان ساقىپ چۈشكەنىدى. شۇ چاغدا ئالتۇنگۈل پەرۋاسىزلا دىمىقىنى قېقىپ:

— ھىم، كۆيۈش - پۈيۈش دېگەننى بىلمەيمەن. بۇنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ياساناچۇققا بېرىپ دەڭ، — دېدى - دە، كېتىپ قالدى.

ئۇ، قىزنىڭ سۆزىگە غەزەپلەنسۇنمۇ؟ يىتر بەزجەس يىگىت ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسۇنمۇ؟ بىراق ئۇ پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرسۇن ... شاكىر چۈشىنەلمەيتتىكى، ئىمام جامائەتكە سىڭدۈرگەن ئۇنى يامان كۆرۈش كەيپىياتى ئالتۇنگۈلگىمۇ سىڭگەنىدى. قىز ئۇنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئاشۇ قاراش توسالغۇ بولاتتى. شاكىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىندى ۋە بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئارقىغا قايتتى. ئۇ ئۇزاق ماڭمايلا يول چېتىدىكى جىگدىلىكتە ئالتۇنگۈلنىڭ بىر يىگىت بىلەن بىللە تۇرغىنىنى كۆردى. شاكىرنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالتۇنگۈلنى ئۆزىگە قارىتىۋالغۇدەك، ئالتۇنگۈل ئۇنىڭغا قاراپ شۇنچىلىك ئېچىلىپ - يايراپ كەتكۈدەك قانچىلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى.

بىراق ئۇ شۇ تاپتا ئىچىگە سىغمايۋاتقان چەكسىز رەشك ئوتىنى كۆزىدىن، كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىدىن، تۈگۈلۈپ كەتكەن بازغاندەك مۇشتىدىن نامايان قىلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسۇنمۇ؟ ياق، رەقىبى ئالدىدا غەزەپلىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش يىگىت ئۈچۈن ئاجىزلىق. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك مەغرۇر قىياپەتتە بېرىش كېرەك، ئەپسۇسكى، ھازىر شاكىر ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدا ھازىر ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان چەكسىز غەزەپ يالقۇنى باركى، ئۇنى بېسىۋالالىغۇدەك كۈچ يوق ... ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ، ئارقىسىغا قايتتى. ئۇنىڭ لېۋىدىكى ئەمدىلا قېتىشقان يارىدىن يەنە قان چىقتى.

4

ئالتۇنگۈل بۇلاققا پۇتىنى چىلىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭى سېزىم، يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ئۇ ئۆز ئىچىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشتىن بىچارە بولۇپ قالدى. خىيالى خۇددى تېگى يوق بۇلاققا ئوخشايتتى، ئۇنىڭغا پاك، نازۇك بەدىنىدە بىر سۆيگەل پەيدا بولغاندەك بىلىنەتتى. بۇ سۆيگەل قانداق پەيدا بولۇ

دى؟ كونىلار «ئىتقا توكۇرسە شۇنداق بولىدۇ» دەيدۇ. ئالتۇنگۈل قاچان ئىتقا توكۇرۇپ باققان؟ بۇلاق سۈيىنىڭ ئاستىدىن، بۇلاق كۆزىدىن بىر كۆز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. بۇ دەل ئالتۇنگۈل ياخشى كۆرگەن كۆز. بۇ كۆزنىڭ ئىگىسى مۇشۇ يېزىدىكى ئارىپ ئىسىملىك يىگىت، ئۇمۇ كېلىشكەن يىگىت، مۇھىمى، ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بالىسى. بېشىنى چۈشۈرۈپ شاپاق دوپپا كىيىپ يۈرۈيدۇ، بەلباغ باغلاپ، ئىككى غېرىچ كېلىدىغان ئۇزۇن غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. يۇملاق يۈزىدە يىگىتلەرگە خاس زىننەتى بار. قىرقىم بۇرۇتى ئۇنى سۇباتلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار دائىم يېزا چېتىدىكى جىگدىلىكتە ئۇچرىشىدۇ.

ئاشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش ئۆتكەن كۈنلەرنىڭكىدىن باشقىچە بولدى. ئۇلار ئايدىڭدا قېرى جىگدە دەرىخى ئاستىدا كۆرۈشتى، تولۇن ئاينىڭ شولىسى قويۇق جىگدە يوپۇرماقلىرى ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئوت-چۆپ ئۈستىدە جىمىرلايتتى، ئارىپ قايسى كۈنى ناھىيە بازىرىغا بارغاندا ۋايىزدىن ئاڭلىغان بىر جۈپ ساداقەتمەن ئاشىق - مەشۇقنىڭ ھېكايىسىنى ئالتۇنگۈلگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئالتۇنگۈلمۇ ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى. بەزىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، قەلبىدە شېرىن ھېسلار قوزغىلاتتى. ھېكايە شۇنداق ئۇزۇن ۋە تەسىرلىك ئىدىكى، ئالتۇنگۈل ئۆيىگە قايتىشنىمۇ ئۇنۇتتى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. پەقەت ھېكايە ئاخىرلاشقاندىلا چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئايمۇ ئولتۇرۇپ كەتكە-

نىدى. مەھەللە تەرەپتىن خورازنىڭ چىلىلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئالتۇنگۈلنى ۋەھىمە باستى. ئۇ دۇدۇقلاپ:

— ۋاي ئىست، كېچە بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆيگە قانداقمۇ كىرەرمەن؟ — دېدى.

— قورقماڭ، مەن ئەكىرىپ قويىمەن.

ئالتۇنگۈل ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمە؟ سىز ئەكىرىپ قويامسىز؟ ياق، ياق ... ئاتا - ئانام بىلىپ قالىدىغان بولسا مېنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن يانمايدۇ...

قىز يۈزىنى توسۇپ، بۇلدۇقلاپ يىغلىدى. ئۇنىڭ مۈرىلىرى تىترەۋاتاتتى. ئارىپنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ تىترەك باستى. ئاغزى قۇرۇپ، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، تىلى ئۆزىگە بويسۇنماي ئاغزىدىن گەپ چىقىشىنىڭ ئورنىغا چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى، قىز شۇئان چۆچۈپ، ئۇنىڭ قولىنى مۈرىسىدىن ئېلىۋەتتى، ئارىپ قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، قىز بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ، قولىنى بوشىتىۋالدى، قىز ھاسىرىغان ھالدا:

— سىز بۇنداق قىلسىڭىز مەن يۈزىڭىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن، — دېدى.

ئارىپ بىر ھازا جىم بولۇپ كەتتى. ئۇ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— ئالتۇنگۈل، ئىككىمىز يۈرگىلى بىر يىلدىن ئاشتى، بىراق ھازىرغىچە قولىڭىزنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىلى قويمىدىڭىز... قولىنى تۇتقانغا نېمە بولىدۇ؟

— نامەھرەم بولىدۇ، مەن كېتىمەن.

ئارىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قولىدىن تۇتۇۋالدى:



— ئەمدى ئۆيگە كىرسىڭىز چوقۇم ئانىڭىزنىڭ جازاسىغا قالىسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەتە تاڭ ئاتقاندا بىرىڭ.

—نېمە؟—قىز ئەندىكىپ يەنە قولىنى تارتىۋالدى.

—قورقماڭ، نېمانچە ھودۇقسىز؟ مەن سىزگە ياخشى نىيەتتە گەپ قىلىۋاتىمەن،— ئارپىنىڭ ئاۋازى ئەمدى مۇلايىملىشىپ قالغانىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغاندەك قىلاتتى،— ئاتا-ئانىڭىزنى قايىل قىلىش ناھايىتى ئاسان، بىر ئېغىزلا گەپ. تۈنەككە بارىدىم دەيسىز، ئىش تۈگەيدۇ.

قىز يېنىككىنە ئۇھ تارتتى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى چارە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى-دە، لاسسىدە بوشىشىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. يىگىت ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، قىز تارتىۋالماقچى بولۇۋىدى، يىگىت چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

— مەندىن ئەيمىنىپ قانداق قىلىسىز؟ بەكلا جاھىلكەنسىز، بۇ قوللار بەرىبىر ماڭا تەئەللۇققۇ؟— دېدى.

قىز دەماللىققا باشقا گەپ تاپالماي قالدى. يىگىت قىزنىڭ قولىنى سۆيدى، قىزنىڭ تېنى شۈركىنىپ قالدى، قىز قولىنى يەنە تارتىۋالماقچى بولدى. بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلالمىدى. يىگىت قىزغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. قىز نېرى سۈرۈلمەكچى بولۇۋىدى، يىگىت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىۋالدى، قىز يۇلقۇندى:

— ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— توختىۋاتىمەن، بۇنچىلىك ئىشقا نېمە بولىدۇ؟ —يىگىتنىڭ ئاۋازىدىن يارىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— نامەھرەم بولىدۇ، — قىز مۇلايىمغىنا جاۋاب بەردى.

— نامەھرەم بولىدۇ، نامەھرەم بولىدۇ دەۋېرىدىكەنسىز، ماڭا نامەھرەم بولمايدۇ، مەندىن باشقا ئادەمگە نامەھرەم بولىدۇ.

يىگىتنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەنىدى، قىز بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. ئۆزىنى ئىنتايىن بىچارە ھېس قىلىپ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. يىگىت ئۇنى بارغانسېرى چىڭ قىسىۋاقتا ئىدى، قىز ئاخىر يېلىندى:

— جېنىم ئارىپ، ئۇنداق قىلماڭ، بۇ... توي قىلغاندىن كېيىن ...

قىزنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قورقماڭ، ھەرقانداق گۇناھ بولسا ماڭا، پات ئارىدا تويىنى قىلىۋەتسەكلا بولىدى، — دېدى ئارىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئالتۇنگۈلنىڭ بويىدا قالغانلىقى رەسمىي مەلۇم بولدى. قىزنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. قورسىقىغا چىققان سۆگەل ئۇنىڭ پۈتكۈل شوخلۇقىنى، مەڭزىدىكى سېھرى قىزىللىقىنى، كۆزىدىكى ئۆتكۈر نۇرلارنى يوقاتقانىدى. قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن شاكىرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بىر نەچچە كۈنگىچە كېلىندىن سۇ ۋە نانمۇ ئۆتمىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئالتۇنگۈلنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ جۆيلۈيتتى. كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلىندى. كىشىلەر ئارىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەردە شاكىرنىڭ كېسەللى توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن ئالتۇنگۈلنىڭ قورسىقىدىكى بالا توغرىسىدىكى رىۋايەت بىر - بىرى بىلەن ئۇلاندى. لېكىن كىشىلەر ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى، ئالتۇنگۈلنى ئارىپ ئەمرىگە ئالدى.

بۇ كىشىلەرگە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. بۇنى كىشىلەرگە قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بولۇش مۇمكىن؟ بۇ ئىشنى كىشىلەر مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ. ئۇ ئىشنى پەقەت ئالتۇنگۈل بىلەن ئارىپلا چۈشىنىدۇ.

بىراق كىشىلەر، بولۇپمۇ يىگىتلەر ئارىپنى كۆرگەندە غەلىتە قارىشىپ، بىر - بىرىگە كۇسۇرلىشاتتى، ئارىپ تەلەيلىك، قىيىنچىلىق تارتمايلا خوتۇن ئالدى. جاپا تارتمايلا بالىغا ئىگە بولدى، دېگەندەك سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق سۆزلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنداق گەپ - سۆزلەر تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۇلغايغانسېرى ئارىپ ئۆزىچە دەرگۇمان بولۇپ قالدى ۋە ئاخىر ئالتۇنگۈلنى قىستاققا ئېلىپ، بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ زادى كىملىكى ھەققىدە قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپمۇ ئۇ يەنىلا ئالتۇنگۈلنىڭ قورسىقىدا كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىۋاتقان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىگە ئىشىنەلمەي قالدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق جۆيلىشىدۇ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مېنى بوياقتا كولدۇرلىتىپ، شاكىر بىلەن... بۇنداق ئىزىتقۇ خىيال تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كېتەتتى ۋە شاكىرنى ئاتتىماق غەزىپى، ئۆچمەنلىكى قوزغىلاتتى.

شۇ كۈنلەردە، تالاي سۆز - چۆچەكنىڭ سەۋەبچىسى بولغان بالا بەش ئايلىق بولۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى

www.uyghurkitap.com

ئارىپ زىيان تارتتى، تەييار مۇزاينى كۆزلەپ ئېنەك ئېلىشۋېدى، مۇزاي ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى، دېگەندەك گەپ-سۆزلەر پەيدا بولدى. بۇنداق سۆز-چۆچەكلەر قۇلىقىغا يەتكەن ئارىپ ساراڭ بولايلا دېدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئائىلىنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەتتى، لېكىن سۆز-چۆچەك ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ھەممە بالانىڭ بېشى ئاشۇ شاكىر دېگەن ماز پەيىنەك، ئۇ ئوك-تەتۈر جۆيلۈمىسە مۇنداق گەپلەرمۇ چىقمايتتى، دەپ ئويلاپ تېرىكەتتى. شۇڭا ئۇ ئاخىر، خەپ خۇمسا، سەندىن كېلىشتۈرۈپ بىر ئۆچ ئالمايدىغان بولسام، دېگەن ئويغا كەلدى.

بىر كۈنى كەچتە ئارىپ يېزا يولىنىڭ دوقمۇشىدا ئاغىنىلىرى بىلەن شاھمات ئوينىۋاتاتتى، چىرايى تامدەك تاتارغان، ئەمما يەنىلا رەتلىك كىيىنگەن شاكىر ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سولغۇن ھەم جىددىگۇ ئىدىكى، بۇرۇنقى شاكىرغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ياشلار ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئارىپنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، شۇئان ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان خىيال كەچتى. ئۇ شاكىرنى گەپتە تازا بىر سوقماقچى بولدى. شۇ ئارىدا بىر ياش:

— شاكىر ئەجەب ئورۇقلاپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدى.

— بۇنداق چوكاللار بىزدەك قاۋۇل يىگىتلەردىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ - دە، — دېدى ئارىپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

شاكىرنىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۇس ئالدى. ئۇ ئارىپقا مىختەك تىكىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ سەندىن تارتىۋالغان ئەلەم ئەشەددىي رەقىبىڭ مۇشۇ شۇ، ئۇ يەنە سېنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىڭنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، دەپ نالە قىلماقتا ئىدى. بىراق ھازىر شاكىردا ئۆز رەقىبىنىڭ ئەدىبىنى بەرگۈدەك مادار يوق، بەلكى رەقىبى پۈۋلىسە ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمسە...

— سېنى پەقەت چوكاندەك پۇرامدىكىن دېسەم، قارىشىڭمۇ ئېرىدىنى سېغىنغان چوكانغا ئوخشاپ قاپتىغۇ؟ — ئارىپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— شۇنداق، چوكاننىڭ يېنىغا بارغانىدىم، پۇرىقى بەدىنىمگە، قارىشى كۆزۈمگە سىڭىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى شاكىر تەمكىن قىياپەتتە.

— ھا... ھا... ھا، سەنما؟ ھا... ھا... ھا... ۋاي قوۋۇرغام، ھا... ھا... ھا... قايسى چوكاننىڭ قېشىغا بارغانتىڭ؟ ھا... ھا... ھا...

ئارىپنىڭ مەسخىرە سۆزلىرى، كۈلكىسى شاكىرنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالغىنىچە قاقاقلاپ كۈلدى:

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا بېرىپ ئالتۇنگۈلدىن سورا، ھا، ھا، ھا...

ئارىپنىڭ كۈلكىسى ئۆچۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ شاكىرغا ئېتىلغانىدى، باشقىلار تۇتۇۋالدى. شاكىر بولسا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. ئارىپنىڭ كۆزىگە قان تولغانىدى.

5

ئارىدىن ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتتى، بىر باھار ئەتىگىنى كىشىلەر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قېرى جىگدە دەرىخىدە قارا

ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇنگۈلنىڭ جەسىتىنى كۆردى. ئۇنى ئۈن - تىنسىز لا يەرلىكىدە قويۇشتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئاچمىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئانچە ھەسرەتلىنىپ كەتمىدى. پەقەت ئۇنىڭدىن قالغان بىر يېرىم ياشلىق ئوغۇل بالا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغانلىقتىنمۇ ياكى قورسىقى ئاچقانلىقتىنمۇ قىقىراپ يىغلىدى. بۇ قېرى جىگدە ئالتۇنگۈلنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ، ئۆلۈمىگىمۇ شاھىت بولدى.

... ئارىپ شاكىرنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن كېيىن ئوغا يۇتتۇۋالغاندەك بولۇپ ئۆيىگە كىردى - دە، ئالتۇنگۈلنىڭ يۈزىگە بىرنەچچە شاپىلاق سالدى. ئالتۇنگۈل بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ھو تارتىپ يىغلىغانچە يامانلاپ ماڭدى. ئارىپ ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ھەي خوتۇن، ئارقاڭغا قايت دەيمەن، ئارقاڭغا قايت! ھېلى بىكار كەلمەسكە كېتىپ قالىسەن!...

بۇ چاغدا قولۇم - قوشنىلار كىچىك باللارغىچە ئىشىك ئالدىغا چىقىشقانىدى. ئالتۇنگۈل ئارىپنىڭ ۋارقىرىغىنىغا پەرۋامۇ قىلماي كېتىۋەردى. ئارىپ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى:

— كېتە، كەت!... كەلمەسكە كەت! بولدى، بۈگۈندىن تارتىپ سەندەك خوتۇنۇم يوق، ئۈچ تالاق!

قولۇم - قوشنىلار ياقىسىنى تۇتقانچە، ۋاي، دەپ قېلىشتى. ئالتۇنگۈلمۇ چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، بوغچىچا قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئارىپ بولسا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپتىن گاڭگىراپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كىردى، ئۆي ئىچى قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. ئالتۇنگۈلنىڭ چۆچۈرە ئۈچۈن قىلىپ قويغان قىيما - جىگەتلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۆزىنى كاچاتلىدى، بارمىقىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئالتۇنگۈلسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان شاكىرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇ پىچاقنى بىلەپ ئۆيدىن چىقتى. شاكىرنىڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە تاڭ ئاتقان بولۇپ، شاكىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، قوۋم - قېرىنداشلىرى بەللىرىگە ئاق باغلاپ ھازا ئېچىشماقتا ئىدى. دېمەك، شاكىرنى ئارىپ ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئەزرائىل جېنىنى ئالغانىدى. بالدۇرراق ئۆلگەن بولساڭ مۇشۇ كۈنگە قالماستىم خۇمسى، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئارىپ بوشاشقان ھالدا.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئارىپ ئارىغا ئادەم قويۇپ، ئالتۇنگۈل بىلەن يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى «قىزىمىز ئۈچ تالاق بولغۇدەك نېمە قىلدى؟ خېتىنى بەرسۇن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. يېزىدىكى خېلى ئادەملەر ئارىغا چۈشۈپمۇ بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئارىپ كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە غازى ئىمامدىن ياردەم سورىماقچى بولدى. غازى ئىمام ئوتتۇرىغا چۈشسە، ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى يېرالمايدۇ. ئاتا - ئانىسى قوشۇلسا، ئالتۇنگۈلمۇ ياق دېمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئىمامنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى. ئىمام شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ئېرى تالاق قىلغان خوتۇننى باشقىلارغا تەلى قىلدۇرغاندىن كېيىن ئېرىگە نىكاھ قىلدۇرمىسا ھارام، دېدى. ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ شۇنداق قارايتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارىپنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ ھېلىقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆز قولىنىڭ چىمچىلىقىنى چىشلەپ ئۈزۋەتتى. ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاغرىقى يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى، ۋىجدانىنىڭ ئازابى، غۇرۇرىنىڭ پەرىيادى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتتى، ئارىپ تولا ئويلاپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى، جۇدەپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئىمام ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

— ئوغلۇم، قارىسام سەن ئالتۇنگۈلگە چىدىمايدىكەنسەن، بىراق ئۇنى ئەمدى نىكاھىڭغا ئېلىش ئۈچۈن تەلى قىلدۇرۇش بىز ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى، ئاتا-بوۋىمىز ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپلا تالاق قىلغان خوتۇننى قايتا ئەمرىگە ئالغاندا تەلى قىلدۇرغان. بۇ يالغۇز سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى، ئىمانىم كامىل بولسۇن دېسەڭ مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق. ئەگەر...— ئىمام شۇنداق دەپ گېپىنى توختىتىۋالدى. ئارىپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر... نېمە؟— دەپ تىكىلدى.

— ئەگەر سەن باشقىلار بىلىپ قېلىپ، سۆز - چۆچەك بولۇشىدىن قورقساڭ، سەن، مەن، ئاندىن خوتۇنۇڭ، قېيىن ئاتاڭ، قېيىن ئاناڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر چارە بار، ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ...

— قانداق چارە؟— ئالدىراپ سورىدى ئارىپ جانلىنىپ. ئىمام ئىنتايىن پەس ئاۋازدا:

— مەن ئۆزۈم تەلى قىلىپ قويساملا بولىدۇ.

ئارىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردىدە، ئىمامنىڭ ياقىسىدىن ئۇتتى:

— سەن... سەن... بۇ... بۇ مۇسۇلمانچىلىق...

قورقىنىدىن ئىمامنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئارىپ ئۇنى قويۇۋەتتى. ئىمام بوشىنىشىۋېلىپلا ئارىپنى قارغىغانچە كېتىپ قالدى. ئارىپ بولسا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ئارىپ ئاخىر ئىمامغا چاي قويۇپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆندى، ئۇ ئىمامدىن بۇ ئىشنى ئىنتايىن خۇپىيانە قىلىشنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈندى.

ئارىپ بىلەن ئالتۇنگۈل يارىشىپ قالدى. ئالتۇنگۈل قورساق كۆتۈرۈپ تۇغدى. بالا تۇغۇلۇپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ ئائىلىدىكى تىنچلىق يەنە بۇزۇلدى. بالا ئوغۇل بولۇپ، كۆكۈچ كۆزلىرى... ئىشقىلىپ، ھەممە يېرى يا ئاتىسىغا، يا ئانىسىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى ئىمامغا ئوخشايتتى. قايسى ئىنسى - جىن بۇ سىرنى ئېچىۋەتتىكىنتاڭ ياكى بالىنىڭ ئىمامغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇغۇلغانلىقى سەۋەب بولدىمۇ، ئىش قىلىپ، يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا سۆز-چۆچەك سەلدەك يامرىدى. ئارىپ نومۇس كۈچىدە بىر كېچىدىلا يۇرتتىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمىدى. دەرد - ئەلەم ئاخىر ئالتۇنگۈلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆز بويىنىغا ئۆلۈم سىرتمىقىنى سېلىشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىن كىشىلەر ئالتۇنگۈلنى شاكىرنىڭ قىساسى تۇتتى، رەھمەتلىك يىگىت ئاشۇنىڭ دەردىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن،— دېيىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ۋابدۇرېھىم

رەشىدەم سىيىت

# ئاھ، تۇيغۇن لىرىكا، خىيالىي كۆلكە

## گۈگۈم

ھەممە نەرسە خۇددى سايىدەك،
سۈس كۆرۈنۈپ تۇرار خىيالىي.
تەكرار ئۆتكەن دەقىقىلەردىن
كەتتىمۇ يا ھېرىپ ماجالى.

پەقەت ئاشۇ تونۇش كۆل بويى
بىلىنجانلار يورەر پىلتىڭلاپ.
يەر باغرىدا ئويغاق چېكەتكە
يىلتىز غاجاپ سايرار چىرىلداپ.

كۆزلىرىمدە خىيال تۇمانى،
ئەتراپىمغا قارايمەن تويماي.
ئەپ قاچىدۇ پىكىرىمنى شامال
خىيال يېتى مەيلىمگە قويماي.

سۈس كۆرۈنەر ئاسمان قەرىدە،
يۇمران بولۇت باغرىدا يۇلتۇز.
ئاي تاشلايدۇ نۇرلۇق كۆلەڭگە،
سۇ يۈزىدە جىلۋىلىنەر ئۇز.

ئاچچىق - چۈچۈك پۇراپ چىڭگىلىك،
خىيالىمغا كۆلكە بېغىشلار.
بىلمەي قالدىم نەلەرگە كەتتى
كۆزلىرىمدىن غەمكىن يېقىشلار.

بىلمەي قالدىم نەلەرگە كەتتى
يۈرىكىمنى غاجىغان ھېسلار.
لىرىك تۇيغۇ جىسمىمدا شۇنداق
خىيالىمغا ئاستا تور تاشلار.

## تۆكۈلگەن بەرگ

بوران چىقتى گۈلدۈرلىتىپ جاھاننى،
ياۋايىدەك ئۇچار قۇيۇن چۆرگىلەپ.
ئېرىقلارغا تولدى رەڭدار بەرگلەر،
قاپتاللارغا ئىشتىلىپتۇ دۆۋىلەپ.

ماتەم تۇتۇپ بىخ، ياپراقلار شۇ تاپتا
توپا چىراي تۇرار جىمجىت شاخلاردا.
بەزى چېچەك مېۋىسىنى قالدۇرغان،
بەزىلىرى بىللە چۈشكەن باغلارغا.

يۇمران چېچەك سايىقىدىن ئۈزۈلگەن،
نازۇك قىزنى خۇددى قىلىچ چاپقاندەك.
كۆككە باقسام لەيلەپ يۈرەر ئاق بولۇت،
ئاق شايىنى بەرگلەرگە ياپقاندەك.

## گۈل ھەسرىتى

ئاياغلاردا ئۇچار خازانلار،
مۇڭلىرىمنى ئاۋۇتۇپ ھەر كۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇياش پاتسا قارىيار ئالەم
يەر يۈزىدە باشلىنىدۇ تۈن.

كۆز تىكىمەن ئەنە شۇ چاغدا
ئەتراپىمغا ھەسرەتتە بېقىپ.
ئۈيلاپ ئاشۇ غۇنچە چېغىمنى،
يۈرەكلىرىم كېتىدۇ ئېقىپ.

ئەي گۈزەل تاغ، يېشىل مەخمەل باغ،
ياشلىقىمنىڭ شاھىدى سىلەر.
تەلمۈرىمەن ئاھ ئاشۇ باھار،
قاچان، يەنە قاچانمۇ كېلەر.

ھايات پەسلىم شۇنچىلىك قىسقا،
ئارمانلىرىم قالدى ئىچىمدە.
يېشىل زېمىن، چىلان تۇپراقلار
مېنى سۆيگەن چاغلار ئېسىمدە.

بىلگەن بولسام ئاشۇ مېھرىنى،
ئۆسەر ئىدىم تىكەنسىز بولۇپ.
كۆلەر ئىدىم ئەلنىڭ قولىدا
تېخىمۇ بەك يۇراقتا تولۇپ.

## تىلەك

ئەي ئۇستازىم — مېھنەت ئىگىسى،
سەن قەلبلەر كۆكىدە قۇياش.
ئاقارسۇن قۇندۇز چاچلىرىڭ
يۈرەكلەردە يەنىلا سەن ياش.

بىراق ئۇچقۇر يىللار يىپەرۋاھ
ئەجرىڭ ئۇچۇن بەدەل تۆلىمەس.

ھايات ساڭا باقمايدۇ ئوخشاش،
ماغدۇرىڭدا قويماس - يۆلىمەس.

ئاق پاياندار بولسا ئالدىڭدا
غايىلىرىڭ چېچەكلىنىك يولغا،
ئارمانلىرىڭ شەلپە بايرىقى،
ئېلىپ چىقسا سېنىڭ ئالدىڭغا؛

ھەر سائەتتە توزىغان بورلار
مەلھەم بولسا تىنىقلىرىڭغا.
كېسەللىكنىڭ دەردى - ئازابى
قايتسا جىددىي مىنۇتلىرىڭغا.

كۆزلىرىڭدە كۈلسە قۇياش، ئاي،
نۇرلىرىنى بەخشەندە ئېتىپ،
ھور ئۆكسۈمەس ئاشۇ كۆزەينەكە
كۆزلىرىڭدىن تاشلانسا ئېلىپ؛

باشقىلاردىن باشقىچە ھالدا
كۆرەي دەيمەن دۇنيادا سېنى.
پېشانەڭگە كۆچسە يۇلتۇزلار،
ئەيلەپ سېنى مەرىپەت پىرى.

مەيلى قانداق زايا بولمىغىن،
كۆز ئالدىمدا مېھرىبان ئۇستاز.
سەن دىلىمدا ئېچىلغان بىر گۈل،
توزىمايسەن تائەبەت قىش - ياز.

شاھلىق تاجى قالار نەلەردە،
ئاددىي ناملىق ئالدىدا ھەر چاغ.
دەرس سائىتى شۇ مۇنبەر ئالدى،
سەن پەرۋاز قىپ ياپرايدىغان باغ.

پەرھاد مۇھەممەد

# كۈن پېتىپ ئاي چىققاندا

## ئاي ئەگىيدۇ بېشىمدا

كۆكتە نۇرلۇق تولۇن ئاي
دېرىزەمدىن مارايدۇ.
خۇددى ماڭا كۆيگەندەك،
تويماي بېقىپ قارايدۇ.

كۈندەشلىكى تۇتتىمۇ
تۇرسا يارىم قېشىمدا.
كېلىۋالار ھەر كۈنى
كۆك پەرىسى بېشىمغا.

قىلامدىكىن ئاي ھەسەت
مەن يارىمغا كۆيگەنگە.
يوشۇرۇندى بولۇتقا،
يارىمنى مەن سۆيگەندە.

## يۈرىكىمگە سىزىلىپ بولغان

رەسىم سىزىپ كۆلنىڭ بويىدا،
ئولتۇراتتىم گۈلگە مەن قاراپ.
گۈل بويۇڭنى يوشۇرۇپ مەندىن،
كېلىپ قالدىڭ ئارقامدىن ماراپ.

كۆزلىرىڭنى ئەتتىڭ قولۇڭدا،
دېگەندەك قىپ كىملىكىمنى تاپ.
تونۇپ قالدى چېچەن يۈرىكىم
سېنى كۆزدە ساڭا بىر قاراپ.

دە ۋرەيھان، دېدىم، كۈلدۈڭ قاقاقلاپ
قويۇۋەتتىڭ كۆزۈمنى شۇتاپ.

دېدىڭ «مېنى سىزىپ قويۇڭا»
سىزدىڭىزاتقان رەسىمگە قاراپ.

رەسىمگىنى سىزىپ گۈزەل ئاي،
نېمە قىلاي قەغەزنى بوياپ.
يۈرىكىمگە سىزىلىپ بولغان
ئۆچمەس بولۇپ جامالىڭ شۇ تاپ.

## ئىزغىرىن شامال

ئېلىپ كېلىپ تىنىقلىرىڭنى،
ئېلىپ كېتەر تىنىقلىرىمنى.

## ئون سەككىز ياش ناخشىسى

ئون سەككىز ياش ئالتۇن چاغلىرىم
ئون سەككىزدە ئۇچراتتىم سېنى.
ئون سەككىزدە خىيالچان بولۇپ،
ئون سەككىزدە سۆيگەنتىم سېنى.

گۆدەكلىكنى، تەنتەك قىلىقنى
ئون سەككىزدە تاشلىغانىدىم.
غەمسىزلىكنى بېرىپ قۇشلارغا،
يىگىتلىكنى باشلىغانىدىم.

ئون سەككىزدە ئۆگەنگەنىدىم
سۆيگۈ، ۋاپا ھەمدە ۋەدىنى.
ئون سەككىزدە نىشانلىغانمەن
كېلەچىكىم — گۈزەل ئەتىنى.

ئون سەككىز ياش قىران ياشلىقىم
قەدەم قويدۇم يېڭى ھاياتقا.
ئون سەككىزدە مېھرىمنى بەردىم
نىگارىم ئەقلە ... مۇجادىلاق

www.uyghurkitap.com

## جاۋابسىز سوئال

مەن سەندىن سۆيگۈ تىلەپ يۈرگەن چاغلار
كۆرگەنمۇ كۆزلىرىمدە بىر تامچە ياش؟
تەلمۈرسەم كۆزلىرىڭگە سەن باقمىساڭ،
دېمەگەن سېنى يىگىت ئەي باغرى تاش.

ئېرىشتىم سۆيگۈڭگە مەن سۆيگۈم بىلەن
سۆيدۈردى مېھرىڭ مېنى بولۇپ قۇياش.
مەن سەندىن رەنجىپ ئۆتكەن چاغلىرىم يوق،
نە سەۋەب كۆزلىرىمدىن ئاقىدۇ ياش؟

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم

## سۆيۈملۈك سەن شۇنچە، تۆھپەڭ بەك ئۇلۇغ

سەن شەرق ئاسمىنىدا بالقىغان
قۇياش

سۆيۈملۈك پارتىيەم ئۇلۇغلاپ دىلدىن
پەخرىمدۇر شەرەپلىك نامىڭنى ئاتاش.
چۈنكى سەن يەتمىش يىل شان قۇچۇپ كەلدىڭ،
ۋەتىنىم قوينىغا نۇر چېچىپ ئوخشاش.
شۇڭلاشقا مېھرىڭگە، مېھرىم چىڭ تۇتاش،
سەن شەرق ئاسمىنىدا بالقىغان قۇياش.

سەن خەلقىم قەلبىنى يورۇتۇپ كەلگەن
قۇدرەتلىك ئاجايىپ يارقىن، ئېسىل تاڭ.
سەن بولغاچ خەلقىمىز ياشار باياشات،
قونالماس ھۆسنىگە مەڭگۈ توپا-چاڭ.
شۇڭلاشقا مېھرىڭگە مېھرىم چىڭ تۇتاش،
سەن شەرق ئاسمىنىدا بالقىغان قۇياش.

پارتىيەم نۇرىڭدا ئۆستۈم چوڭ بولۇپ،
ھەم سېنىڭ قەدرىڭگە يەتتىم تېخىمۇ.
كۆكلىدىم مېھرىڭدىن ئېلىپ كۈچ-قۇۋۋەت،
ئۆسكەندەك كۆچەتنىڭ يومران بېخىمۇ.
شۇڭلاشقا مېھرىڭگە، مېھرىم چىڭ تۇتاش،
سەن شەرق ئاسمىنىدا بالقىغان قۇياش.

سەن ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە،
لاۋۇلدار ئىشقىڭدا ۋۇجۇدۇم، قەلبىم.
ياشايمەن بىر ئۆمۈر سادىق بوپ ساڭا
بۇ ئۆچمەس، ئەڭ بۈيۈك يۈرەك قەسىمىم.
شۇڭلاشقا مېھرىڭگە مېھرىم چىڭ تۇتاش،
سەن شەرق ئاسمىنىدا بالقىغان قۇياش.

### مۇئەللىم

ئالەمدە ئىنسان كۆپ تىلغا ئالغۇدەك،
تۆھپىسى ئۇلارنىڭ ئوخشىماس بىراق.
ۋە لېكىن مۇئەللىم باشقا بىر دۇنيا،
ئەجرىدىن دىللارغا ياققان نۇر چىراغ.

ئۇ گۆھەر، ئۇ ئالتۇن، ئۇ ئېسىل بايلىق،
قىممىتى قەدرىگە يەتمەس ھېچ نېمە.
ئۇنىڭسىز ئادەمنىڭ بەختىمۇ چاغلىق،
ئۇنىڭسىز دوستۇم سەن مەن ھايات دېمە.

ئۇ-شۇنداق ئاق كۆڭۈل تىرىشچان، باغۋەن،
مەرىپەت بېغىنى ياشنىتىپ كەلگەن.
بىخ سۈرۈپ كۆچەتنى بەرگەندە مېۋە،
ئىپتىخار ئىلكىدە شادلىنىپ كۈلگەن.

ئۇ گۈزەل كەلگۈسى — كېلەچەكنى دەپ،
يەتكۈزدى مېھرىنى ئەۋلاد قەلبىگە.
ئۆلتۈردى ئۆزىنى سۆيۈپ كەسپىنى،
ئۆمرىنى ئاتىدى ۋەتەن خەلقىگە.

ئۇنتۇلماس ئەبەدىي ئۇنىڭ تۆھپىسى،
ئەۋلادلار قەلبىدە نۇر چېچىپ ھامان.
ئۇ شۇڭا ئەڭ يۈكسەك شەرەپ ئىگىسى،
موھتاجدۇر ئۇنىڭغا بىزنىڭ بۇ زامان.

## مۇھەررىر ۋە ئاسار

مۇھەررىر رەھىمسىز بولغاچقا ھامان
ئاشىدۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى - جېنى.
كىرپىكى چۈپلەشمەي نەچچە - نەچچە تاڭ
سىڭگەچكە ئۇنىڭغا ساپ يۈرەك قېنى.

ئۇ شۇنداق رەھىمسىز تاشلايدۇ كېسىپ،
ئەسەرنىڭ ئارتۇقچە ياۋا شېخىنى.
يېسۇن دەپ ھەر قاچان ئۇزۇقلان كىشى
ئاغزىدا قالغۇدەك شېرىن مېۋىنى.

زامانىدىن پاكزات

# ئانا سەھرايىم

## سەھەردە

كۆك كەپتەرلەر ئەگەشتۈرۈپ باچكىسىنى
توپ-توپ بولۇپ دان ئىزدەيدۇ سامانلاردىن.
چەشنى ئايرىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن شامال بىلەن،
لەيلەپ كېلەر يېقىملىق كۈي خامانلاردىن.

چۇۋ - چۇۋلىسا بوز تورغايلار سوزۇپ كۆكتە،
بۆدىنىلەر سايراپ كېتەر بېدىلىكتە.
ئاق قۇشقاچلار چۇرۇلدىشىپ تىنىم تاپماي
غەزەلخانلىق قىلىشىدۇ سىدىلىكتە.

## سەھرا قىزلىرى

خۇش بۇي بولسۇن زىلۋا بويۇم، دەپ
گۈل ئۆستۈرەر سەھرا قىزلىرى.
قوۋناق بولسۇن مەرىكە تويۇم، دەپ
كەچتە ئىشلەر سەھرا قىزلىرى.
چىمەنلىكتىن تۆت قولاق ئىزدەر
بارمۇ مېنىڭ بەخت قۇشۇم، دەپ.
تەلەي سىنار سەھرا قىزلىرى
ياخشى بولسۇن نام - ئابرويۇم، دەپ.
چېچەن كېلەر سەھرا قىزلىرى،
ئىشقا ئاشسۇن ئارزۇ - ئۈميدۇم، دەپ.

پاك دىل بىزلەر سەھرا قىزلىرى،
يورۇق بولسۇن ماڭغان يولۇم، دەپ.
سەھرا، سەھرا، سەھرا قىزلىرى،
سىلەر كۆكنىڭ ھۆر پەرىلىرى.
سىلەرسىزلا قېتىپ قالىدۇ
بەخت قۇشىنىڭ ئالتۇن پەرلىرى.
سەھرا، سەھرا، سەھرا قىزلىرى
سىلەر باغنىڭ سەرخىل گۈللىرى.
سىلەر بىلەن ئاۋاتتۇر ئۆيلەر
ھەم گۈزەلدۇر سەھرا يوللىرى.

## سەبىي باللار

شۇنچە مەسۇم، شۇنچە تاتلىق، شۇنچە ئوماق،
ئويناپ يۈرەر توپىلىقتا بىر توپ سەبىي.
ھايات گۈزەل، بۇ سەھرادا ھايات قوۋناق،
شۇڭا ئۇلار چېچەن ۋە شوخ جەرەن كەبى.

پادىشاھى ئۇلار گويا بۇ كەڭ يۇرتنىڭ،
باغلاردىمۇ، ئېتىزدىمۇ يۈرەر يايراپ.
سىرداشىدۇر ئۇلار ھەربىر قۇش - قاناتنىڭ،
بۆدىنىلەر ئۇلار ئۈچۈن بىرەر سايراپ.

ئېگىز تاغلار، كەڭرى باغلار باللارنىڭ،
سەبىيلەرگە بەرگەن ئۇنى كەڭ تەبىئەت.
ئۇلار ئەركە قوزىلىرى داللارنىڭ،
ئادەملەرنىڭ پەرىشتىسى ئۇلار ئەبەت.

ھۆرنىسا ھامۇت

# ئىككى لىرىكا

### سۆيگۈ

سەن مىسكىن قەلبىمنى يىلىلىستقانىدىڭ
تۇنجى رەت سۆيگۈنىڭ يالقۇنى بىلەن.
شۇ چاغلار ئاي نۇرى نەقەدەر لىۋەن،
سۆزلىرىڭ تىترەتكەن جىسمىمنى مەيىن.
چىن سۆيگۈ ئەللەيلەپ كەتكەنتى بىزنى،
پەرىشان كۆڭلىمىمۇ تاپقانتى ئەمەن.

ئېيتقىنا، ئاي نۇرى، پىچىرلاش، ۋەدە
مەيلىمۇ ئايلانسا بىر گۈزەل چۆچەككە.
ئۆتسۇنمۇ يۈرىكىم ھەسرەت ئىلكىدە،
پاك روھىم تەلپۈنۈپ سۆيگۈ بەختىگە.
سەن شۇتاپ كىملەرنى يۈرىسەن سۆيۈپ،
ھۆكۈمران كىملەرنىڭ قەلب تەختىگە.

ھەسرەتلىك ياشلىرىم تۆكمىدى ئېقىپ،
ئەيلەمسەن بۇ نازۇك قەلبىمنى خازان.
ئۇ ئايدىڭ كېچىلەر كېلىدۇ يەنە،
تىنچىغان دەردلەرنى قويمايدۇ ئامان.
ئازابلىق ئېگرايمەن بىمارغا ئوخشاش،
ئاھلىرىم ئەگمىدۇ مانانلارسىمان.

يوقلايمەن يېگانە دەريا بويىمنى،
ئۆكسىگەن قەلبىمنىڭ تەڭكەش شاۋقۇنى.
ئولتۇرۇپ گۈلزاردا تۆكىمەن كۆز ياش،
باغرىمغا تېڭىپ شۇ سولغۇن غۇنچىنى.
كۆزدىكى خازاننى قىلىمەن دەپنە،
ئاھ، تەنھا ئايلىنىپ ئورمان ئىچىنى.

كەلگەندە ھاياتنىڭ ئالتۇن رەڭ كۈزى
ئەرۋاھلار ئەجەلدىن بەرگەندە دېرەك.
ئامرىقىم، ياش تۆكۈپ كېلەرسەن شۇ چاغ،
ئالدىمغا، جىسمىڭغا ھەمراھ قىلىپ تىرەك.
خەنجەر بىلەن تىلىدۇ يۈرىكىڭنى ھەم،
بىر چاغلار ئىككىمىزنى تىلىگەن تىلەك.

بىلىنەر شۇ چاغدا كىملەر بىۋاپا،
كىم ساداقەتنى چىن ئەيلىدى ھەمراھ.
سۆيۈۋەر خالىغان قىزنى ھەر قاچان،
سۆيگۈمنى نەقىشلە قەلبىڭگە ئەمما.
ئۇنۇتما نامىمنى، يادلا تا ئەبەت،
يوق مەندە ئۇنىڭدىن بۆلەكچە تەمە.

## ئامرىقىم

سەن مېنى ئۇنۇتساڭ جېنىم ئامرىقىم
ئاھلىرىم كۆكسۈڭگە ئۇرىدۇ خەنجەر.
لالىرەڭ غۇنچىلار بەرمەيدۇ ئارام
ئازابلاپ قەلبىڭنى تاشلىساڭ نەزەر،
تەڭرىمۇ ئايىماس سېنىڭدىن جازا،
تاكى سەن ئازابىم چۈشەنگەن قەدەر.

مەنغۇ بۇ دەردلەرنى كېتىمەن يۇتۇپ،
خورسىنىپ ئۇھ تارتىپ ئۆتىمەن پەقەت.
يۈرىكىم كۈل بولۇپ كەتسىمۇ بىراق،
تىلەپمۇ يۈرمەيمەن سېنىڭدىن شەپقەت.
ۋە لېكىن بىمەزگىل سولسا ياش گۈلۈم،
چىدارمۇ ئۆستۈرگەن ئانا تەبىئەت.

گۈلزارنىڭ پەيزىنى سورەلمەيسەن ھېچ،
ئازابلىق يۈرىكىم قىزىل گۈل كەبى.
يامغۇرلار گوياكى ھەسرەتلىك يېشىم،
دولقۇنى ئېقىتىپ كېتىدۇ سېنى.
قەلبىڭگە ئارامىلىق ئەتمەيدۇ بەخش،
ئاھلىرىم سىڭگەن شۇ سەھەر سالقىنى.

كەتمەيمەن بۇ ئەزىز ماكاننى تاشلاپ،
چىقمايمەن مەجنۇندەك تاغ-جىلغىلارغا.
رازىمەن بۇ يۇرتتا ئازابلار چېكىپ،
ياشسام ھەمراھ بوپ تەنھا خىيالغا.
ئۆتىمەن ئەسلىمە قوينىدا شۇنداق،
دەردىمنى تۆكمەن ئانا تۇپراققا.

سۆيگۈڭنى قەلبىمدىن ئۆچۈرەلمىدىم،
رازىمەن تارتىشقا بىر ئۆمۈر ئازاب.
دالىلار ئارىلاپ چۈشكەن ئىمزىڭنى،
ئاتەشلىك چېھرىمدە قىلىمەن تاۋاپ،
تىلەيمەن تەڭرىمدىن شۇ جازالىرىڭ،
ئامرىقىم يۈرىكىم قىلمىسۇن خاراب!

ئەركىن داۋۇت

# تىكەنلىك مىسرالار

## خېلى بولدى

باشلىقىمنى كۆرسەم قەيەردە،
سالام-سائەت قىلىمەن كۈلۈپ.
ئېگىلىمەن خۇددى قىسماقتەك
قاپىقىنى تۇرسىمۇ تۈرۈپ.

تىكىپ قالار پېقىرغا مەنسەپ،
دېگەن ئوينى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ.
غايىبانە بەخت قۇشىنى
خېلى بولدى ساقلىدىم كۈتۈپ.
ئۆزگىرىپتۇ دېمەڭلار مېنى
قىلمىشىمغا ھەرگىز ئۆكۈنۈپ.
تاپالمىدىم تىرناقچە پايدا،
سۇۋادانەك غادىيىپ يۈرۈپ.

## قاتتىق يەردە

ئۇنىمۇ ھەم چەتكە قاقمايمەن،
بۇنىمۇ ھەم چەتكە قاقمايمەن.
مەيلى ياشلىق، مەيلى پۇقرالا
ئاسانلىقچە چاپان ياپمايمەن.
ياخشى قايسى، يامىنى قايسى،
بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايمەن.
تىنىچ تۇرغان لېرۋامنى قوزغاپ،
ئۇرۇق كەبى ھەر يان چاچمايمەن.
ماڭا رىسىق ـ نېسىۋە بەرسە،
ساراڭدىنمۇ يىراق قاچمايمەن،
چىمتقا يېيىپ نۇقسانلىرىنى،
بېشەملەرچە چىشلەپ تارتمايمەن.
يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلىرىم بار،
قاتتىق يەردە ھەرگىز ياتمايمەن.

بارىجان زەپەر

## سەنمۇ بەرگىن كۆڭلۈڭنى

تاڭ سەھەردە ئېچىلغان چوغلۇق
كۈلۈپ تۇرغان ئوماق لەۋلىرىڭ.
چېھرىڭ گويا نۇرلۇق بىر قۇياش،
مىسلى ئىپار خۇش تىنىقلىرىڭ.

بوييۇڭ زىلۋا سەرۋىنىڭ ئۆزى،
قارا چېچىڭ تۈنگە ئوخشىغۇ؛
جۈپ كۆزلىرىڭ تۈندىكى چولپان،
نىگاھلىرىڭ سىرلىق ئېيتقۇ.

نازاكەتتىن ئەندىزە بېرىپ،
زىناقلىرىڭ ياسايدۇ ئۆزھال.
قېشىڭ ئەگرى، يېڭى ئاي كەبى
خوپ ياراشقان مەڭزىڭدىكى خال.

بىلدىم ئايقىز مۇبارەك نامىڭ،
سېنىڭ سۆزۈڭ بالدىنمۇ تاتلىق؛
زىكرى قىلسام ئىسمىڭنى ھەردەم،
ۋۇجۇدۇمغا تولار بىر شادلىق.

كۆڭۈل بەردىم ساڭا تىلەكتىن،
سەنمۇ بەرگىن كۆڭلۈڭنى شۇنداق.
تاۋلاپ سۆيگۈ كۈيىنى ئورتاق
ھايات پەيزىن سۈرەيلى ھەرۋاق!



ئالىمجان ئىسمايىل

# يىغلىما قىز

(پوۋېست)

## 1

ھەممە نەرسە ئارقىدا، ئۇزاقتا قالدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىردان يۇرتى، ناتونۇش شەھەرلەر، چېتى كۆرۈنمەس، ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيدىغان قاقاس چۆللەر، توغراقلىقلار، ئارغىمچىلاقنىڭ قاغجىراپ تۇرغان كۆرۈمسىز قىزغۇچ، تاقىر تاغلىرى — ھەممىسى تولىمۇ ئۇزاقتا، خۇددى سەھەردە كۆرگەن چۈشتەك كۆڭۈلدە خىرە ـ شىرە ئىز قالدۇرۇپ ئارقىدا قالدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا تولا ئاڭلىغان داۋانچىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، مۇشۇ قارا ئارغامچىدەك تولغىنىپ، ئۇپۇق قويىنىغا كىرىپ كەتكەن يول تۆت كۈندىن بۇيان ئۇنى يېتىلەپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يولنىڭ ئايىغى چىقمايدىغاندەك ئەمەس، بۇ قات ـ قات تاغلارمۇ تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس.

ئامانگۈل ھەممە نەرسىگە قاراپ ھاردى. يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاشماقتا. ئارقا تەرەپتە بىرسى قويغان ئۈنئالغۇدىن داۋۇتجاننىڭ ناخشىسى كېلەتتى:

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران ...

بۇ ئادەم يول بويى ئۈنئالغۇنى قويۇپ كەلدى. ئامانگۈل ھەر قېتىم شۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندا، كۆز ئالدىغا ئاشۇ ناخشا بىلەن ئىسمىداش مەھەللىسى كېلىدۇ. ھازىرمۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ھازىر ئۆيدىكىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ھەقچان كېۋەز يىغىشنى باشلىدى. بۇ يىل ھەممە ئۈمىد شۇ كېۋەزدە، ئۆيدىكىلەر شۇنى سېتىپلا ساڭا پۇل ئەۋەتىمىز، دېگەنتى. بىچارە ئاپام يىغلاپ يۈرەمدىكىن؟...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

-- ئامانگۈل، كەلدۇق.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋىجىك، ئاق يۈزلۈك يىگىتنىڭ سۆزى ئامانگۈلنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. يىگىت ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ دېدى:

-- ئەنە ئۈرۈمچى، بۇ يەرنى ئۇلانباي دەپ ئاتايدۇ.

ئامانگۈل ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، ئوچۇقچىلىقتا خۇددى كۆل سۈيىدەك يېيىلىپ، كەچكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ ياتقان شەھەرگە قىزىقىش ۋە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق بىلەن تەلمۈردى. لېكىن ئۇ بۆككىمدە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى چوقچىيىپ چىققان ئىمارەتلەر بىلەن ئېگىز، ئۈستىن قارايغان تۇرخۇنلاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئاپتوبۇس شەھەرنىڭ چېتىدىكى قانداقتۇر بىر زاۋۇتلارنىڭ يېنىدىن خېلى ماڭدى، ئاندىن دۆڭدىن چوڭ بىر كوچىغا قايرىلىپ ئالدى تېمى پۈتۈنلەي ئەينەكلىك، ھەشەمەتلىك بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن كىردى.

— يولۇچىلار بىكەتتى، — دېدى يېنىدىكى يىگىت ئۇنىڭغا بىنانى ئىما قىلىپ.

ئامانگۈل بىناغا قاراپ بولغىچە ئاپتوبۇس قاتتىق - قاتتىق سىگنال بېرىپ ھويلىغا كىردى - دە، مەيداننى بىر ئايلىنىپ ئوچۇقچىلىقتا توختىدى. ئۇزاق يولنىڭ ھاردۇقىدا ئېزىلگەن يولۇچىلارغا جان كىردى. ئۇلار ئالدىراش نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا، كىملەرنىدۇر چاقىرىشىپ ئاپتوبۇس ئىشىكىگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

— مەن چىقىپ شىشىلارنى چۈشۈرەي، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىكى توپا باسقان قول سومكىسىنى تارتىپ چىقىرىپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويدى، — سىز بۇ سومكىلارنى ئالغاچ چۈشەرسىز.

ئامانگۈل ماقۇل دەپ بېشىنى ئېغىتتى، ئاپتوبۇستىكىلەر ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى تار يولدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئامانگۈل تۆت كۈندىن بۇيان ھەمراھ بولۇشقان، بۇ شەھەرگە ھەر خىل مەقسەت، ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەن سەپەرداشلىرىغا قىزىققاندەك قاراپ، ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

ئامانگۈل بىلەن ۋىجىك يىگىت شىشىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىغا چىقىشتى، كەڭ كوچا ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، دۇكانلاردىن چىقىۋاتقان ناخشا - مۇزىكىلار بىلەن گۈۋۈلدەيتتى. ئامانگۈلنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلدايتتى. ئۇ خۇددى بىرى پىرقىرىتىپ - پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك، كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ، بىر خىل تەمتىرەش، ھودۇقۇش، ياتسىراش بىلەن ئالدىدىكى ھەممىگە ھاڭۋېقىپ قارايتتى، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. تۇرسۇن ھەمراھ بولمىغان بولسا تېنەپ نەلەردە يۈرەتتىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ماشىنا سۆزلىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ۋىجىك يىگىتكە قاراپ قويۇپ، — ساۋاقداشلىقنى بۇ دورەم ئوبدان يەتكۈزدى. قىلچىمۇ جاپا تارتماي كېلىۋالدىم. كېيىنچە كىر قاتلىرىنى بولسىمۇ يۇيۇپ، بۇ قىلغىنىنى ياندۇرار مەن، نېمىلا دېگەنبىلەن ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق — تە.

تۇرسۇن ھايال ئۆتمەي ئاقۇش بىر بولكىمۋاي ماشىنىنى باشلاپ كەلدى.

— ھەممىسى مۇشۇمۇ؟ — دېدى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ياشقىنا شوپۇر يۈك -

تاقلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، — ئۇنبەش سوم بېرىڭلار.
ئامانگۈل چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تۆت كۈنلۈك يولدىن ئۇتتۇز نەچچە سومغا كەل-
گەن تۇرسا، ئەمدى بىر قەدەم يەرگە شۇنچىۋالا ئالامدۇ ياكى مەكتەپ شۇنچىلىك يىراق-
مىدۇ - يا؟ هارۋا بولغان بولسا ئەرزەنرەك بولارمىدىكىن - تاڭ.
ئامانگۈلىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۇ يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ تۇرسۇنغا
تەڭلىدى.
— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — تۇرسۇن ئوڭايسىز بىر قىياپەتتە قىزىرىپ كەتتى، — قو-
يۇڭ، يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، بولدى، ماشىنىغا چىقىڭ!
ماشىنا قوزغالدى. ئامانگۈل ماشىنا ئەينىكىدىن ئەتراپقا، بۇ هەيۋەتلىك شەهەر-
نىڭ مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتى. قاياققىلا قارىساڭ بىر - بىرىدىن ئېگىز، هەشەمەتلىك
بىنالار، رەڭگارەڭ گۈللەر، مىغىلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، چىراي-لىق ياسىنىۋال-
غان كىشىلەر ... ئامانگۈل هەممىدىنمۇ بەك بىنالارنىڭ ئالدىغا پەلەمپەي قىلىپ تىزى-
ۋېتىلگەن گۈللەرگە هەيران قالدى. شۇنداق رەتلىك، شۇنداق كۆركەم بۇ گۈللەر ها-
زىرلا ئۈزۈپ تىكىپ قويغاندەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. ئامانگۈلنىڭ كۆزى كوچىنىڭ ئىككى
تەرىپىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئۇلگۈرەلمەيتتى، مانا خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك ئېگىز
بىنا لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئامانگۈل ئۇنىڭ 8- قەۋىتىگىچە سانىيالىدى. ئاشۇ بى-
نالاردىمۇ ئادەملەر ئولتۇرىدۇ - هە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بېشى قايماي، قورقماي قان-
داق ئولتۇرىدىغاندۇ؟ بىزنىڭ مەكتەپمۇ شۇنداق ئېگىزمىدۇ؟ ئۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىنى
شۇنداق تېز هەيدەۋاتقانلىقىغا ئاچچىقلاندى. ئۇنىڭ شەهەرنى ئوبدانىراق كۆرۈۋالغۇ-
سى بار ئىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئەمدى بۇ شەهەردە بەش يىل تۇرىدىغانلىقى ئېسىگە
كېلىپ خاتىرجەم بولدى. كۆڭلى شادلىققا تولدى. تېخى ئون كۈن ئىلگىرى ئۇ ئاشۇ
يېزىدىن قاچان قۇتۇلارمەن، دەپ غەم يېگەنىدى. كىشىنىڭ تەقدىرىمۇ ۋاقتى - سائى-
تى كەلسە بىر دەمدىلا ئۇياق - بۇياق بولۇپ كېتىدىكەن، مانا ئۇ بىر پارچە قەغەز، بىر
ئېغىز ماقۇل بىلەنلا دېهقان قىزىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. كېچە -
كۈندۈز ئارمان قىلغان ئارزۇ - تىلىكىگە يەتتى، مانا پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدىغان شە-
هەرنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتىدۇ، ئەمما ...
تۇرۇپلا ئامانگۈلنىڭ ئېسىگە يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كېلىپ، كۆڭلى خۇددى
چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى. ئۇ بۇ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن كو-
چىغا قارىدى. ماشىنا ئەمدى بايىقىدىن تارراق، ئادەملەرمۇ شالاڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى.
— ئەنە مەكتەپكىمۇ كېلىپ قالدۇق.
تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ، ئالدى تەرەپنى شەرەت قىلدى.
ئامانگۈل هولۇققان هالدا ئالدىغا قارىدى. ئىككى تەرىپى بۈككىدە دەرەخلەر
بىلەن قاپلانغان كوچىنىڭ بېشىدا ئېگىز بىر دەرۋازا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەرۋازى-
نىڭ يان تۈۋرۈكىگە ئېسىلغان ئۇزۇن ئاق تاختايغا چوڭ قىلىپ مەكتەپنىڭ ئىسمى
يېزىلغانىدى. ئامانگۈل خەتنى ئوقۇپ خۇشال كۈلۈمسىرىدى ۋە يېنىك بىر تىنىپ

www.uyghurkitap.com

قويدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقان، بىر - بىرىنى قولتۇقلىۋالغان قىزلارغا قويدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقان، بىر - بىرىنى قولتۇقلىۋالغان قىزلارغا توپ - توپ يىگىتلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى. ئۇمۇ بۇندىن كېيىن مۇشۇ يوللاردا ئاشۇلاردەك ئەركىن، غەمسىز ماڭىدۇ، ئاشۇ خىيابان باغ ئىچىدە، ئاۋۇ ئورۇندۇقلاردا دەرسلەرنى تەكرارلايدۇ، دەم ئالىدۇ. بىچارە ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە قانچە خۇشال بولار - ھە! خۇدا بۇيرۇسا مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئاپىسىنى بىر ئەكىلىپ كۆرسىتىدۇ، شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىدۇ...

ماشىنا فونتان ئېتىلىپ تۇرغان كۆلچەكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈچ قەۋەتلىك قەدىمىي پاسونىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تۇرسۇن شوپۇرغا پۇلنى بېرىپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى - دە، بىناغا كىرىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى قامەتلىك بىر ئادەمنى باشلاپ چىقتى.

— ئامانگۈل، سىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىڭىز، — دېدى تۇرسۇن ئۇ كىشىنى ئامانگۈلگە تونۇشتۇرۇپ.

— بەك كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى ئامانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال - ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، — باشقا ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولغىلى نىكەم...

ئامانگۈل نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە قارىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئوقۇتقۇچى «ئەمدى كەچ قالدىڭىز، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ» دەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، ئاۋۋال سىزنىڭ ياتىقىڭىزنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى مۇئەللىم ۋە ۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

مۇئەللىم ئامانگۈللەرنى قاراڭغۇ كارىدور ئارقىلىق 3 - قەۋەتنىڭ باش تەرىپىدىكى بىر ياتاقنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن بىر قىزنىڭ كىرىڭ، دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇلار شىڭىلارنى كۆتۈرۈشكىنىچە چاققانغىنا ياتاققا كىرىشتى. ئامانگۈل بۇ يېڭى ماكانغا ئىنتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ياتاققا تام بويلىتىپ ئىككى قەۋەتلىك ئۈچ جۈپ كارىۋات قويۇلغان، ئىشىك تۇۋىدىكى بوش ئورۇنغا بولسا ساندۇق، چامادانلار تىزىۋېتىلگەنىدى. دېرىزە ئالدىغا تارغىنا بىر ئۈستەل قويۇلغانىدى. تۆردىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى گۈللۈك يۇڭ ئەديال يېپىلغان ئورۇندا، خۇددى ئارتىستلاردەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر ئورۇق قىز ئۈستەلدىكى ئەينەككە قاراپ پەرداز قىلىۋاتاتتى. ئۇ كىرگەنلەرنى كۆرۈپ ئىنتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، ئەينەك ۋە پەرداز قۇتىسىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقتى.

— ھە، ئادىلە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى مۇئەللىم ھېلىقى قىزغا قاراپ.

— بىكار، مۇئەللىم... — قىز ھودۇقۇش ئارىلاش ئالمان - تالمان جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ يۈزى شۇ ھامان قىزىرىپ ئوت ئالدى.

— ئادىلە، سىزگە يېڭى ھەمراھ كەلدى، — دېدى مۇئەللىم قارشى تەرەپتىكى بوش كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە ئامانگۈلگە قاراپ سوئال نەزەرىدە بېشىنى ئىرغىتتى، —

ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟ هە، ئامانگۈل، تونۇشۇۋېلىڭلار، بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادىلە، سىلەر بىر سىنىپتا ئوقۇيسىلەر.

مۇئەللىم ئۇلارغا رەسمىي دەرس باشلىنىشچە قىلىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر دەپ بولۇپ ئامانگۈلگە «ئەمىسە ئورۇنلىشىۋېلىڭ، قالغان ئىشلارنى ئەتىگەنچە سۆزلىشەرمىز» دەپ تۇرسۇن بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. ئامانگۈل ئۇلارنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ قەلبى شادلىقتىن يايرايتتى، ساق - سالامەت مەكتەپكە كېلەلىگەنلىكىدىن خۇرسەن ئىدى، ئۇ هارغىنلىقىنىمۇ سەزمىدى. پەقەت ئۇسساپ تاماقلىرى ۋالغانلىقىدىن قۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۇستەلدىكى ئىستاكاندا لىپمۇلىپ تۇرغان چايغا تەلمۈرگەن هالدا قاراپ قويدى، تىۋۋا، چاي - پاي ئىچەمسىزمۇ دېمەيدىغۇ، تازىمۇ هالى بار قىزمۇ نېمە، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بۇندىن كېيىن بەش يىللىقچە بىللە ياتىدىغان ساۋاقدىشىغا ئاستا، ئەيمەنگەن هالدا سەپ سالدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئاق سېرىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ دومپىدۇگىسلەك كۆكۈش كۆزى ئامانگۈلگە باشتىلا سوغۇق كۆرۈندى. يۈزىنىڭ ئورۇقلۇقىغا باقماي ئېڭىكى بەكمۇ ئۇچلۇق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ ئۇزۇن كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بۇدۇر قىلىپ بۇلۇتتەك كۆپتۇرۇۋالغان سېرىق چېچى يەلكىسىگە يېيىلىپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچە هەۋەس قوشۇپ تۇراتتى.

ئۇ قىزمۇ تەرلەپ پىشىپ كەتكەن ئامانگۈلگە سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى ئامانگۈلنىڭ تۇپا - چاڭ باسقان شەكلىسىگە، قوپال سىرلانغان كىچىككىنە ساندۇقىغا چۈشكەندە قانسىز يۈزى پۈرۈشتى، ئىنچىكە قېشى كېرىلىپ، پېشانىسىدە ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولدى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟ — ئاخىرى ئۇ سۆز قاتتى.

— ئاقسۇدىن.

— ئۆيىڭىز بازار ئىچىدىمۇ؟

— ياق، يېزىدا.

— ئۇرۇمچىدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— خورەك تارتمايدىغانسىز؟

ئامانگۈل ۋىللىدە قىزاردى.

— ياق.

بۇ قىزنىڭ سوئاللىرى ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىگە تىك كەلدى. ئەجەبمۇ قوپال، سوغۇق قىز ئىكەنا، ئوقۇغۇچىدەكمۇ تۇرمايدۇ، تۇرقىدىن قارىغاندا يا ئۇرۇمچىلىك، يا شىماللىق بولسا كېرەك، بۇ قىز بىلەن قانداق قىلارمەن؟ — ئامانگۈل ئەندىشە ئىچىدە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ياتاققا كىرگەن چاغدىكى خۇشاللىقى نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ ئىچىگە بىر تىنىپ قويدى - دە، شىگىلىسىنى يېشىشكە كىرىشتى. ئۇ، ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئاپىسى يوتقان - كۆرپىسىنى پۈتۈنلەي يېڭىدىن تىكىپ بەرگەنىدى، ھەتتا ياستۇقىنىڭ تىزغىقىنىمۇ يېڭى تىزغاققا ئالماشتۇردى، پەقەت يېڭى كىگىز

www.uyghurkitap.com

ئىلىشقا پۇل يېتىشمەيدى، شۇڭا ئۆيدىكى ساقىراق مۇشۇ ئاق كىگىزلى چېكىپ بەرگەن ئىدى. ھېلىمۇ بەچارىلەر ئۇنى جابدۇش ئۈچۈن بېقىۋاتقان ئىككى قويىنى، ئۆي سالىمىز دەپ ھازىرلاپ قويغان بەش تال تېرەكنى سېتىۋەتتى. ئامانگۈل شۇلارنى ئويلىسىلا يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشاتتى.

ئامانگۈل كىگىزنى تالاغا ئەپچىقىپ بىرە-قۇر قېقىشتۇرىۋېتىپ كارىۋاتقا سالدى، يوتقان-كۆرپىلىرىنى قاتلاپ يىغدى، ئاخىردا ياستۇقىنى كارىۋاتقا ئىلىشىغا، نېمە بولدى، ياستۇق چارتلا قىلىپ يىرتىلىپ ئىچىدىكى توزغاق خۇددى بوران ئۇچۇرغان ساماندەك ياتاق ئىچىگە، ئادىلەنىڭ ئورۇن-كۆرپىلىرىنىڭ ئۈستىگە پۇقراپ چېچىلدى.

— ئاپام! ...

ئامانگۈل چىرقىرىغىنىچە ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. قورققىنىدىن پۇت-قولىدا جان قالمىدى.

باياتىن ئامانگۈلنى ئورنىڭىزنى سېلىۋېلىڭ، دەپ ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا ئۆرتۈپ ئولتۇرغان ئادىلە تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن دەسلەپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن توزغاققا مىلەنگەن كارىۋىتىغا، ئورۇن-كۆرپىسىگە كۆزى چۈشۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھەي، كۆزىڭىز بارمۇ؟ ... ۋىيەي، نېمىش بۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

ئامانگۈل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ياستۇقنى يۆلاپ كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە، قولى بىلەن ئالمان-تالمان ئادىلەنىڭ كارىۋىتىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى:

— مەنمۇ ئۇقماي قالدىم ... مىخقا ئىلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ ...

— ئۇش، بولدى، بولدى، — ئادىلە كارىۋىتىغا ئۆتۈپ ئامانگۈلنى قوپاللىق بىلەن سىلكىدى، — نېمە ئۇ مەينىتىڭىزنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىپ يۆرەتتىڭىز؟ ۋاي خۇدايىم، ئامان بولساق تېخى ئىش بار ئوخشايدۇ...

ئۇ غۇدۇرىغىنىچە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن چىرايلىق توقۇلغان كىچىككىنە قول سۈپۈرگىسىنى ئېلىپ ئورنىنىڭ ئۈستىدىكى توزغاقلارنى پولغا سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

ئامانگۈل خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرگۈدەك بولدى. ئەجەبمۇ سەت ئىش بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — كېلە-كەلمەيلا سەھەرالىقلىقىمنى قىلدىمغۇ... ئەمدى بۇنىڭغا بولۇپ بېرىدىغان بولدى-دە... ماۋۇ قىز ئۆزۈك سۈپۈر، دېگەن بولسىمۇ يىغىپ ياستۇقىمغا قاچىلىۋالاتتىم، يەردىن يىغىۋالسام تېخىمۇ زاڭلىق قىلار، ئەمدى پاكار ياستۇقتا قاندىقمۇ ياتارمەن؟ ئەستا...» ئۇ ئادىلەنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا چەيلىنىپ ئەخلەتكە ئايلىنىۋاتقان توزغاقلارغا ئىچى سىيرىلغان ھالدا قاراپ قويدى.

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تونۇشىشى شۇنداق باشلاندى.

2

ئادىلە مۇشۇ شەھەرلىك قىز ئىدى. يەنە كېلىپ نام-شەرىپى شەھەرگە مەشھۇر بولغان نازىرنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى ئىدى. ئادىلەنىڭ ئىككى ئاكىسى خېلى

بۇرۇنلا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشكەن، ئۇلار ھەپتە - ئون كۈندە بىر كېلىپ چوڭ ئۆيىنى يوقلاپ قويۇشاتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ بۇ ئائىلىدە ئادىلە تولىمۇ ئەركىن ئۆستى. ئۆي-دىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇشى، نەدە تۇرۇپ، نەدە يۈرگىنىنى سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسىمۇ تەگمەيتتى. پەقەت بىر ئىش ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويدى. ئادىلە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا سىنىپتىن كۆچەلمەي قالدى. ئۇ ھەممە پەندىن بىراقلا ئۆتەلمىگەنىدى. بۇ ئىش شەھەردە ئۆزلىرىنى تۆتىنىڭ بىرى ساناپ يۈرگەن بۇ ئائىلىنىڭ يۈزىنى ئوبدانلا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئەمدى ئادىلەنى چىڭ تۇتۇدىغان، ئىلگىرىكىدەك نېمە دېسە رايىغا قويۇپ بەرمەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئادىلە مىڭ بىر تەسلىكتە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئائىلىسىنىڭ زورى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى، ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىلگىلى بارغاندا، لېكىن قانچە نومۇر ئالىدىغانلىقى دادا بىلەن ئانىغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئاخىرى نازىر ئۆزى ساقلىغان سۆرەپ مەكتەپكە، ماڭارىپ ئىدارىسىگە، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىلىرىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ھېلىمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئۇنىڭ يېقىنلىرى چىقىپ قالدى. ئۇلار بۇ پېشقەدەم باشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئادىلەنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى.

— مەن مال دوختۇرى بولمەنمۇ؟ — دېدى ئادىلە ئۆزى تەقسىم قىلىنغان مەكتەپنىڭ نامىنى ئاڭلاپ دادىسىغا، — بولدى، ئوقۇمايلا قوياي.

— ئاۋۋال ئوقۇپ چىقمامسىز قىزىم، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن دىپلومنى ئېلىپ، ئاندىن بىر گەپ بولمامدۇ.

توغرا، ئۇ نېمە غەم قىلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە دادىسى ھەممىنى توغرىلايدۇ، ئۇنىڭدا شۇنچىلىك يۈز - ئابروي، ھوقۇق بار... ئادىلە بۇنىڭغا باش قاتۇرمىدى. ئۇ پەقەت يەنە بەش يىللىق سىنىپتا، مەكتەپ ئىچىدە سولىنىپ ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسىلا بېشىغا تاغ يىقىلاتتى. نېمە ئىلاج، ئاخىرى ئۇ بويىنىنى باغلىغاندەك بولۇپ مەكتەپكە باردى، لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇيدۇ، دېگەننىگە ئۇنىماي مەكتەپ ياتىقىدا ياتتى. ئۆيىدە مېنى قەپەسكە سولاپ ئۆيىنىڭ ئىشىنى قىلغۇزىدۇ، ئۇنىڭدىن مەكتەپ قانداق بولمىسۇن ئەركىنرەك - قۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزلاردىن دوست تېپىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ھازىرغىچە ئۇنىڭ دىتىغا ياقىدىغان بىرمۇ قىز ئۇچراشمىدى، ئامانگۈل دەسلەپ كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ئادىلەنى تاڭ قالدۇردى. لېكىن ئۇنىڭ سەھرالىقلىقى، قىلىقلىرى كۈندىن - كۈنگە ئۇنى بىزار قىلىشقا باشلىدى. ئادىلەنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆڭلى قالدى. ئۇ زېرىكىشكە باشلىدى.

بۈگۈن شەنبە، ئۇ دەرستىن چۈشۈپ بىردەم مەكتەپ ھويلىسىنى ئايلىنىپ يۈردى، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى زادىلا يوق ئىدى. ھەقىچان تاغاردا بىر كىرنى يىغىپ تەييار قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۇنى تۈگەتسەم ئۆي تازىلايمەن، تاماق ئەتمىسەم بولمايدۇ، ۋاي بولدىلا، ئۇ ئۆيىگە بېرىشتىن قەتئىي يالتايدى، ياتاقتىمۇ كۆڭلى تارتمايتتى، دېمىسىمۇ ياتاقتا ئۇ مۇڭداشقۇدەك كىم بار، ھەممىسى بىر - بىرىدىن ئۆتكەن تومپاي، سەھرالىقلار...

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ئۇ كىنو كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ، سومكىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتاققا ماڭدى. بىناغا كىرىشىگە دىجورنى ئايال ئۇنى چاقىردى:

— ئادىلە، — دېدى ئۇ دېرىزىدىن بىر خەتنى چىقىرىپ، — باياتىن بىرەيلەن كېلىپ سىزگە ماۋۇ خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى.

ئادىلە ئەجەبلەنگەن هالدا خەتنى ئاچتى:

ئادىلە! — دەپ يېزىلغانتى بۇ قىسقا خەتتە، — سىزنى خېلى ساقلاپ بېقىپ، ئاخىرى قايتىپ كەتتىم، بىكار بولساڭ كەچ سائەت 5 تە «ئەلئىبەرام» غا كەلگىن.

تۇرغان.

ئادىلەنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك سائىتىگە قارىدى. يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىكەن. ئۇ خەتنى پۈرلەپ يانچۇقىغا سالدى-دە، يۈگۈرىگىنا — ياتاققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى، ۋۇجۇدىدا هاياجان دولقۇنلىناتتى. تۇۋا، تۇرغان كەپتۇ-دە، بىز كۆرۈشمىگىلى مانا تۆت ئاي بوپتۇ، مېنى ئىزدىگىنىگە قارىغاندا ئىچكىرىدىكى ئوقىتى جايىدا بولغان ئوخشايدۇ، زىيان تارتسا هەرگىز ئىزدىمەيدۇ، ئۇ نېمە ئەكەلگەندۇ؟ توفلى، پىلاش، كۆڭلەك... ئىچكىرىدە قانداق كىيىم مودا بولۇپ كەتتىكىن؟ ئىشقىلىپ قۇرۇق كەلمىدى. كەچتە كۆرۈمەنغۇ...

ئادىلەنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ سودىگەر يىگىت بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىش، ئالدىيېشىل چىراغلار چاقناپ تۇرغان، چىرايلىق قىز-يىگىتلەر بىلەن تولغان كوفىخانا، كۆككۈللۈك ئولتۇرۇش، مۇزدەك پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئالىي ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، ئاندىن قانغۇچە تانسا ئويناش، ئاخىرىدا خالى قېلىپ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

ئادىلە شۇلارنى ئويلىغاچ پەلەمپەي بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. قەيەردىندۇر ياتاقلارنىڭ بىرىدە ئۈنئالغۇدىن ئۇ ئەڭ ئامراق ناخشا ياڭرىماقتا ئىدى:

قارا ساچىڭ يەلپۈنەر،
كۆزۈڭ ماڭا تەلپۈنەر،
يۈرىكىمۇ تەلپۈنەر،
ئون سەككىز ياشىم، ئون سەككىز ياشىم،
ئون سەككىز، ئون سەككىز، ئون سەككىز ياشىم...

ئۇ بۇ ناخشىغا دىمىقىدا قېتىلغىنىچە ياتاققا كىردى، لېكىن كىردى-يۇ، ئەرۋايى ئۇچتى:

— ئوهوي ... نېمە ئىش بۇ؟

ياتاقنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا تارتىلغان تانىغا سۈيى ئېقىپ تۇرغان رەڭگارەڭ كىيىملەر يېيىۋېتىلگەنىدى. ئادىلەنىڭ باياتىنقى شادلىقى يوقالدى، كەيپى ئۇچتى. يەنە كېلىپ نەق ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا داغلىرى پاكىز چىقمىغان گۈللۈك كالتە ئىشتاندىن ئىككىسى يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تامچىلىغان سۇ كارىۋىتىغا يېپىلغان

ئەدىيالغىمۇ ئېقىۋاتاتتى. سېمونت پول كىردىن ئاققان سۇدا چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئادىلە ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا مايكىچان بولۇپ كىر يۇيىۋاتقان ئامانگۈلگە قاراپ ئاچچىقلاندى:

— ھۆيت خېنىم، كىرخانا قىلىۋېتىپسىزغۇ بۇ ياتاقنى،— ئۇ كارىۋىتى تەرەپكە ئۆتۈپ ئەدىيالنى تۇتۇپ كۆردى ۋە نېپىسقىلىق ئىشتانلارغا يىرگەنگەن ھالدا قاراپ قولىنى شىلتىدى،— ئېلىڭ ماۋۇ دەپسەندىڭىزنى، يۇندىڭىزنى، خەقنىڭ ئورنىغا ئېقىتامسىز؟!

ئامانگۈل نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى.

— نەگە يايىمەن؟— دېدى ئۇ ئاستا.

— نەگە يايسىڭىز يايماسىز، مېنىڭ بېشىمغا ئەكىلىپ يايامتىڭىز؟ ھوي، قىزىق گەپ ئىكەنە بۇ، بۇ يەر دېگەن كوللېكتىپ ياتاق، سىزدىن باشقىمۇ ئادەم بار، يائاللا، قاچاندۇ بىر داشۆسىڭدەك بولۇپ غەرەز تۇقىدىغان بولار... نېمە قاراپ تۇرىسىز، ماۋۇ قاسماقلىرىڭىزنى ئېلىڭ دەۋاتىمەن!

ئامانگۈلنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى تاتىرىپ دومسايدى، ئۇ خۇددى ئاپىسىدىن دەشنەم يېگەن بالىدەك بويىنىنى قىسىپ ئادىلەنىڭ زەھەردەك گەپلىرىگە قارىتا بىر ئېغىز جاۋاب ياندۇرماستىن ھېلىلا يايغان كىرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ باياتىن مۇشۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، ئادىلەنىڭ دەرستىن چۈشۈپ يوقاپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئۆيىگە كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ خاتىرجەم ھالدا كىرنى يايغانىدى.

ياتاقنىڭ ئىچىنى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باستى. ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا تور توقۇپ ئولتۇرغان قازاق قىز ئامانگۈلگە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ قويدى-يۇ، باشقا گەپ قىلمىدى. ئىشىك تۈۋىدە ياتىدىغان سېمىز قارا قىز — نۇرىمان ئوقۇۋاتقان كىتابىتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئادىلەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

ئادىلە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا زەن قويمىدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى ئاچچىقتىن تۇرۇلگەنىدى. ئۇ ئامانگۈلنىڭ كىرلارنى يىغىشتۇرۇشىنىغا يارىتمىغان، خۇددى بىرنېمىدىن سەسكەنگەندەك قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن دېرىزە تەكچىسىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى، تارتمىدىن چىرايلىق پەرداز قۇتىسىنى ئېلىپ، ئىنچىكە قېشىنى قېرىنداشتەك بىر نەرسە بىلەن بويىدى. قاپىقىغا سۈرمە تارتتى، كالپۇكىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىدى. بۇلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر بۇلۇڭدىكى قىزلارنىڭكىدىن ئايرىم تىزىپ قويغان قىزىل چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كىيىملىرىنى ئېلىشقا باشلىدى.

ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كىيىمى ئەڭ جىق ئىدى. قىزىل چامادانىنىڭ ئىچى ئاغزى بىلەن تەڭ كىيىمگە توشقانىدى. ئۇ ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك كىيىم ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى، يەنە كېلىپ قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ مودىلىق، قىممەت كىيىملەرنى كىيەتتى. قىزلار ئۇنىڭغا قانچە ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېڭى پاسوندىكى كىيىملىرىگە ھەۋەس قىلىشاتتى، ئۇنىڭدىن قەيەردىن ئالغانلىقىنى ئاستا سورىشاتتى، يۇقىرى يىللىقنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنىڭدەك ياسىنىپ يۈرىدىغانلار ئاز ئىدى.

ھازىرمۇ ئۇ خۇددى كۆز-كۆز قىلغاندەك قىزلارنىڭ ئالدىدا كىيىملىرىنى بىر-بىرىن ئېلىپ ئۈستىگە تەڭلەپ چىقتى، ئاخىرى گۈللۈك كوفتا بىلەن شۇنىڭغا پار قاتلاق يوپكىنى ياراتتى. پۇتىغا يىپيېڭى توفلى، يېڭى پايپاق كىيدى، يەنە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. چامادانىدىن ئەتىر ئېلىپ چېچىغا، كىيىملىرىگە چاچتى، ياتاقنىڭ ئىچىنى گۈپپىدە ئۆتكۈر پۇراق بىر ئالدى. قىزلار يەر ئاستىدىن ئۇنىڭ پەرداز قىلىشىغا ھەۋەس، ھەسەت بىلەن قاراپ-قاراپ قويۇشاتتى. لېكىن ھېچكىم تىنىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى، ئاخىرى ئادىلە سائىتىگە قارىدى ۋە چىرايى جىددىيلىشىپ نەرسىلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇپ جايلاشتۇردى-دە، سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

ئادىلە ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئۆزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ كىرلىرىنى قاتلاۋاتقان، ئامانگۈلگە ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. كارىدوردا ئۇنىڭ تاقىلداپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى خېلى بىر چاقىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

— يائاللا، كەتتىمۇ بۇ ھازازۇل! — ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا تور توقۇپ ئولتۇرغان قازاق قىز خەدىشە دېرىزىدىن سىرتقا قارىغاچ دېدى، — ھە، ئەنە كېتىۋاتىدۇ، كىرىڭىزنى يېيىۋېرىڭ ئامانگۈل، ئۇ بۈگۈن كەلمەيدۇ.

— بۇ بىر نېمە قىپقىزىللا زومىگەر بولۇۋالدىغۇ ئەمدى، — نۇرىمانمۇ كىتابىنى قاتلاپ گەپ قىستۇردى، — نېمىسىگە شۇنچىۋالا ئۆكتەملىك قىلىدۇ؟

ئامانگۈل باياتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ گېپى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى چېقىۋەتتى، ئۇ كارىۋاتقا ئېڭىشكىنىچە مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ بىرىنچى قېتىم يىغلىدى، ئادىلەنىڭ ئاھانىتى، خورلۇقى ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نۇرىمان بىلەن خەدىشە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزلەشكە باشلىدى:

— بولدى يىغلىماڭ، — دېدى خەدىشە، — بولمىسا سىنىپ مەسئۇلىڭىزلارغا دېسىڭىز بولمامدۇ، ياۋاش تۇرسىڭىز بوزەك قىلىۋېرىدۇ.

— شۇ، سىزمۇ تېتىپ قويۇڭ، — نۇرىمان ئۇنى قۇۋۋەتلىدى، — چىدىمىسا باشقا ياتاققا چىقىپ كەتسۇن.

— ئۇنىڭ بىلەن بەش يىلنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمىز؟

ئامانگۈل قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى توختىتىۋالالمايۋاتاتتى، بۈگۈنكى ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلدى. ئۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۈدەك ئادىلەنىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنىدىكىن-تاڭ؟ مانا مەكتەپكە كەلگىلى بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى، ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن ئادىلە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئۇۋەن تېپىپ سىلكىشلەيتتى، بىردەم پۇتۇڭنى يۇيمىدىڭ، ياتاق سېسىپ كەتتى دېسە، بىردەم كارىۋاتنى غەيچىرلىتىپ ئۇخلاتمىدىڭ، دەيتتى،

ئاشكارىدىن ـ ئاشكارا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى مازاق قىلاتتى، ئامانگۈل ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان قونچىقى بولۇپ قالدى. ئامانگۈل شۇڭىمۇ ياتاقتا ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە گەپ قىلىشتىنمۇ ئەيمىنىدۇ. ئۇنى كۆرسە ئېيمىشقىدۇر ھودۇقۇپ، تېنى شۈركىنىدۇ، ئۇ ياتاقتا بولسا ياتاقتا ئولتۇرغۇسىمۇ كەلمەيدۇ.

ئامانگۈل دەسلەپ ھەممە گۇناھنى ئۆزىنىڭ ئەپسىزلىكى، تومپايلىقىدىن كۆردى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ چوڭ شەھەر، ئالىي مەكتەپتىكىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، تۇرمۇش ئادىتى تولىمۇ يېڭى، يوچۇن ۋە سىرلىق بىلىنىپ ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەر بىر ئىشتا ئادىلەنى، باشقا قىزلارنى دوراشقا باشلىدى، ئۇ ئۆمرىدە چىشىنى چوتكىلاپ يۇيۇپ باقمىغانىدى. ئۆتكەن يەكشەنبە ماگىزىنغا كىرىپ چىش چوتكىلايدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، دەسلەپ چوتكىلىغاندا چىشى قاناپ كەتتى، چوتكا بەك قاتتىق ئىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئاغزىنىڭ ئىچى قۇرۇپ، بىر كۈن كەچكىچە كالپۇ-كىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ يۈردى. لېكىن بارا ـ بارا ئۆگىنىپ قالدى، ھازىر ئەتىگىنى چىشىنى چوتكىلىمىسا ئاغزى بەتتام بولۇپ بىئارام بولىدۇ. ئۇ پات ـ پاتلا يوشۇرۇنچە يانچۇقىدىكى كىچىك ئەينەكتە چىشلىرىغا قاراپ باقىدۇ ۋە ئاقىرىپ ئېچىلىپ كەتكەن چىشلىرىغا، كۈندىن ـ كۈنگە سۈزۈلۈپ تولۇۋاتقان چىرايىغا قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

ئامانگۈل ھەممىدىن ئادىلەنىڭ كىيىملىرىگە ھەيران قالاتتى. قايسى كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى ئادىلەنىڭ روباشكىسىغا چۈشۈپ يوشۇرۇنچە ئاستا ئۇنىڭغا سەپ سالدى. يىپەكتەك غىلدىرلاپ تۇرغان ھال رەڭ روباشكىسىنىڭ ئالدىغا ۋە ئېتەكلىرىگە تور تۇتۇلغانىدى. بۇ كىيىمدە ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنى شۇنداق زىلۋا، چىرايلىق كۆرۈ-نەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ سوۋېتنىڭ روباشكىسى بولۇپ 30 سومغا ئاپتۇ. ئادىلەدە بۇنداق روباشكىدىن 4 ـ 5 ى بار، ئۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرنى يەڭگۈشلەيدۇ، ئامانگۈل ئاپىسى تىكىپ بەرگەن قىزىل تاۋار روباشكىسىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا پەقەت ئىككىسىلا بار، شۇنىمۇ قاچان يىرتىلىپ كېتەر دەپ ئاياپ كىيىدۇ.

ئامانگۈل ياتاقتىكى باشقا قىزلارغىمۇ سەپ سالدى. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭمۇ ھال ـ كۈنى، كىيىم ـ كېچەكى ئامانگۈلدىن جىق ياخشى ئىكەن. ئۇرىمانغا ھەر ئايدا ئۆيىدىكىلىرى خۇددى دېيىشىۋالغاندەك 50 يۇەندىن پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. خەدىشە-گىمۇ خەت ـ خالتا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنىلا ئۇ 90 يۈەنگە بىر ئۆتۈك ئالدى. ھەر ھەپتىدە بىر يېڭى كىيىم ئېلىپلا تۇرىدۇ... ئامانگۈل ياتاقتا ھەممىدىن بىچارە، ھەممىدىن نامرات ئۆزى ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ ئادىلە ئۇنى كۆزگە ئىلماي خارلايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇڭا بايا ئادىلە ئۇنى سىلكىشلىگەندىمۇ ئۇ پەقەت ئىچىگىلا سالدى. ئۆزىنىڭ نامرات، كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىدى. لېكىن ئۇنىڭ نېمە

ئامالى بار؟ ئۆيىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان، ئۇلارنى پۇل دەپ قىينىتاشقا يۈرىكى چىدىمايدۇ، ئۇ مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ شۇلارنى ئويلىغان، باشقىلاردىنمۇ ئۈرۈمچىدە پۇل بولمىسا ئوقۇماق تەس ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى. ئەگەر قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمىسە يېزىدا ئۆمۈرۋايەت دېھقان بولۇپ ئۆتسە بولىدۇ، ئاشۇ ئانىسىدەك، ئوقۇشتىن يالتىيىپ چىققۇالغان دوستلىرىدەك ئېتىزدا ئەمگەك قىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە يول بار؟ شۇڭىمۇ ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىش ئۈچۈن ئاز ئازار چەكمىدى، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز بەدەل تۆلىدى، ئاخىرى ئارزۇسىغا يەتتى، ئۇ يەنە قانچىلىك قىيىنچىلىق بولسا چىدايدۇ، ئۇ بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئادىلەمۇ ئۆگىنىشلىپ قالار...

ئامانگۈل يەنىلا ئۆزىگە تەسەللى بەردى، يىغا بىلەن ئىچ-قارنىمۇ بوشاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئادىلەنىڭ بۈگۈن كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يىغىۋەتكەن كىرلىرىنى باشقىدىن يايدى.

3

ئامانگۈلنىڭ شەھەرنى كۆرگىسى بار ئىدى. لېكىن يالغۇز چىقسا ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ بىر يەكشەنبىنى ياتاقتا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئارىلىقتا تۇرسۇنغا دەپ باقماقچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە قىزلار، مۇئەللىملەر كۆرۈپ باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغىمۇ ئېغىز ئاچمىدى. بۈگۈن نۇرىمان ئۇنىڭغا بازارغا بىللە چىقايلى، دەپ قالدى. ئامانگۈلنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى، ئۇ خۇددى تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ، باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلدى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، كوچىدا ئادەم جىق ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە ئاپتوبۇسنى چىقالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— ئامانگۈل، — دېدى نۇرىمان ئۇنى تارتىپ، — بۇنداق تۇرساق كەچكىچىمۇ چىقالمايمىز، سىز ماڭا ئېسىلىڭ، بۇ قېتىم چوقۇم چىقايلى.

نۇرىمان تەنھەرىكەتچىدەك بەستلىك قىز ئىدى، ئامانگۈل ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىلىكىنى مەھكەم تۇتتى، دەرۋەقە نۇرىماننىڭ يول ئېچىشى بىلەن ئامانگۈل ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئاپتوبۇس ئىچىدە دەسسىگۈدەك يەر يوق ئىدى. كىمدۇر بىرى ئامانگۈلنىڭ ئوڭ پۇتىنى شۇنداق قاتتىق دەسسىدىكى، ئۇ چىرقىراۋېتىشكە تاس قالدى.

ئاپتوبۇس چايقىلىپ-سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئامانگۈل قەيەرلەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ پەرق قىلالمىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭدى. ئاپتوبۇسقا بىر جۈپ قىز-يىگىت چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇردى. قىز شۇنچىلىك كالتە يوپكا كىيىۋالغان ئىدىكى، ساغرىسىنى ئارانلا يېپىپ تۇراتتى. يىگىت ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ كۆكرىكىنى سىلاشقا باشلىدى. قىزمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھەدەپ ئىجىلمىياتتى.

ئامانگۈل ۋىلىلدە قىزىرىپ چەتكە قاراۋالدى.

— ئېشەكلەر، — دېدى نۇرىمان ئۇلارغا ئالىيىپ، — ئامانگۈل، مايافقا كېلىڭ،
دومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان هايۋانلارنىڭ قىلمىشۋاتقىنىنى قاراڭ..
نۇرىمان خېلى يەرگىچە تىللاپ غودۇراپ باردى. ئامانگۈل بولسا هېلىقىلارغا قايرىلىپ
قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئىچىدە تىۋۋا دەيتتى. ئۇلار ئادەم تازا قايناپ
تۇرغان بازارغا كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.
بىر - بىرىدىن چوڭ ماگىزىنلار، ئەركىن بازار، رەڭگا رەڭ مال‌لار ئامانگۈلنىڭ
كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، نۇرىمان ئۇنىڭغا ماگىزىنلارنى،
كوچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى، ئەمما ئامانگۈل ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىدە تۇتالمىدى، ئۇلار
بىرنەچچە كوچىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئامانگۈلنىڭ ماگىزىندىكى مال‌لارغا قاراپ ئاغزى
ئېچىلىپلا قالاتتى، نۇرىمان پات - پات ئۇنى چاقىراتتى.
— ئامانگۈل، مېڭىڭ، تېخى ماگىزىننىڭ چوڭى ئالدىمىزدا.
بىر ماگىزىندىن چىقىۋېتىپ ئامانگۈل نۇرىماننى يىتتۈرۈپ قويىدى. ئۇنداق
بولۇشى ئامانگۈل ماگىزىن ئالدىدىكى شەخسلەر تۇتۇپ تۇرۇشقان قول سائەتلەرگە
قاراپ قالغانتى. ئۇ ئۇيان - بۇيان يۈگۈردى. نۇرىمان هېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئامانگۈل
ئەندىشىگە چۈشتى. ئەمدى مەكتەپنى قانداق تېپىپ كېتىش كېرەك. ئۇ قاتتىق سەرا-
سىمىگە چۈشكەن هالدا ماگىزىن ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى. نۇرىماندىن دېرەك
يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، پۇت - قولىدا قىلچە ماغدۇر قالمىدى.
ئامانگۈل ئامالسىز ئاۋۋال قورساقنى تويغۇزۇشنى ئويلاپ ئاشخانا ئىزدىدى. ئۇ ئىشىك
بېشىغا «مۇسۇلمان ئاشخانىسى» دېگەن تاختاي ئاسقان بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ بىر قاراۋەتتى - دە، ئاندىن ئىشەنچلىك هالدا ئاشخانىغا
كىردى. چاققانغىنە ئاشخانىدا ئادەم خېلى بارئىدى. ئامانگۈل دېرىزە ئالدىدىكى بوش
بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتەرگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى.
بېلىكىگە دەسمال ئېسىۋالغان ياش بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاي
قويدى ۋە:
— نېمە يەيلا؟ — دەپ سورىدى.
— بىر تەخسە لەڭمەن بەرسىلە.
— ئوبدان، — تاڭجاڭ يىگىت ئاشخانىنىڭ ئىچىگە قاراپ سوزۇپ تۇرۇپ تاماق
بۇيرۇدى.
قىزىق چاي ئامانگۈلنىڭ هاردۇقىنى چىقارغاندەك بولدى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن
ئىككى پىيالە ئىچىۋېتىپ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن ئاشخانا ئىچىدىكىلەرگە سەپ-
سالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە ئۈچ قىز چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ياش-
لارغا خاس مودا كىيىملەر كىيىشىپ، يۈزلىرىنى بويىشىۋالغانىدى. ئامانگۈل ئۇلارنى
15 - 16 ياشلاردا دەپ مۆلچەرلىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى.
— يائاللا، خۇدايىم بىر ساقلىدى جۇمۇ، — چېچىنى ئوغۇل باللارنىڭكىدەك
قىسقا ياسىتىۋالغان جۇغى كىچىك بىر قىز سۆزلەۋاتاتتى، — هېلىمۇ بېكەتكە كېلىپ

قالغان ئىكەنمىز، مەن ئىشىكتىن چۈشۈشۈمگە ئىگىسى ۋارقىراپلا قالدى. ھېلىمۇ بېكەتتە ئادەم جىق ئىكەن، ئاداش، سەن نەگە كەتتىڭ؟

— مەن ئارقىدا، بىر خانىمنىڭ يېنىدا ئىدىم.

— نېمىنى قولغا چۈشۈردۈڭ؟

— ئەسكى لاتىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن، — ئېگىزرەك، كۆزلىرى يۇمۇق، قارا مۇتۇق قىز يېنىغا تۈكۈرۈپ قويدى، — ھالىغا قارىسا ئات تارتالمايدۇ، قېرى پاسكىنىنىڭ.. تۆت بېكەت ماڭغىنىم بىكارغا كەتتى... ئۆتكەندە ئالغان قەرزىڭنى ئەمدى بېرىۋېتەرسەن؟

— يائاللا، سېنىڭدىن بىر نەرسە سورىغۇسىز ئىكەنسەن - دە، نېمانچە ئالدىرىتىسەن؟ ماڭغىنىچۇ سۈۋۈيتىنىڭ ئۆتۈكىدىن بىرنى ئېلىۋالاي، ماقۇل دە، بۇدا چوقۇم بېرىۋېتىمەن.

— گېپىڭدە تۇرمايدىغان يالغانچى ئىكەنسەن، ئىككىنچى مەندىن بىر نېمە سوراپ باققىنا قېنى؟

— بېرىمەن دېدىمغۇ، نېمانداق قىلىسەن؟!

— بولدى، بولدى، قۇلاقنى ئاغرىتماڭلارچۇ، — دومىلاق، گەۋدىلىك قىز ئاچچىقى بىلەن ئىككىسىنى سىلكىدى، — كەچتە قايسى كۇلۇبتا ئوبدان سىنئالغۇ قويۇلىدىكەن ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— «تىنچلىق» تا ئامېرىكىنىڭ بىر سىنئالغۇسىنى قويۇۋاتىدۇ دەيدۇغۇ.

— ئەمىسە كۆرەمدۇق؟

— ئاداشلار، — كىچىك قىز ئۇلارغا يالۋۇردى، — كەچتە مېنى چاقىرىۋالماڭلار ئاپام تالاغا چىقارمايدۇ.

— كەچلىك مۇزاكىرىگە بارىمەن دېمەمسەن؟

— بوپتۇ، چاقىرىۋالايلى، — سېمىز قىز ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى، — كالپۇكىڭ نېمە بولدى؟

كىچىك قىز ئەركىلىگىنىچە ئۇنىڭ بېلىكىنى چىمدىدى.

— تازا ئاچ بۆرىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئوخشىمامسەن؟ قانداق ئىكەن؟

ئامانگۈل ئاستا چەتكە قارىۋالدى. توۋا، ماۋۇ قىزلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ، قارىسا كىچىككىلا قىزلار، ئەتە - ئۆگۈن ئالىي مەكتەپكە چىقىشسا نېمە بولار؟ مۇشۇلارغا قارىغاندا ئادىلەدىن ئانچە ھەيران قالمىساقمۇ بولغۇدەك، چوڭ شەھەردە ئۆسكەن قىزلار مۇشۇنداق بولۇپ كېتەمدىغاندۇ - يا؟

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ تامىقىنى ئىتتىك يەپلا قوپتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھېلىقى قىزلار ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بار - يوق ئاشۇ پۇلىنى ئوغرىلىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، ئۇ بۇ پۇلدىن ئايرىلسا ئاشخانىدىن قانداق چىقىدۇ؟ مەكتەپكە قانداق بارىدۇ؟

بېسىپ ئۇ تولا تۇتۇۋېرىپ قاتلىشىپ، تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بەش سومنى

ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان خوجايىنغا تەڭلىدى.
— لەڭمەن قانچە پۇل؟
— ئۈچ سوم،— خوجايىن قاپىقىنى ئاچماستىن ئۇنىڭغا ئىككى سومنى قايتۇرۇپ بەردى.

ئامانگۈلنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. بىر ۋاق تاماق ئۈچ سوم بولسا ئىش بار ئىكەن، ئۇ تېخى ئاشقان پۇلغا بىر پايپاق ئېلىۋالاي دېگەنتى، ئەمدى بۇ ئىككى سومغا نېمە كېلىدۇ؟ كىر يۇيىدىغان سوپۇنمۇ قالمىدى، يۈز سوپۇنىمۇ كىچىككىنە قالدى، ئۆيىدىكىلەر قاچان پۇل ئەۋەتەر، ئۈرۈمچى دېگەندە مىدىرلىساڭلا پۇل كېتىدىكەن. بايىقى قىزلارنىڭ ئاشۇ يولغا كىرىشىمۇ بىكار ئەمەسكەن-دە، ھەقچان ئۆيىدىكىلىرى پۇل بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كەيگىنى، ئويىنىغىنى كېلىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا شەھەردە ئاسانلا يولدىن چىقىپ كەتكۈدەك... ئامانگۈل، ئەمدى ياتاقتىن چىقمىسىڭىز بولغۇدەك، يانچۇقىڭدا پۇلۇڭ يوق شەھەر ئارىلاشنى ساڭا كىم قويىدى.

ئامانگۈل كېتىۋېتىپ شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئۇ مەكتەپكە تېزرەك كېتىۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن كەلگەن يولنى ھېچ پەرق ئېتەلمىدى، بىر-ئىككى كوچىنى ئارىلاپ چىقتى، ئاخىرى بولماي ئاپتوبۇس بېكەتتە ماشىنا كۈتۈپ تۇرغان چوڭ ياشلىق بىر كىشىدىن سورىدى.

— ئالدىڭىزدىكى توغرا كوچىغا چىقسىڭىز بېكەت بار،— دېدى ئۇ ئادەم قولى بىلەن كۆرسىتىپ،— شۇ يەردىن چىقسىڭىز ئۇدۇل بارىسىز.

بېكەتتە ئادەم خېلى بارىكەن. ئامانگۈل بىر ئامال قىلىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى-دە، ئوتتۇرىغا كىرىۋالدى. قىستاڭچىلىقنىڭ دەستىدە تۇتقىدەك يەرمۇ يوق ئىدى. ئاپتوبۇس ھەر بىر تورمۇز قىلغاندا ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بىرلىرىگە ئۇرۇلاتتى. كىملەرنىڭدۇر قوچىقىغا كىرىپ قالاتتى. بۇ يەردە ئەرلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ئىككىنچى بېكەتكە كەلگەندە كەينىدىكىلەر ئۇنى قىستاپ ئالدىدىكى بىرىگە چاپلاپلا قويىدى. ئۇ ئادەمنىڭ جەينىكى دەل ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقىلىپ ئاغرىتىۋەتتى، ئامانگۈل تىنىۋالالماي قالدى. ئۇ مىڭ مۇشەققەتتە يېنىغا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.

بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئەنسىز، قوپال ئاۋازى، تىللىشىش، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئورۇن تالىشىش، ئاچچىق تەردىن بىقىسىپ كەتكەن ھاۋا قوشۇلۇپ باشنى قايدۇراتتى.

ئامانگۈل ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن پات-پات سىرتقا قارايتتى، ئۇ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچ ئۇقالمىدى، تۇرۇپلا ئۇنى ئەنسىزلىك بېسىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا قانداقتۇر بىر يوغان قول ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە بىلىنەرلىك قىلىپ قىسىپ قويىدى، ئامانگۈل چۆچۈپ قولىنى تارتىۋالدى ۋە كىمدۇر بۇ دەپ كەينىگە قارىدى. بويى-بەستى كېلىشكەن، ئۇستىگە كاستيۇم كىيىپ، گالستۇك تاقىۋالغان يالاڭباش بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئامانگۈلگە شۇنچىلىك يېقىن تۇراتتىكى ئامانگۈل قايرىلىپ قارىغاندا پېشانىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئامانگۈلنىڭ تېنى شۈركىنىپ

كەتتى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ماۋۇ قارامتۇل يىگىت ئۇنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. يىگىت بولسا ئۇنى قاپساپ چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. ئامانگۈل ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، كاشكى مىدىرلىغىدەك يەر بولسا.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا دېدى ھېلىقى يىگىت.

ئامانگۈل گەپ قىلماي ئالدىغا قاراپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى. يىگىت بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدى. ئامانگۈل نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ۋارقىراي دېسە كىشىلەردىن خىجىل بولاتتى، جىممىدە تۇرسا بۇ يىگىت ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەندى بۇ رودىپايىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلاشقا باشلىدى.

— كىنوغا كىرىپ چىقايلىمۇ؟ — ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە پىچىرلىدى، — تونۇشۇپ قالايلى.

ئامانگۈلنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر تەپچىدى، ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يىگىتنى قاتتىق بىر ئىتتەردى-دە، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، تىللاشلىرىغا قۇلاق سالمىدى، ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقانلارنىڭ مۈرىلىرىنى دەسسەپ يۈرۈپ يەرگە چۈشۈۋالدى. ئۇ چۈشۈپلا ئەتراپىقا قارىدى. چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى مەس كۆرۈنمەيتتى، ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ يېنىك تىن ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ كوچىنىڭ بېشىغا كۆز يۈگۈرتۈپ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى تونىدى. ئۇ تەكشى دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولى بىلەن تېز مېڭىپ كەتتى.

ئامانگۈل بىر كۈن كەتمەن چاپقاندىن بەتتەر ھېرىپ كەتتى، بېشى غۇڭۇلداپ ئاغرىيتتى، ئۇسسۇزلۇقتىن تامىقى قۇرۇپ كەتتى، ئومۇمەن بۈگۈن شەھەرگە قىلغان سەپىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. كوچىلارنىڭ پاكىزلىقى، بىر-بىرىدىن ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنالار، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكلەر، مال بىلەن تولغان ماگىزىنلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئامانگۈل مۇشۇنداق گۈزەل شەھەردە ئاشخانىدىكى ھېلىقى قىزلارنىڭ پارىڭىنى، ئاپتوبۇستىكى چىرايلىق يىگىتنىڭ قىلىقلىرىنى ئۇچرىتىمەن دەپ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، قارىساڭ بىر چىرايلىق كېيىنگەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر، ئۇماق قىزلار... ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ شەھەرلىكلەر ھايا-نومۇس دېگەننى بىلمەمدۇ نېمە؟

— ئامانگۈل!

ئۆز خىيالى بىلەن كېلىۋاتقان ئامانگۈل يېنىدىلا چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. دەرۋازىغا يېقىن چوڭ كوچىدا تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — تۇرسۇن ياندىشىپ كېلىپ سورىدى.

تۇرسۇننى كۆرۈپ ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

— بازارغا بارغانتىم، — دېدى ئۇ راست گەپنى قىلىپ، — ئۇقماي نېرىقى بېكەتتە چۈشۈپتىمەن.
— يالغۇز كىرگەنمىدىڭىز؟
— ياق، نۇرىمان بىلەن بىللە كىرگەن، ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم.
— بەللى، — تۇرسۇن كۈلدى، — بۈگۈن ئويۇن قويۇپسىلەردە، ئۇ قىزغۇ يوللارنى پىششىق بىلىدىغۇ دەيمەن.
— ئۇ بىلىدۇ، مېنى ئىزدەپ يۈرەمدىكىن بىچارە.
— يەكشەنبە كۈنى بازارغا چىقمىسىمۇ بولغۇدەك، نېمىدېگەن جىق ئادەم.
ئامانگۈل ئاستا تۇرسۇنغا سەپسالدى، پاكار بويلۇق، چىرايىدىن ياۋاشلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ بالا ئامانگۈلگە بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلاتتى، ئۆيىدىن خەت-خەۋەر كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى سورايتتى، ئامانگۈلمۇ نېمە گېپى بولسا ئۇنىڭغا دەيتتى. ئۇنىڭغا دېمەي كىمگە دەيدۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر يېقىنى، يۇرتدىشى شۇ ئەمەسمۇ، لېكىن، يېقىندىن بۇيان ئامانگۈل ئۇنىڭ يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ گەپكە تۇتىدىغانلىقىنى، كۆرۈشكەندە بىر قىسىملا قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئېھتىياتمۇ قىلىپ قالدى. تۇرسۇنغۇ ياخشى بالا، لېكىن... ياق، بۇ زادى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق خىيالى بولسا مەن ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار يەنە بۇلار يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن
ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىدىن شۇ خىيال كەچتى-دە، تۇرسۇن بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

4

ئامانگۈل ئەمدى بازارغىمۇ كەمدىن-كەم چىقىپ، پۈتۈن زېھنىنى دەرسلەرگە بەردى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئادەتتە بىر-ئىككى سائەت كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب-ژۇرنال كۆرەتتى، ئادىلە يەنە ئاۋۋالقىدەك ئالدىراش ئىدى، كۈندۈزى ياتاققا تولا كىرمەيتتى، بەزىدە چۈشلۈك دەم ئېلىشتىمۇ بازارغا بېرىپ كېلەتتى، ياتاققا پەقەت ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدىلا پەيدا بولاتتى، ھەر يەكشەنبە ئۇ ياتاققا بىرەر يېڭى كىيىم كىيىپ كېلەتتى ۋە قىزلارنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋېتەتتى.
بۈگۈنمۇ دەرستىن چۈشۈپلا خېلى ئۇزۇن يىتمەپ كېتىپ ياتاققا پەيدا بولدى، تۇرقىدىن نەگىدۇر ئالدىرايتتى، ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇردى-دە، يەنە ئالدىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئامانگۈلمۇ كۇتۇپخانىغا بارماقچى بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ ياتاقتىن چىقىپ ئىشىكتىن 3-4 قەدەم نېرىدا يەردە ياتقان تۆت بۇرجەك قاتلانغان قەغەزگە كۆزى چۈشتى. كارىدوردا ھېچكىم يوق ئىدى، ئامانگۈل قەغەزدىن ئۆتۈپ بولۇپ نېمىشقىدۇر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى-دە، خەتنى ئېلىپ ئاچتى.
«ئادىلە! سېنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشەلمىدىم، مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىڭنى بىلىۋاتىمەن، ساڭا ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. مەن گېپىڭگە ئىشىنىپ بىر بالام بىلەن ئايالىمنى قويۇۋەتتىم، ئۆيۈمنى ۋەيران قىلدىم،

سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بەردىم، تاپقان-تەرگىنىمنى ساڭا خەجلىدىم، ھازىر مېنىڭ ئوقىتىشىمۇ ئاقمىدى، ۋەيران بولدۇم. بۇنىڭغۇ ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن كۆرۈمەن، بوپتۇ... لېكىن ئويۇن ئۆز يولى بىلەن، ئالدى-بەردى بولسا ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ. ھازىر ماڭا پۇل لازىم. شۇڭا ئۆتكەندە ئالغان مىڭ سومنى ياندۇرۇپ بېرىۋەت. سەن ھازىر تۇرغاننى تېپىۋالدىڭ. مەيلى، قىز بالا دېگەن ئەسلىدىنمۇ كېپىنەكتەك نەرسە، مەن قىزغانمايمەن، ئەمما پۇلۇمنى بېرىۋەت. بولمىسا ھەممە ئىشىڭنى كوچىغا يايىمەن، مەكتىپىڭگە خەت يازىمەن، چىرايلىقچە بېرىۋەتسەڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا...»

ئامانگۈل ئۇ خەت گويا ئۆزىگە يېزىلغاندەك قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى خەتنى ئەمەس، خۇددى بىر پارچە چوغنى تۇتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ ئىتتىك ئەتراپىغا قارىدى، كارىدور جىمجىت ئىدى. ئامانگۈل دەسلەپ خەتنى ئالغان جايىغىلا تاشلاپ قويماقچى بولدى. چۈنكى خەتنى ئۇنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىنسى-جىن كۆرمىدى. ئۇ بىر مىنۇتچە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇردى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇ خەتنى باشقا بىرى كۆرۈپ قالسىچۇ دېگەن سوئال كەلدى، دەرۋەقە باشقىلار كۆرۈپ قالسا سۆز-چۆچەك بولىدۇ، بەلكىم تەشكىلگە ئەكىرىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا تۇرغانلا گەپ، ئادىلەگە چارە كۆرىدۇ، بەلكىم مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشىمۇ مۇمكىن... ئېھتىمال، ئاتا-ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىن ئادىلەنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم بولمامدىمۇ، بوپتۇ، ئۇ قىلغانىنى مەن قىلماي، بەلكىم مۇشۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇندىن كېيىن تولا خارلاپ كەتمەس.

ئامانگۈل ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېتىپ خەتنى يانچۇقىغا چىڭ سالدى-دە، كۇتۇپخانىغا قاراپ كەتتى. ئادىلە بۇ كېچە ياتاققا قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چىققاندا ئۇ ئادىلەنى چەتكە چاقىردى:

— بۇ سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ.

ئادىلە خەتنى ئىتتىك ئېلىپ ئېچىپ كۆردى-دە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— نەدىن ئالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— كارىدوردا يېتىپتۇ، ئاخشام تالاغا چىقىۋېتىپ كۆرۈپ قالدىم. ھېچكىمگە كۆرسەتمىدىم.

ئادىلە خەتنى پۇرلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ بىردەم تاتىرىپ، بىر دەم قىزىرىپ ھولۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئامانگۈلنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالدى.

— ئەسقەر دېگەن بۇ بالا بىزنىڭ مەھەللىلىك ئوقەتچى ئىدى قاراڭ، — ئۇ ئامانگۈلگە ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئۆتكەندە ساۋاقداشلارنىڭ ئولتۇرۇشىدا بىللە بولغان، ئايالى تازىمۇ كۈنچى ئىكەن، بىر ئىككى قېتىم تانسا ئويناپ قويسام بالاغا قالدىم، توۋا...

ئادىله باش - ئايىغى يوق گەپلەر بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئۆزىنى ئاقلىدى. ئامانگۈل گەپ - سۆز قىلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ئۇ تېخى ئادىلە: سەن بۇ خەتنى نەدىن ئوغرىلىۋالدىڭ، سەن مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئاختۇرىدىغان ئوخشايسەن، دەپ تىللاپ كېتەرمۇ دەپ كېچىدىن بۇيان ئەندىشە قىلىپ چىققانىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنداق قىلمىدى، ئامانگۈل خۇددى بىر بالا - قازادىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدى، قالغان ئىشنى ئادىلە ئۆزى قانداق قىلسا قىلمامدۇ، ئىككىنچى ئۇنىڭ نەرسىسگە قول تەگكۈزمەيدۇ، ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ ئادىلەنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغىمۇ ئانچە زەن قويۇپ كەتمىدى.

ئادىلەنى بولسا ئامانگۈلنىڭ گەپ قىلمىغانلىقى باشقىچە ئويلاندۇرۇپ سەراسىمىگە سېلىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالغاندا ئۇ ئامانگۈلنى يېنىغا چاقىردى:

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن مۇلايىملىق بىلەن، — ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭا، سىزگە كېلەمدۇ؟

ئادىلە چامادانىدىن مېغىز رەڭگىدىكى بىر روباشكىنى ئېلىپ ئامانگۈلگە تەڭلىدى. ئۇ كۆلۈپ تۇراتتى. ئامانگۈل ھەيران قالدى. بۇنىڭغا نېمە بولۇپ بۇنداق ئېرىپ قالغاندۇ؟ ئەتىگەنكى خەتتىن چۆچىگەن ئوخشامدۇ؟ بۇنى بىلگەن بولسام تېخىمۇ قورقىتىدىكەنمەن.

ئامانگۈل گەپ قىلغىچە ئادىلە روباشكىنى ئۇنىڭ بويىغا تەڭلەشتۈرۈپ كۆردى.

— ۋىيەي، سىزگە دەللا كېلەمدۇ نېمە، قاراڭا مانا، كىيىپ كۆرۈپ بېقىڭا!

ئامانگۈل روباشكىنى تۇتۇپ كۆردى، بۇنىڭ چۆرىسىگىمۇ ئۆزىگە ماس ھالدا كەكرى تور تۇتۇلغانىدى.

— بۇمۇ سوۋېتنىڭ روباشكىسى ئوخشايدۇ - ھە؟ — ئامانگۈل قىزىرىپ سورىدى.

— ھەئە، يېقىندا سوۋېتتىن بىر تۇغقىنىمىز كەلگەنىتى، شۇلار سوۋغىغا ئالغاچ كەپتىكەن، ماڭا سەل قىسقا كېلىپ قالدى، سىز كىيىپ بېقىڭا؟

— مەن كىيىپ نېمە قىلىمەن؟

— كىيىپ بېقىڭا، سىزگە قانداق كېلىدىكىن؟

ئامانگۈلگە ئىشىكتە بىرسى ماراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، خاۋاتىرلىنىپ قاراپ قويدى، ئادىلە بۇنى سېزىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدى.

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى ھاياجان، خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ ئاغزىغا تىقىلاتتى، ئۇ خۇددى ئۇيالتلىق بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك ئۆزىچە قىزارغىنىچە كۆڭلىكىنى سالدى. ئادىلە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كېلەڭسىز تاۋار روباشكىغا يىرگىنىشلىك بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن ئامانگۈلنىڭ زىلۋا قامىتى، چىڭ، چوقچىيىپ چىققان كۆكسىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— لىفتىكىنىمۇ ئۆزىڭىز تىكىۋالغانمۇ نېمە؟ — ئادىلە ئۇنىڭ لىفتىكىنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدى.

— ئاپام تىكىپ بەرگەنتى، بۇمۇ يىرتىلىپ كەتتى، — ئامانگۈل قىزىرىپ كەتتى.

— ۋىيەي راستلا بولماپتۇ، ماڭا دېسەڭىز بولمامدۇ، مەندە جىق، توختاپ تۇ-رۇڭا، — ئۇ چامادانىنى ئاختۇرۇپ بىر سۇلياۋ خالتىدىن يېپيېڭى بىر سىنى سۇغۇرۇپ ئالدى.

— ئاۋۇ نېمىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، بىرى كۆرسىمۇ سەت، مانى تاقاڭ، ئەكىلىڭ مەن تاقاپ قوياي، مۇشۇ تاغدىن كەلگەن سەھرالىقلار جېنىدا سوۋېتىڭىزنى تاقايدىغان بولۇپ كېتىشتى.

ئادىلە بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى كىچىك بالىنى كىيىندۈرگەندەك ئامانگۈلگە لىفتىكىنى تاقىدى، ئاندىن روباشكىنى كىيگۈزدى.

— ۋاھ، سىزنىڭلا ئەكەن جۇمۇ، قۇيۇپ قويغاندەكلا كەپ كەتتىغۇ، ئارقىڭىزنى قىلىڭا، كەڭ ـ تارلىقىمۇ شۇنداق جايىدا.

ئۆزىنىڭ لىفتىكىگە، كەڭ روباشكىسىغا ئادەتلەنگەن ئامانگۈلگە بۇ كىيىملەر بەكلا تاردەك، بەدىنىنى قورۇپ قويغاندەك بىلىندى:

— تار ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بېلىنى تارتىپ كۆرۈپ سورىدى.

— ياق، روباشكا دېگەننى ئەسلى مۇشۇنداق كىيىدۇ، سىزنىڭ روباشكىڭىز نېمە ئۇ، ئاغاردەكلا، ئاشۇ روباشكىڭىزنى كۆرسەملا جۇدۇنۇم تۇتىدۇ. بولدى بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنى كىيىۋېرىڭ.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مېنىڭ ھازىر پۇلۇم يوق، — ئامانگۈل روباشكىنى يەشمەكچى بولدى.

— مەن سىزگە ساتىمەن دېمىدىم، ئامانگۈل، — ئادىلە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەمىسە ...

— سىزگە بەردىم، ئەنە مېنىڭ چامادانىمدا نەچچىسى تۇرامدۇ، ئەگەر ئالمىسىڭىز خاپا بولىمەن. راست ...

ئامانگۈل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. بۈگۈنكى بۇ تۇيۇقسىز ئامەت ئۇنى ئەمتىرىتىپلا قويغانىدى. ئۇ ھاياجان بىلەن يېپەكتەك سىلىق روباشكىنى سىلاپ قويدى. ئۇ ئالدىنقى يەكشەنبىدە مۇشۇنىڭدەك روباشكىلارنى سودىگەرلەرنىڭ بوتكىسىدا كۆرگەن، لېكىن باھاسىنى ئاڭلاپلا لەسسىدە بولۇپ نېرى كەتكەنىدى. مانا ئاشۇ ئارزۇ قىلغان روباشكا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇستىگە بىكارغىلا چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئادىلە زادى قانداق قىز؟ ئۆزى قوپال بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈز ئوخشىمامدۇ؟

— ئامانگۈل! — دېدى ئادىلە ئاستا، — نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سىزگە جىق قوپاللىق قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتتىم، قارىسام سىز يەنىلا ماڭا ئاداۋەت ساقلىمىدىڭىز، كەينىم-دىنمۇ گەپ قىلغىنىڭىزنى ئاڭلىمىدىم. بىز قانداقلا بولمىسۇن بەش يىل بىللە ئوقۇيمىز، بىر قازاننىڭ ئېشىنى يەيمىز. شۇڭا مېنىڭدىن ئۆتكەن يەرلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز، ئىككىمىز دوست بولۇشۇپ ئۆتسەك دەيمەن، قانداق دەيسىز؟

— مەن بىلەنمۇ؟ — ئامانگۈل ئەجەبلەندى.

— سىنىپتا مېنىڭ كۆڭلۈمگە سىزلا ياردىڭىز، قارىسام سىزنىڭمۇ تۇتقان بىرەر دوستىڭىز يوق ئىكەن.

— ماڭا ئوخشاش سەھرالىق بىلەن كىم دوست بولۇشنى ياقتۇرىدۇ دەيسىز.

— بولدى، مەن ياقتۇردۇم. ۋىيەي، بىز خۇددى مۇھەببەتلەشكەن قىز-يىگىتلەر-دەكلا سۆزلىشىپ كەتتۇققۇ، — ئادىلە شوخلۇق بىلەن ئامانگۈلنى قۇچاقلاپ قويدى. ئامانگۈلمۇ بۇ گەپكە ئىچ-ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم كۆڭۈل-كۆكسى يايراپ كۈلدى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئادىلە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىز دوست بولغاندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنى سىز دېيىشىپ يۈرۈشمەيلى، بولامدۇ؟

— مەيلى ...

دەل شۇ چاغدا خەدىچەلەر تەكراردىن يېنىپ ياتاققا كىرىشتى. ئۇلار ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنىڭ خۇشال، قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

— خەدىچە، روباشكا ئامانگۈلگە يارىشىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىلە.

خەدىچە قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان ئامانگۈلگە باشتىن-ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. باشقا قىزلارمۇ ئىتتىك ئولىشىپ روباشكىنى تۇتۇشۇپ كۆرۈشكىلى تۇردى. پەقەت نۇرىسانىلا يېقىن كەلمەستىن ئامانگۈلگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قانچىگە ئالدىڭىز؟ — خەدىچە ئامانگۈلدىن سورىدى.

ئامانگۈل نېمە دېيىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىلە جاۋاب بەردى:

— 25 كوي، قىممەت ئەمەس-ھە؟

— بولىدىكەن.

بۇ كېچە ئامانگۈلنىڭ خىيالغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا ئۈستىدە غىلدىرلاپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشاق روباشكىنى، كۆكسىنى قىسىپ تۇرغان لىفتىكىنى تۇتۇپ قوياتتى، بۇلارغا راستىنلا ئېرىشكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. توۋا، دەيتتى ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە، — تۇرمۇشتا ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن، ئادىلەدەك ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ياسانچۇق قىز ئۇنى دوست تۇتۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئادىلەگە نەرى ياراپ قالدىكىنە، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالايمەن؟ مېنى ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىۋاتامدۇ-يا؟ بالىياتىن ئۇ ئامانگۈلگە سېنىڭ چىرايىڭ مەندە بولسىچۇ، دېدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆز چىرايىنىڭ سەت ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. يېزىدىمۇ ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىمۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن دولقۇن دېگەن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ تەكلىپ قويغانىدى. لېكىن ئامانگۈلنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بولغاچقا دولقۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. نېمە بولمىسۇن ئۇ بۇ ئارزۇسىغا ئېرىشتى. مانا ئەمدى ئادىلەدەك دوستقىمۇ ئىگە بولدى. ئۇ ئەمدى يەكشەنبە كۈنلىرى ياتاقتا يېتىم بالىدەك بوينىنى قىسىپ ئولتۇرمايدۇ، ئادىلە ئۇنى زېرىكتۈرمەيدۇ. بالىياتىن ئۇ بۇ يەكشەنبە ئامانگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى

ئېيىتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادىسى چوڭ باشلىق ئوخشايدۇ، ئۆيلىرى كەڭتاشامىش، ئۆيىدە تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. كەچكىچە كۆرسىمۇ دەۋاتىدۇ...

ئامانگۈل بۆگۈن تولىمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىدى.

## 5

ئامانگۈل ئويغىنىپ يېنىغا ئۆرۈلدى. ياتاق ئىچىگە خىرە-شىرە يورۇق چۈشكەنىدى. قىزلار تېخى قوپمىغان، كىمنىڭدۇر يېنىك تارتقان خورىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قارىدى ۋە ھەيران بولغانلىقىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. پۈتۈن جاھان ئاپئاق قارغا چۆمكەلەنگەنىدى. تۇماندەك تۇتۇلغان ئاسماندىن تۇزۇغان گۈل بەرگىدەك ئېرىنچەكلىك بىلەن لەپىلدەپ قار چۈشمەكتە ئىدى. ئامانگۈل ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي بىر پەس بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇردى. تۈۋا، تېخى تۈنۈگۈنلا جاھان ياز ئىدى. دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ تېخى تۆكۈلۈپ بولمىغاندەك ئىدىغۇ، بىر كېچىدىلا ھاۋانىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۆرۈمچىدە قىش ئەجەبمۇ بالدۇر چۈشىدىكىنا... ئۇنىڭ يادىغا يىراقتا قالغان يۇرتى كەلدى، ئۇن بىرىنچى ئاي دېگەن ئۇ يەرلەردە يازغا تەۋە، ھازىر كېۋەزلەر تېخى ئېتىزدا، كەنجى غوزىلار بۇ كەمدىمۇ ئېچىلىدۇ، قوناقنىمۇ تېخى خاماندىن ئەكىرگۈدەك بولمىدى، دېھقانلار تېخى كاڭلىرىغا ئوت قالىغۇدەك بولمىدى، مانا بۇ يەردە قىش باشلىنىپ كەتتى. ئامانگۈل تېخى قىشلىق كىيىملىرىنىڭ غېمىنى قىلغۇدەك بولمىغانتى، ئۆيىدىن بولسا ھازىرغىچە خەت-چەك كەلمەيۋاتىدۇ، ئۇلارغا نېمە بولدىكىنا؟ ئۆتكەندە كەلگەن خېتىدە پاختىنى ساتساق پۇل ئەۋەتىمىز، دېيىشكەن، ھازىرغىچە پۇل كەلمىگىنىگە قارىغاندا ئۆيدە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ-يا، خۇدايىم ساقلىسۇن، بۇداقى خەتتە بۇ شەھەردە قىش بالدۇر چۈشىدىغانلىقىنى ئېنىقراق قىلىپ يېزىپ قويسام بوپتىكەن، ھېلىمۇ كونا بولسىمۇ قىشلىق جۇۋازا بىلەن قىشلىق ئايىغىمنى ئېلىۋېلىپ ئوبدان قىپتىكەنمەن، بولمىسا قانداق قىلاردىم؟ بۇدا قانچىلىك پۇل ئەۋەتەر؟ ھېچ بولمىغاندا بىر سوكنو چاپان ئالغۇدەك ئەۋەتسە بولاتتى، بۇ تۇرقىدا بۇ يىل يېڭى ئاياغ كىيىم ئالالمايدىغان ئوخشايمەن...

ئامانگۈلنى يەنە كۆڭۈلسىز خىياللار چىرمىۋالدى، قىشنىڭ غېمى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇ قىش ئاسمىنىدەك خىرەلەشتۈردى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ھەر قېتىم قار ياغسا قەۋەتلا خۇش بولاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدا قار تولىمۇ ئەتىۋار، پۈتۈن قىش بويى بىر-ئىككى قېتىملا قار ياغاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياغقاندىمۇ قېلىنلىقى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئامانگۈل پاختىدەك قار باسقان دالىدا ئىز سېلىپ مېڭىشنى، قارنىڭ ھەر دەسسىگەندە غاچىلداپ چىقىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ قار ياغقان كۈنى ھەممىدىن بالدۇر تۇراتتى ۋە سۈپۈرگە بىلەن ئىشىكتىن چوڭ يولغىچە، قودۇققىچە يول ئېچىپ سۈپۈرەتتى، ئاندىن مەكتەپكە بارغىچە دوستلىرى بىلەن قار بوۋايلارنى، ئۆيلەرنى ياسىشاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قارنى كۆرۈپ:

— ئەجەب بەلەن ياغدى، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىل دېھقانچىلىق ئوخشايدىغان

بولدى، — دېگەن سۆزىنى ئاڭلىسا ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا كىچىك دىنىلا قار يېغىملىق تۇيۇلۇپ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

ئامانگۈلنىڭ قارنى كۆرۈپ بېشىغا چۈشكەن قىشنىڭ غېمىغا ئۇنى نەچچە كۈندىن بېرى قىيناۋاتقان ئەندىشىلىك ئويلار قوشۇلۇپ، تېخىمۇ پاراكەندە بولدى.

كارىدۋاتلار غىچىرلاپ، قىزلار بىردىن - ئىككىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. كارىدوردىنمۇ قىزلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرغان، ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىپ يېپىلغان ئاۋازى كېلەتتى، يېڭى بىر كۈنلۈك هايات باشلىنىۋاتاتتى. هەر قاچانقىدەك هەممە قىزلارنىڭ كەينىدىن ئادىلە تۇردى:

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ تۇرۇپ، ئاندىن سائەتكە قاراپ يەنە چاقىردى، — ئامانگۈل، تۇرە، تاماق ۋاقتى بولاي دەپ قاپتۇ... ئوهۇ قار يېغىپتىمۇ نېمە؟ ئوخشىتىپتىغۇ!

ئۇ ئىچ كۆڭلەكچانلا دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋېتىپ ئاندىن قايرىلىپ كارىدۋاتقا كېلىپ ئامانگۈلنىڭ يوتقىنىنى تارتتى:

— ئامانگۈل! سېسىپ قالسەن ئەمدى، قوپە!

ئامانگۈل ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرۈلدى - دە، ئاستا دېدى:

— مەيدەم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەرسكە چىقالمايدىغان ئوخشايمەن، سەن مۇئەللىمگە دەپ قويامسەن؟

ئادىلە ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ جىددىيلەشتى:

— نېمە دەيدىغانسەن؟ نېمە زىيان قىلغاندۇ؟

— ئۇقمايمەن.

— ئۇنداق بولسا دوختۇرغا چىقىپ باقساڭ بوپتىكەن، مەن بىللە ئېلىپ چىقايمۇ - يا؟

— ياق، بولدى، سەن تاماققا چىقىۋەر.

— ئاچ قورساق يېتىۋەرسەڭ تېخىمۇ ئاغرىمامدۇ، ئاشخانىدىن شىغەن ئەكىلىپ بېرەيمۇ - يا؟

— ياق، هېچ نەرسە يېگۈم يوق، بىردەم ياتسام ئوڭشىلىپ قالارمەن.

— قانداق ئاغرىۋاتىدۇ، مۇجۇپمۇ؟

ئامانگۈل هەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭمۇ بەزىدە شۇنداق تۇتۇپ كېتىدۇ، چىدىيالماي قالىمەن، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا بىردەم يات، مەن دەرستىن چۈشۈپ دوختۇرخانىدىن دورا ئالغاچ كېلەي.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتۈپ ياتاقتا ئامانگۈل ئۆزى يالغۇز قالدى. باياتىنقى كارىدورنى بىر ئالغان ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىزلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى هەممىسى يىتىپ پۈتۈن بىنا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇلار ياتاقلارنى ئەتىر سوپۇن، يۈز مايلارنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىغا تولدۇرۇپ كېتىشتى. بەلكىم ئۇلار شۇ تاپتا يېڭى قارنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشىپ كېتىشىۋاتقاندۇر، بىر - بىرىگە قار ئېتىشىپ ئوينىشىۋاتقاندۇر... ئامانگۈل يېتىپ شۇلارنى پەرەز قىلدى، چۈنكى ئۇلار غەمسىز، ئۇلاردا ئوقۇش، ئويۇندىن باشقا قايغۇ

www.uyghurkitap.com

يوق، مەن ئىمانچىلا تەتۈر پېشانە بولۇپ تۆرەلگەندىمەن، ماڭا نامراتلىق ئېمىشمۇ يېتىپ ئاشاتتىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بۇ ۋەھىمىنىڭ قوشۇلغىنىنى كۆرمەمدىغان ... ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا هامان شۇ بىر قورقۇنچلۇق خىيال كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، دېمى سىقىلغاندەك بولاتتى. تولا يېتىۋېرىپ ئۇنىڭ يانپاشلىرىمۇ ئاغرىپ كەتتى، بېلى ياغاچتەك قېتىپ كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى، ئۇ ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ پىكىرلىرىنى يىغىپ ئوبدانراق ئويلىنىپ باققۇسى كېلەتتى-يۇ، لېكىن شۇ هامان كاللىسىنى يەنە ھەر خىل ۋەھىمىلىك ئويلار قاپساپ كۆزىگە يىغا ئولىشاتتى.

ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟...

ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ دەھشەتلىك سوئال كەلسىلا بەدىنى تىكەنلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. هازىرمۇ ئۆزىگە يەنە ئىختىيارسىز شۇ سوئالنى قويدى. قويدىيۇ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى، ئۇ يەنە ياستۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، يوتقاننى بېشىغا پۈركىدى-دە، يوتقاننىڭ بىر چېتىنى چىشلىگىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ياش دېگەن نەلەردىن كېلىدىكىن، مانا نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ يىغلاۋاتىدۇ، يىغلىسا-يىغلىسا بۇ كۆز يېشى تۈگەر ئەمەس، خۇدايىم قىز بالىغا كۆز يېشىنى ئايىماي بەرگەنىكەن، بولمىسا قانداق قىلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامانگۈلگە، ياشقا نېمە امال بار، بۇ يات يۇرتتا ئۇنىڭ نە بىر يېقىن تۇغقىنى، نەبىر يېقىن ئادىمى يوق، ئۇ، ۋز بېشىغا كەلگەن بۇ دەردنى كىمگە ئېيتالايدۇ؟ ئادىلەگە دېسۇنمۇ؟ ياق، ياق! ئۇ ئادىلە بىلەن دوست بولغىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى، ئادىلە مىجەزى يېنىك قىز، ناۋادا ئامانگۈلدىن بۇ گەپنى ئاڭلىسا ھە، سەنمۇ تايىنلىق ئىكەنسەنغۇ، دەپ پۈتۈن مەكتەپكە يېيىپ رەسۋا قىلامدۇ، كىم بىلىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ... بۇنىڭ بىر چارىسىنى قىلمىسا ئەتە-ئۆگۈن تېخىمۇ رەسۋا بولامدۇ. بۇنى يوشۇرغىلى بولمايدىغۇ ئاخىر...

ئامانگۈل دەككە-دۈككە ئىچىدە چۈش بولغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ياتاققا ھەممىدىن بۇرۇن ئادىلە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا تاماق قاچىسى بار ئىدى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ، — دورا ئەكەلدىم. ئىچىۋالغىنا، قانداقراق تۇرىسەن، تازا يىغلىغان ئوخشايسەن؟ قارا، قاپاقلىرىڭ مۇشتەك بولۇپ ئىششىپ كېتىپتۇ، — ئۇ چايداندىن ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئامانگۈلگە تۇتتى، — مانا، ماۋۇ دورىنى ئىچىۋال!

ئامانگۈل ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ۋە دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا دورىنى ئىچتى.

— بىر نەرسە يېگۈڭ بارمۇ؟ ئاشخانىدا مانتا ئېتىپتىكەن، ساڭا ئالغاچ كەلدىم.

— ياق.

— بۇنداق ئاچ يېتىۋەرسەڭ تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىسەن، كۆڭلۈڭ زادى نېمە تارتىدۇ، بولمىسا بازاردىكى ئاشخانىلارغا چىقىپ ئەتكۈزۈپ ئەكىلەي، خۇيىمەن ئىچىپ باقامسەن-يا، ئاچچىق-چۈچۈك...

— ياق، رەھمەت ئاداش.

— ساق بولغان بولساڭ كىنو كۆرەتتۇق، بۈگۈن مەكتەپنىڭ كۇلۇبىدا ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر كىنوسىنى قويىدىكەن.

— سەن كۆرۈۋەرگىن.

— ۋىيەي، سېنى بۇنداق تاشلاپمۇ، تۈۋا دېگىنە...

— بۈگۈن نېمە دەرس ئۆتتى؟

— نېمە بولاتتى؟ يەنە شۇ خەنزۇچە... ئەممسە چاي دەملەپ بېرەي، مەندە ناۋات بار، ئەگەر ئاشقازىنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىغان بولسا شۇ پايدا قىلىدۇ.

ئادىلە پايپېتەك بولۇپ چاي دەملىدى، تارتمىسىدىن بىر سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ ناۋاتنى چىقىرىپ ئىستاكانغا سېلىپ ئارىلاشتۇردى. ئامانگۈل ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئىنسان بالىسى قانداق بولمىسۇن ياخشىلىقنى بىلىدىكەن، ئامانگۈل ئۇنىڭغا ئازراق ياخشىلىق قىلىۋىدى، مانا ئادىلەمۇ ئۇنىڭ هالىغا يېتىۋاتىدۇ، بولمىسا ئادىلە كىم، ئۇ كىم؟ ئادىلە دوست تۇتاي دېسە مەكتەپتە قىز كەممۇ؟ مانا خۇددى بىر تۇغقىنىدەك ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ. كىنوغىمۇ چىقمىدى. ياكى ئامانگۈل ئىچىدىكى دەردىنى ئۇنىڭغا دېسۇنمىكىن، بەلكىم ئۇ بىرەر مەسلىهەت بېرەر، ناۋادا ئادىلە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرسىچۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن ئۇ كۈننى...

ئامانگۈلنىڭ بەدىنىگە يەنە تىترەك ئولاشتى، بوغۇزىغا تۇزلۇق بىر نەرسە قاپلاشتى. ئۇ قانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىنى تۇتۇپ ئالالمىدى. ئۇ تەتۈر قارىغىنىچە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. چاي دەملەۋاتقان ئادىلە ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— ئامانگۈل، يەنە نېمە بولدۇڭ؟ — ئادىلە ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ئامانگۈلنى ئۆزىگە تارتىپ قاراتتى، — ئامانگۈل؟ — دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — قارىسام سېنىڭدە بىر ئۆزگىرىش باردەك قىلىدۇ، مېنى ھەقىقىي دوستۇم دېسەڭ يوشۇرماي ئېيتقىن، زادى ساڭا نېمە بولدى ئاداش. ئۆزۈڭنى بۇنداق قىينىغانىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئامانگۈل ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ئادىلەنىڭ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزدى. ئۇ ئادىلەنى قۇچاقلىغان هالدا بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن تۈگەشتىم ئادىلە، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — ئادىلە هېچ نەرسىنى ئۇقالماي تىمت-تىمت بولاتتى، — يىغلاۋەرمەي ئۇچۇقىنى ئېيتقىنا زادى، ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بوپتۇمۇ يا؟

ئامانگۈل بېشىنى چايقىدى.

— ئەممسە نېمە بولدى؟

— ..............

— دېگىنە جېنىم ئاداش!

— ئاي كۆرمەيۋاتىمەن.

ئادىلە ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭ قاشلىرى كېرىلىپ، كۆزى هەيرانلىق، تەئەججۇپ بىلەن چەكچەيدى، ئۇ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىگەنىدەك ئالدىدىكى ياش

تۆكۈپ تۇرغان قىزغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ ئامانگۈلنىڭ «كېسەللى» نىڭ بولىداق بولۇپ چىقىشىنى زادىلا پەرەز قىلمىغانىدى. بىر نەچچە سېكۇنتىقىچە ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.

— قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دېدى ئۇ ئاخىرى ئاستا.

— مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى كۆرمىدىم.

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟ كۆڭلۈڭ ئېلىشامدۇ؟

— ياق.

— ئۆزۈڭدە باشقىچە ئۆزگىرىش بارمۇ؟

— ئۇقمايمەن.

دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئادىلەنىڭ ئىچى سىيرىلدى.

— بۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا يوقىتىپ قويما، — دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بەزىدە خۇنمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق قىلايلى، ئەتە مەن سېنى دوختۇرغا ئاپىراي، ئاۋۋال ئېنىقلاپ باقايلى.

— دوختۇرغا؟ — ئامانگۈل چۆچۈپ كەتتى، — ياق، ياق، دوختۇرغا نېمە دەيمەن؟.

— نېمە، راستىنلا بىرەر ئىش بولغانمىتى - يا؟

ئامانگۈل لېۋىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ گەپچە پۈتۈشكەن يىگىتىم بار دېگىنە، ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دېمىدىڭا؟

— ئۇنداق ئىش ئەمەس، مەكتەپكە كېلىشىنىڭ ئالدىدا بىرى مەجبۇر قىلغانىتى.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — ئادىلە ھەيران بولدى، — سېنىڭ بېشىڭدىنمۇ خېلى ئىشلار ئۆتۈپتىكەن - دە؟ ...

ئامانگۈل ھەسرەتلىك تىنىپ ئادىلەگە قارىدى.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

— بولدى، غەم قىلىۋەرمە، ئاۋۋال دوختۇرغا بېرىپ باقايلى، مېنىڭ تونۇش دوختۇرلىرىم بار، ئەگەر راستىنلا بالا بولۇپ قالغاندىمۇ چارىسىنى قىلغىلى بولىدۇ.

— مەكتەپ ئۇقۇپ قالسىچۇ؟

— مەكتەپكە ئۇقتۇرماي تۈگىتىمىز. ھېچكىم ئۇقماي قالىدۇ، — ئادىلە ئۇنىڭ چۇۋۇلغان ياش يۇقى چاچلىرىنى تۈزەپ، قولىدا كەينىگە تارىدى، — بۇنداق ئىش بولغاندىن كېيىن ماڭا بالدۇرراق دېسەڭ بولماتتى؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ماڭا تېخىچە ئىشەنمەيدىكەنسەن - دە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئادەم خىجىل بولىدىكەن.

— خىجىل بولۇپ يوشۇرغىنىڭ بىلەن ئىش چوڭىيىپ كەتسە قانداق قىلاتتىڭ؟ يەنە بىر يەرلىرىڭ سەھرالىق تە سېنىڭ، — ئۇ ئامانگۈلنىڭ پېشانىسىنى نوقۇپ قويۇپ سورىدى، — دېگىنە ئاداش بۇ زادى قانداق ئىشتى؟

ئامانگۈلنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۈس ئالدى. ئۇ ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ پىغانلىق ئۇھ تارتتى.

— ماڭا بۇ مەكتەپكە كېلىشىمۇ ئاسانغا چۈشمىدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ ياغلىقىنى قولىدا مىجىقلاپ تۇرۇپ، — دەسلەپ ئاشۇ ئىشتىن نومۇس قىلىپ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈۋالغۇممۇ كەلدى. لېكىن يەنە بىچارە ئاتا-ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇلار مېنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئوقۇتتى، قېرىغاندا بىزنى باقار دەپ ھەممە جاپايىمنى تارتتى. شۇلارنى ئويلاپ بۇ خورلۇق، ئاھانەتكە چىدىدىم. سەن ئوقمايسەن ئاداش، بىزنىڭ يۇرتىمىز تولىمۇ نامرات يۇرت، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھال-كۈنىمۇ ئاران-ئارانلا ئۆتىدۇ. «كەمبەغەلنى بالا باسىدۇ» دېگەن راست ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيدە 6 بالا بار، چوڭ ئاكام كىچىكىدە كېسەل بولۇپ، تېزۈك داۋالىنالماي مېيىپ بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككىنچىسى مەن، قالغانلار تېخى كىچىك، دادام بىچارە ئاكامنىڭ ئاجىز بولۇپ قالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ مېنى ئوقۇتتى، تولۇقسىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكى قىيىنچىلىقلارغا قاراپ، بولدى ئوقۇماي دېسەم دادام زادى ئۇنىمىدى، «ئېتىزنىڭ ئىشى بىز بىلەنلا كەتسۇن قىزىم، سىز بولسىڭىزمۇ ئوقۇپ يولىڭىزنى تېپىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭلاشقا تىرىشىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. ئالغان نومۇرۇممۇ خېلى يۇقىرى ئىدى، ئۆزۈممۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ خۇشال بولۇشتۇق، مەھەللىدىكىلەرمۇ مانا «بوستان» دىنمۇ داشۆسىڭ چىقىدىغان بولدى، دەپ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ھەۋەس قىلىشتى. ئىمتىھان بەرگەن بالىلارنىڭ ئوقتۇرۇشلىرى كېلىشكە باشلىدى. قارىسام مېنىڭدىن نومۇرى تۆۋەنلەرمۇ كېتىۋاتىدۇ، ماڭا بولسا جىمجىت. ئاخىرى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم. ئۇ يەردە ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەچچىسى ئولتۇرۇشۇپتۇ، بىر كەمدە ئوتتۇرا ياش، قاپىقى سېلىنغان بىر ئەركىشى كىردى. ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئۇ ئولتۇرغانلاردىن كېلىش سەۋەبىنى بىر بىرلەپ سوراپ تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىپ يولغا سالدى. ئاخىرىدا مەن يالغۇز قالدىم. ئۇ ماڭا قىزارغان كۆزىدە بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن خاتىرىسىنى ئۇزاق ئاختۇردى:

— سىزنىڭ نومۇرىڭىزغۇ توشىدىكەن، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بەلكىم ئانكېتىڭىزنىڭ بىر يېرىدە چاتاق بولسا كېرەك.

مەن ئانكېتىنى قانداق يازغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

— ياكى باشقا ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — ماقۇل، بىز ئۈرۈمچى بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى، سىز ئەتە كېلىڭ.

مەن خېلى ئۈمىدلىنىپ قالدىم، بىر كۈننى تەستە ئۆتكۈزدۈم، ئەتىسى ئەتىگەندىلا مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم، باشقىلارنىڭ ماڭا قارايدىغان چولىسى يوق، باشلىقنى سورىسام بىرى باشلىق ئۆيدە، بۈگۈن چۈشكىچە يازىدىغان ماتېرىيال بار، كەلمەيمەن دېگەنتى، دېدى، مەن ئۇنىڭدىن تېزرەك بىر خەۋەر ئالالاش ئۈچۈن ئۆيىگە ئىزدەپ باردىم، ئۇنىڭ ئۆيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئىكەن.

—ھازىر ئىشخانىدا ئىش قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچكىچە سىلەردەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەۋاسىنى سورايدىغان گەپ، ئۆتكەنلەرغۇ خۇش بولۇشۇپ چىقىپ كېتىدۇ، ئوقۇتۇرۇشى كەلمىگەنلەر خۇددى بىز تۇسۇپ قويغاندەك بىزنىڭ ياقىمىزغا ئېسىلىدۇ، ئەتە يىغىن بار ئىدى، شۇڭا ئازراق تەييارلىق قىلاي دەپ ئىشخانىغىمۇ بارمىدىم، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىدىكى تومۇپۇچكىدىن چوڭ بىر چىنە تەخسىدە ھۆل ئۈزۈمنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمدىكى ئۈستەلگە قويۇپ ماڭا، — ئۈزۈمگە بېقىڭ، — دېدى.

مەن بولسام شۇ تاپتا باشلىقنىڭ مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە بىرەر ئېغىز ئۈمىدلىك گەپ قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتىم. ئاخىرى ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىزنىڭ ئىشىڭىز چاتاق تۇردۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ.

بېشىمدىن بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم، يۈرىكىم قېتىپ قالغاندەك بولدى. كاللامغا كەچمىگەن ئويلار كەلدى، شۇنچە يىل چىشىمنى چىشلەپ ئوقۇغىنىمنىڭ خۇلاسىسى مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن مەھەللىگە قايتىپ بارىمەن، ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن، دەيتتىم ئىچىمدە.



—جېنىجاڭ، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا ياردەم قىلسىلا، مەن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنۇتمايمەن...

مەن خۇددى پوچۇق نانغا زار بولغان تىلەمچىدەك ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم. ئاتىلەمنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم. باشلىق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى:

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز راست تەس ئىكەن، بىز يەنە سۆزلىشىپ چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىمىز، — دېدى ئۇ ئاستا قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى بىزنى نېمە بىلەن رازى قىلىسىز؟ — دېدى.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇشىدىن باشقىچە بىر خىل مەنىنى چۈشەندىم - دە، ئورنىمدىن چاچراپ تۇردۇم، قورققانلىقتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشتى، پۇت - قولۇمدىن - دىر - دىر تىترەيتتى. باشلىق مېنىڭ ئۆزۈپ كەتكەن تۇرقۇمغا بىر پەس قاراپ تۇردى - دە.

— بۇ تۇرقىڭىزدا داشۆدە ئوقۇشنى خالىمايدىغان ئوخشايسىز، بوپتۇ ئەمسە، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشتى، شۇ تاپتا ئۆيىدىن چىقىپ كەتسەم ئوقۇشتىن
مەھرۇم بولىمەن، كەتمىسەم باشلىقنىڭ تەلپى... شۇ چاغدا راست گەپنى قىلسام جېنىم-
دىنمۇ تويدۇم، بىزدەك باشپاناھسىز يوق خەقلەرنىڭ بالىلىرىغا كۈن كۆرمەك نېمانچە
تەستۇ. ھەممە يەردە توسقۇنلۇق، نېمىشقىمۇ قىز بالا بولۇپ تۆرەلگەندىمەن، دەيمەن
ئىچىمدە، نېمە ئامالىم بار، ئاخىرى ئىستىقبالىمنى دەپ ئۇنىڭ رايىغا باردىم.
ئامانگۈل تېلىقىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۈمچىيىپ كۆز چانىقىدا
يەنە غىلدىرلاپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى ئېرتىپ ئېغىر بىر
ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئادىلە چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى.

— مۇنداق ئىشلارنى كۆردۈم دېگىنە ئاداش، — ئۇ ئامانگۈلنىڭ چىرايلىق قوللىرىنى
سىلاپ تۇرۇپ دېدى، — توۋا، بۇ ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن مۇشۇ كۈنلەردە،
كىشىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، خالىس بىر ياخشىلىق قىلىدىغان ئىش يوق ئىكەن،
بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ ھالىغا ۋاي، بەزىدە مەنمۇ نېمىشقىمۇ قىز بالا بولۇپ تۆرىلىپ
قالدىمكىن دەپ جىلە بولىمەن، ئوغۇل بالا بولساڭ، بولمىغاندا ئاشپەزنىڭ ئوچىقىغا
ئوت قالىساڭمۇ كۈنۈڭ ئۆتىدۇ. ھېچكىم ئەيىب كۆرمەيدۇ، سەن بىلەن مەندەك مۇشۇنداق
دەردىنى تارتمايدۇ، قىز بالىغا تەس ئىكەن... ئۇھ... ئۆتكەن ئىش كەتتى، ئەمدى مىڭ
يىغلىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئاداش، ئەر كىشى دېگەن قىلغۇلۇقىنى قىلىپ قويۇپ غېمىدا
يوق يۈرۈيدۇ، ھېلىقى جوي-جاڭ بۇ كەمگىچە يەنە نەچچىسىنى قىلتاققا چۈشۈردى، كىم
بىلىدۇ، بار دەردىنى مانا سەن تارتىۋاتىسەن، ھەي خۇدايىم، بۇنىڭغا نېمە چارە بار
دەيسەن، بولدى، كۆڭلىڭنى يېرىم قىلما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەينىڭگە چۆرۈ-
ۋەت، بۇ جاھاندا قايسىبىر دەردكە يىغلايسەن ئاداش.

ئادىلەنىڭ تەسەللىسى بىلەن ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى خېلى تىندى. مانا نەچچە كۈندىن مۇ-
شۇنچىلىك بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ كاشكى، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىن-
دىكى دوست ياخشى» دېگەن مۇشۇ ئىكەن، ھېلىمۇ ئادىلەدەك دوستقا ئۇچراشقىنىممۇ
مېنىڭ تەلىيىم، ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىدە بۇ پالاكەتتىنمۇ
تېنىچ ئامان قۇتۇلۇپ كېتەرمەن، ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى خاتىرجەم
بولۇپ قالدى.

— ئادىلە، — دېدى ئامانگۈل يالۋۇرغان قىياپەتتە، — بۇ گەپنى ھازىرغىچە بىر ئىن-
سانغا تىنمىغانىدىم، بۈگۈن ساڭا دەۋاتىمەن، بىرىگە دەپ قويماسسەن؟!

— نېمە دەۋاتىسەن ئاداش، مېنى شۇنچىلىك ئاغزى بوش، شاللاق كۆردۈڭمۇ؟ مې-
نىڭ مىجەزىمنى بىلىسەنغۇ، بولدى تولا چىشىمغا تەگمەي ماۋۇ چايىنى ئىچە، ھېلى
ماۋۇلار كىرسە ساڭا نېمە بولدىكىن دەپ قالمىسۇن يەنە.

ئامانگۈل ئۈستىدىن گويا بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

ئەتىسى ئادىلە مۇئەللىمدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ باردى. ئادىلە

www.uyghurkitap.com

راست ئېيتقان ئىكەن، ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئورۇق، كېلىشكەن بىر دوختۇر قىزنى چەتكە چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. دوختۇر ھودۇقۇش، ئۇياتتىن تىترەپ تۇرغان ئامانگۈلنى خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قورساقتا يوقتەك قىلىدۇ، بەزىدە ھاۋا، سۇ ئالماشقانلىقىدىن ھەيزدە نورمالسىزلىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئاندىن رېتسېپقا بىر مۇنچە خەتنى يېزىپ ئادىلەگە تۇتقۇزدى، — ئوكۇل قويۇپ كۆرۈپ باقايلى، دورىنى ئىچسۇن.

ئامانگۈل ئەمدى خاتىرجەم بولدى. ئۇلار چىقىپ ئوكۇل قويغۇزدى. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ تەقەززا بولغان نەرسە تۇيۇقسىزلا كەلدى.

## 6

ئادىلە بىلەن ئامانگۈل ئەمدى ئايرىلماس، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. ئادىلە دېگەندەك ئامانگۈل ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇدى، كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋەتتى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكىدەكلا ياتاقتا غېرىپسىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى، ئادىلە ئۇنى بىردەممۇ بىكار قويمايتتى، دەسلەپ بىر ئىككى ھەپتە تانسا ئۆگەتتى، ئاندىن قىزلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا بىللە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلدى، كىنو - تىياتىرلارنى كۆرسەتتى، ئادىلە ئاستا - ئاستا ئۇنى بۇ سىرلىق شەھەرنىڭ ئۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرمۇشى بىلەن تونۇشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ھەممىگە ھەيران بولاتتى، ھەۋەس قىلاتتى. بولۇپمۇ قىزلارغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالاتتى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار، بەزىلىرى ئۆيىدە بىكار تۇرىۋاتقانلار، لېكىن ئۇلارنىڭ كىيىگەن كىيىمى، ئاسقان زىبۇ - زىننەتلىرىدىن ئادەم ھوركىيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن پارچە گەپ چىقمايدۇ، ئامانگۈل ئۇلارنىڭ ئاشۇ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرىنى قانداق تاپىدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ قىزلىرىغا ئىچ - ئىچىدىن ھەۋەس قىلاتتى.

ئامانگۈلنى ئۈرۈمچىنىڭ يەنە بىر ئادىتى قىزىقتۇردى. بۇ يەردە مېھماندارچىلىق، ئولتۇرۇشنىڭ ئىسمىمۇ كۆپ بولىدىكەن، توي، توي چېيى، ئۆي چېيى، تۇغۇلغان كۈنى، بايرام... دېگەندەك، ئىشقىلىپ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ ئوينايدىغانلا گەپ ئىكەن. مانا بۈگۈنمۇ ئادىلە ئۇنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرغاننىڭ ئۇيۇشتۇرغان چاي ئولتۇرۇشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كىرگەندە مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولغانىكەن، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ياسىنىۋالغان قىز - يىگىتلەر سالاپەت، ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ ئىككى قىزغا خۇددى مودا كىيىملەرنى كۆرسىتىدىغان مودېللارغا قارىغاندەك باشتىن بويىغا نەزەر سېلىشتى، يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مەنىلىك جىلمىيىشىپ قويۇشتى. بىر - بىرىدىن ئاشۇرۇپ پەرداز قىلىشىۋالغان، سۈزۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقان قىزلار بولسا ئۇلارغا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ سوغۇق نەزەر تاشلاشتى - دە، ئۆز ئارا پىچىرلىشىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھەسەت، قىزغىنىش، مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئادىلە قىزلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن ئامانگۈلنى قولتۇقلىغان ھالدا ئۈستەلگە

كەلدى ۋە قىزلار بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، خۇش ياقمىغاندەك سالاملىشىپ قويدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىلچىمۇ ھودۇقۇش، ياتسىراش بىلىنمەيتتى. ئامانگۇل ئۇزىنى قانچە ئازادە تۇتاي دېسىمۇ ھەشمەتلىك سورۇن، قىزلارنىڭ سىنچى كۆزلىرى، يىگىتلەرنىڭ يەۋەتكۇدەك قاراشلىرى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئوقەتچى، سودىگەر باللار، — ئادىلە بىر دەمدىن كېيىن ئامانگۇلنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ ئۇيدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى، — ئاۋۇ دوغلاق، بۇرۇتلۇق يىگىتنىڭ ئىسمى شەمشىدىن — مۇشۇلارنىڭ خوجايىنى، تۇرغاننىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ نەچچە شەھەردە دۇكىنى بارمىش، ھەممىسىدىن بېيى، ماۋۇ ئىېگىزنىڭ ئېتى ئەسقەر، ئۇرۇمچىدە ئۇنى ئەسقەر لۇشياڭ دېمىسە تونۇمايدۇ، ئىچكىرىدىن ئەڭ بۇرۇن لۇشياڭ ئەكىلىپ ئوقەت قىلغان، ئاۋۇ قارا يىگىت ۋەلى، تۇرغاننىڭ دېيىشىچە پۇل سودىسى قىلىدۇ دەيدۇ، ماۋۇ پاسكىنىلارنى تونۇمايدىكەنمەن، — ئادىلە يېنىدىكى قىزلارنى بېشىدا شەرەت قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

ئامانگۇل ئاستا، يەر ئاستىدىن ئۇدۇلدىكى يىگىتلەرگە سەپسالدى. ئۇلار ئۇستىگە قاتۇرۇپ دەزماللانغان كاستيۇم كىيىپ، ئاپئاق ياقىلىرىغا گالستۇك تاقىشىۋالغان، قوللىرىدا قوش-قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈكلەر بار ئىدى. ئامانگۇلنىڭ كۆز ئالدىغا مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر كەلدى، بۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرقى ئاشۇ سالاپەتلىك مۇئەللىملەردىن ھېچ قېلىشمايتتى. ئامانگۇل ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى.

— ئەتىگەن سەمەت گۇاڭجۇدىن تېلېفون بېرىپتۇ، — دېدى ئەسقەر شەمشىدىنگە قاراپ — ناھايىتى ئەرزان چېكەن ئۇچراپ قالدى، پۇل ئەۋەتىڭلار دەيدۇ.

— چېكەن ھازىر سۇرمەيۋاتىدۇ، — دېدى شەمشىدىن بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭ ئىمزىغا كۈللۈك دوخاۋا ئالسۇن، بىرگە ئىككى پايدا قىلىدۇ، ئاندىن شېكەر چاچتىدىن بولسا ئالساق بولىدۇ، ھازىر سوۋېتتىن كەلگەنلەر شۇنىڭغا دوم چۈشۈۋاتىدۇ. ئەتىگەنلىككە مەن ئۆزۈم تېلېفون بېرەي...

— دوللار قانچىكەن ئوقتۇڭمۇ؟ — سورىدى ۋەلى.

— پەرقى يوق ئىكەن... ھە، راست سېنى بوگۈن خېلى موڭگۈز ئالدى دېيىشىدىغۇ؟

— كىم دەيدۇ؟ — ۋەلى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى، — بىرى سوۋېتتىن ئەكەپتىكەن، سورىسام بەك ئۆرە سوراپ تۇرۇۋالدى.

— قانچە دەيدۇ؟

— بىر مىڭ سەككىز يۈز دەيدۇ.

— بولىدىكەن.

ئامانگۇل ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ بەزىلىرىنى چۈشەنمىدى، ئاڭغىچە ئادىلە پەيدا بولدى. باياتىن ئۇ تۇرغانغا ھەمكارلىشىپ بېرەي دەپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— تۇرغاننىڭ ئايالى يوقمۇ؟ — ئامانگۇل ئاستا سورىدى.

— ئاجرىشىپ كەتتى، تولا كۈنلەپ ئۇنى تويغۇزۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سېنىڭدىنمۇ؟

— ياقەي، — ئادىلە بىر قىسما بولۇپ قاپىقىنى سوزۇپ قويىدى، — تۇرغان سەل شوخراق، شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىدى. بولمىسا تۇرغان نىمە دېسە ئېلىپ بېرەتتى، شۇ دۆلەتنىڭ قەدرىگە يەتمىدى، كۆرگۈلۈكى بار ئىكەن ئۇنىڭ...

بىر دەمدىن كېيىن ھەرخىل قورۇلمىلار تارتىلىپ، پېچەتلىك بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ھايال ئۆتمەي سىپايىسى يىگىتلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرى قىزىرىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى قىزلارنىڭ ئۇستىدە ئويناشقا باشلىدى. ئامانگۇل تۆردە ئولتۇرغان شەمشىدىنىڭ ئۆزىگە پات-پات قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، تۇرقىدىن قارىغاندا ئۆيلەنگەندەك تۇرىدۇ، — ئىچىدە ئويلىدى ئامانگۇل ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ، — ياكى بۇمۇ تۇرغاندەك ئايالىنى قويۇۋەتكەن نەرسىمىكىن، ئەجەب كۆزى يامان نېمىكەن... تۇۋا، بۇ ئادىلەنىڭ ئارىلاشمايدىغان ئادىمى يوق ئىكەن، نەدە يۈرۈپ بۇلار بىلەن تونۇشۇپ كەتكەندۇ؟

بوتۇلكىلار ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. تۇرغان بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان ئۇنىئالغۇنى قويىدى. بىر ئايالنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇزىكا بىلەن ئورۇندىغان ناخشىسى ياڭرىدى.

— تانسا ئوينايلى!

ئامانگۇل بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ شەمشىدىن تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئامانگۇل نېرىدا ئولتۇرغان قىزلارنىڭ ئۆزىگە سوغۇق، ياراتمىغاندەك نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، دېدىللىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنى بىر كۆرستىپ قويۇشنى نىيەت قىلدى. ئامانگۇل شۇ تاپتا ئىچىدە ئادىلەدىن مەمنۇن بولدى، ئاشۇ ئادىلە ئۇنىڭغا زورلاپ يۈرۈپ تانسىنى ئۆگەتتى، ئەگەر تانسا بىلمىگەن بولسا ئاشۇ ھەسەتخور قىزلارنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلەر ئىدى.

شەمشىدىندىن گۈپپۈلدەپ نافتالىن ئارىلاش ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ سېمىزلىكىگە قارىماي شۇنداق يېنىك، چاققان ئوينايتتى.

— نەدە ئىشلەيسىز؟ — شەمشىدىن ئۆينى بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئامانگۇلدىن سورىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى قاتار ئالتۇن چىشى چىراغ يورۇقىدا ۋاللىداپ كەتتى.

— مەن ئوقۇغۇچى، — دېدى ئامانگۇل سەل تارتىنىپراق.

— شۇنداقمۇ؟ قايسى مەكتەپتە؟

— ئادىلە بىلەن بىر مەكتەپتە.

— ھە، مۇنداق دەڭ، تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىڭىز ... ؟

— ئامانگۇل.

— مېنىڭ ئىسمىم شەمشىدىن، خىزمەت ئورنىمىز دۆڭكۆۋرۈكتە، — ئۇ خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلدى، — ئېنىقراق دېسەك پۇل نەدە بولسا بىزمۇ شۇ يەردە ئىشلەيمىز.

شەمشىدىنىنىڭ خۇشچاقچاقلىقى ئامانگۈلدىكى تارتىنىش، ھودۇقۇشنى يوق قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىپ شەمشىدىنىنىڭ سوئاللىرىغا قورۇنماي جاۋاب بېرەتتى. ئىككىنچى قېتىم شەمشىدىن ئۇنى يەنە تانسىغا تارتتى.

— ئۆزلىرى قالتىسقۇ خېنىم، — ئۇ تانسىنى تۈگىتىپ ئولتۇرۇشىغا ئادىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — شەمشىدىن باينى قارىتىپلا ئالدىڭغۇ، دىققەت قىلدىڭمۇ، ئاۋۇ پاسكىنىلارنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن ھەممىسىنىڭ كۆزى شەمشىدىندە، تازا چىڭ تۇت، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالساڭ زىيان تارتمايسەن ئاداش.

ئادىلە سىرلىق بىر ھالەتتە كۈلۈپ، ئۇنىڭ بېلىكىنى چىمداپ قويدى، ئاڭغىچە ئەسقەر كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۆي ئىچى ئەتىر، يۈز مايلارنىڭ ھىدى، ئالىي سورتلۇق تاماكىنىڭ ئىسى، ھاراقنىڭ پۇرىقى بىلەن تولۇپ مانانلاشتى. قىزىغان ھاۋادىن جانغا راھەت، يېقىملىق بىر پۇراق تارقىلىپ كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. يىگىتلەرنىڭ سىپايى، سالاپەتلىك ھالىتى نەلەرگىدۇر يوقاپ، ئېچىلىپ خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. ئۇلار بىر-بىرلىرىگە مەردلىك بىلەن ۋەدىلەرنى بېرىشكە، قەلبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، قاچانلاردىكى كۆڭلى قالغان يەرلىرىنى دەپ ئەپۇ سورىشاتتى، باشقىدىن ئاغىنە بولۇپ بىر-بىرىگە قول بېرىشەتتى. قىزلارمۇ ئەمدى سۈزۈلۈشتىن قېلىپ، بىر-بىرىگە قىزىل ھاراق، پىۋىلارنى قۇيۇشۇپ تارتىنماستىنلا ئىچىشمەكتە ئىدى، تۇرۇپ ئۇلار يىگىتلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇشۇپ ئۆزئارا پىچىرلىشىپ قويۇشاتتى. ئۇنئالغۇدىن ناخشا ياڭرىماقتا.

قارا ساچىڭ يەلپۈنەر،
كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر.
يۈرىكىمۇ تەلپۈنەر،
ئون سەككىز ياشىم، ئون سەككىز ياشىم،
ئون سەككىز، ئون سەككىز، ئون سەككىز ياشىم ....

ئامانگۈلگە بۇ ئولتۇرۇشتىكى ھەممە نەرسە شۇنداق يېقىملىق، كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇپ، دىلى يايراپ كەتتى. ئەنە شەمشىدىن ئەسقەرنىڭ ئۇنىڭغا يېپىشىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان گېپىگە قولاق سالماستىن، ئامانگۈلگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن باقماقتا، ئامانگۈل بولسا بۇنىڭدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. قىز بالا ئۈچۈن يىگىتلەرنى ئۆزىگە تەلمۈرتۈشتىنمۇ ئارتۇق لەززەت بولمايدۇ. ئۇنداق چاغدا سېنىڭ بىر جىملۇۋىلىك تەبەسسۇمىڭ، نازاكەتلىك بىر بېقىشىڭ مەن-مەن دېگەن يىگىتنىڭ ھوشىنى يوقىتىدۇ. ئامانگۈل ئون سەككىز يىللىق ئۆمرىدە مانا بۈگۈن ھاياتنىڭ، ياشلىق گۈزەللىكىنىڭ ھۇزۇرىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئېسىگە تۇرۇپلا ئاشۇ يىراقتا قالغان نامرات يۇرتى كەلدى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ يېڭى يىلنى خاتىرىلىگەنلىكىنى ئامانگۈل ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇلار پەقەت يىلدا كېلىدىغان ئىككى ھېيتنىلا بىلىشىدۇ، ھېيتتىمۇ پەقەت بىرىنچى كۈنى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى توپىلاق مەيداندا ناغرا-سۇنايغا ياش-قېرى ھەممىسى ئۇسسۇل

www.uyghurkitap.com

ئويىنشىدۇ، بىر-بىرىنى توپا-توزانغا كۆمۈشىدۇ، بىچارە دېھقانلار شۇ ئويۇندا-ن ھوزۇر ئېلىشىدۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا مېڭىشىدۇ، بۇ يەردە-چۇ؟ ئويىنايمەن دېسەڭ كوندىلا تاماشا بار، پەقەت پۇلۇڭ بولسىلا بولىدى، شەھەر دېمەك پۇل دېمەك، ئەنە شەھەردىنىڭ پۇلى بولغاچقا ئاۋۇ قىزلار گۈلىگە تەلمۈرۈشمەكتە، ئۇنى ئامانگۈلدىن قىزغانماقتا. ئەمما ئۇلاردا ئۆزىنىڭكىدەك چىراي يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئامانگۈلنىڭ ۋۇجۇدى راھەتلەندى.

تامدىكى ھەيۋەتلىك سائەت جاراڭشىپ ئون بىر قېتىم ئۇرۇلدى. لېكىن مېھمانلار ھازىر تارقايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەسقەر كاستيۇمىنى سېلىپ سافانىڭ ئۈستىگە چۆرۈدى ۋە ئالدىدىكى بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ ئېچىشتۈردى- دە، ئىشىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي تۇرغان، قېنى بۇ؟ .... ھاراق تۈگىدى، بۇنداق چۈپەيلىك قىلما، ساڭا بۇنچىلىك داستىخان دېگەن نېمە؟ بۇگۈن قانغۇچە ئويىنايمىز، شۇنداقمۇ شەمشى؟! ...

ئۇ شۇنداق دېدى-يۇ، لېكىن شۇ ھامان دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ نېرىدا ئولتۇرۇشقان قىزلارنىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ رومكىلىرىغا قىزىل ھاراقنى قۇيۇپ ئىچىشكە زورلىغىلى تۇردى. ئۇ ئۇبدانلا تەڭشىلىپ تالىغانىدى. شەمشىدىن توختاپ قالغان ۋىنئالغۇنىڭ لېنتىسىنى ئالماشتۇرغىلى قوپتى. شۇ پۇرسەتتە ئامانگۇل ئادىلەنى ئىمزدەپ كارىدورغا چىقتى. ئۇنىڭ ئېسىگە مەكتەپ، ياتاقنىڭ تۈزۈمى كېلىپ ئولتۇرالمايلا قالدى، ئۇ ئاشخانىغا قارىدى، ئۇ يەردە ئادەم يوق ئىدى. ياندىكى ئۆيدىن بىرلىرىنىڭ ئاستا سۆزلەشكەن ئاۋازى، تۇرۇپ-تۇرۇپ چوكىلىدىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئامانگۇل ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى.

— ۋىيەي، ئاستىراق، كالپۇكىمنى ئۈزۈۋالامسىز؟

ئامانگۇل ئادىلەنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ھولۇقۇپ كەتتى.

— ئەسقەر ئەجەب يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟—دېدى تۇرغان ھاسراپ تۇرۇپ،—سىزگە ئىش-پەش تارتىپ يۈرمىگەندۇ؟

— خۇدايا توۋا دەڭا،—ئادىلە ناز بىلەن، ئاغرىنغاندەك بىر تەلەپپۇزدا دېدى،— ئۇ ھاراقكەشنى نېمە قىلىمەن، سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن.

— راست يۈرەك سۆزىڭىز-ھە؟

— قەسەم ئىچىپ بېرەيمۇ؟ مېنىڭغۇ دەيسىز؟ ئۆزىڭىزچۇ؟ مەن يوق چاغدا قايسى قىزلارنى ئەكىرىسىز، كىم بىلىدۇ؟

— يوق خىيالنى قىلماڭ

—ھى،— ئادىلە تامقىنى قېقىپ قويىدى،—ئەر كىشى دېگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ھە، راست يېڭى يىللىق نېمە سوۋغا بېرىسىز ماڭا؟

— ئەتە يالغۇز كېلىڭ، سىزگە ئاتاپ قويغان نەرسەم بار.

كارىۋات غىچىرلاپ چوكۇلدىغان، ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئامانگۇلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، مېھمانخانا ئۆيىگە قايتىپ كىردى. تۇۋا،—دەيتتى ئۇ ئۆز

ئۆزىگە، ــ بۇ ئادىلە تۇرغان بىلەن شۇنداق ئىكەن ـ دە، ئاتا ـ ئانىسى ئوقىدىغان بولسا نېمە دەپ قالار، شۇنداق چولڭ باشلىقنىڭ قىزى تۇرۇپ بىر ئۆيلەنگەن ئوقەتچى بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرگىنىنى، ياكى ئۇنىڭ پۇلىغا قىزىقىۋاتامدۇ ـ يا، بايا ماڭا شەمشىدىنى دېگىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن ـ دە ... ياق، ياق خۇدا ساقلىسۇن، ئادىلە نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن مەن تىنچقىنا ئوقۇشۇمنى ئوقاي، ماڭا پۈتۈن بىر ئائىلە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئويلار ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىنى مەيۈسلەندۈردى، ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدىكى ئويۇن ـ تاماشا، نازۇ ـ نېمەت، ناخشا ـ مۇزىكىلار، ھەممە نەرسىلەر يات تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن دەرھال كەتكۈسى كەلدى. ئىچىدە مۇنداق يەرگە ئىككىنچى كەلمەيمەن، دېدى.

ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئامانگۈل ئادىلەگە قايتىمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى.

ــ نېمە، ئاشۇ چىرايلىق ياتاقنى سېغىنىپ كەتتىڭمۇ بىر دەمدە؟ ــ ئادىلە قېيداپ سۆزلىدى.

ــ بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، كېتەي، ــ ئامانگۈل چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمىگەن ئادىلە ئاخىرى شەمشىدىننى چاقىردى.

ــ ئامانگۈل كېتىمەن دەپ ئۇنىمايدۇ، قانداق قىلىمىز، ــ دېدى ئۇ مەنىلىك قاراپ.

ــ مەن ئۆزۈم كېتىۋېرەي، ــ دېدى ئامانگۈل ئوڭايسىزلىنىپ.

ــ ھەي سارالڭ، مەكتەپ دېگەن نە ئۇ؟ بۇ كېچىدە قانداق يالغۇز كېتەلەيسەن؟

ــ بولدى، بىز بىللە كېتەيلى، مېنىڭمۇ ئەتە ئەتىگەندە قىلىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى، ــ شەمشىدىن ئامانگۈلگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ خۇددى پايدىلىق بىر سودىنى قىلغاندەك چىرايىدىن ئەندىكىش، خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار كىيىنىپ كوچىغا چىقتى. تالادا ئۇچقۇنداپ قار چۈشمەكتە ئىدى. ئادەمسىز، بوش قالغان كوچا ئۇيقۇسىرىغان بوۋايدەك مۈگدەپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بىر دەمدىلا بىر تاكسى ئۇچراپ قالدى. شەمشىدىن قول كۆتۈرۈپ توختاتتى ۋە كەينى ئىشىكنى ئېچىپ ئاۋۋال ئامانگۈلنى ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۆزى نېرىقى ئىشىكتىن كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

ئامانگۈل ماشىنىنىڭ ئىچىگە، يۇمشاق ئورۇندۇقلارغا راھەتلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى. ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق ماشىنىغا چۈشۈپ كۆرمىگەنىدى، بۇ ئوڭۇشمۇ ـ چۈشۈمۇ، دەيتتى ئىچىدە.

شەمشىدىن يول بويى ئۇنىڭغا ئۆزى توغرىلىق، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ... توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بارمىغان يېرى ئاز ئىدى. پاكىستان، تۈركىيىگە بېرىپ ئويناپ كەپتۇ، يېقىندا سوۋېتكىمۇ چىقىپ موسكۋا، لېنىنگراتلارغىچە ئايلىنىپ كەپتۇ، ئامانگۈل ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى، نېمىدېگەن تەلەيلىك يىگىت، دۇنيانىڭ يېرىمىنى كۆرۈپ بوپتۇ، پۇل دېسە بار، مەنچۇ؟ ئۆرۈمچىگە قانچىمۇ مۇشەققەتتە

www.uyghurkitap.com

كەلدىم، يەنە بەش يىل ئوقۇسام، ئاندىن تۆت تەڭگىگە ئېرىشەلەيمەن. بۇ دۇنيا نېمانچە تەڭشەلمىگەندۇ؟ ...

— ئامانگۈل، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا قايرىلىپ ۋە يان-چۆنتىكىدىن قىزىل دۇخاۋا قاپلانغان كىچىك بىر قۇتىنى چىقىرىپ ئاچتى.

— چەت ئەللەردە بىر ئادەت بار ئىكەن، — دېدى ئۇ قۇتىنى ئامانگۈلگە سۇنۇپ، — يېڭى يىلدا دوستلار بىر-بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشىدىكەن. بۈگۈن سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بۇندىن كېيىن ئايرىلىشىپ ئۆتەرمىز، بۇ ئاز بولسىمۇ يېڭى يىلىڭىزغا سوۋغام بولسۇن.

ئامانگۈل قۇتىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭدا بېغىمۇ، ئۆزىمۇ ساپ-سېرىق چىرايلىق دامىسكى سائەت تۇراتتى.

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز، ياق ئالمايمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ئالمىسىڭىز مەن رەنجىيمەن، ياراتمايۋاتامسىز - يا؟

— ياق، ياق، بۇنداق قىممەت نەرسىنى ئالالمايمەن.

— سىزنىڭغۇ لايىقىڭىز ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم.

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ بىردەمگىچە قانداق قىلاي دەپ ئارىسالدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ مازىرغىچە سائىتى يوق ئىدى ۋە سائەت تاقاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، ھەر قېتىم ئادىلەنىڭ ئۆزۈكىنىڭ كۆزىدەك كىچىككىنە سائىتىگە كۆزى چۈشكەندە ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت تۇتىشاتتى. مانا بۇ نەرسە ھازىر ئۇنىڭغا بىكارغىلا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بۇنى پۇل تېپىپ قانداقمۇ ئالالايتتى.... ۋالىلداپ تۇرغان سائەت ئۇنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالمىسا باشقا بىر قىز ھامان ئالىدۇ.

ئامانگۈلنىڭ قولى ئىختىيارسىز قۇتىغا سوزۇلدى. شەمشىدىن قۇتىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىچە قولىنى چىڭ قىسىپ قويدى. ئامانگۈل تىترىگىنىچە يەرگە قاراۋالدى.

— كېلەر يەكشەنبە كۆرۈشەيلى بولامدۇ، مەن سىزگە ياتىقىمنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى شەمشىدىن مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئامانگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— قېنى قاراپ باقاي، — دېدى ئامانگۈل ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، ھەرھالدا شەمشىدىن ئۇنى ئارتۇق تۇتماي قويۇۋەتتى. ئۇ خوش دېدى - دە، ئارقا ئالدىغا قارىماي ياتاققا قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئەتراپ جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇدا، بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئامانگۈل تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاققا كىردى. قىزلار بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئامانگۈل ئاستا چىراغنى ياقتى. ھەددىشە ئۆرۈلۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئامانگۈل سىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالماي.

— ھەئە.

— نەگە باردىڭىز؟
— داشۆدىكى بىر يۇرتلۇق قىزلارنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، — ئامانگۇلنىڭ ئاغزىغا شۇ گەپ كەلدى.
خەدىشە جىم بولدى. ئامانگۇل خۇددى ھېلى بىرى كېلىپ تەكشۈرىدىغاندەك كىيىملىرىنى ئىتتىك سالدى-دە، ئورنىغا كىردى. ئاندىن يوتقاننى تارتىپ تۇسۇپ ھېلى شەمشىدىن بەرگەن سائەتنى قولىغا سېلىپ كۆردى. سائەت بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ خۇددى ئالتۇن بىلەيزۈك تاقىغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تويمايتتى، خەدىشەنىڭ يۆتىلىشى ئۇنى ئېسىگە كەلتۇردى. ئۇ يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۇ يېتىپمۇ خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈنكى ئولتۇرۇش، ئادىلەنىڭ دېگەنلىرى، شەمشىدىننىڭ ئىلتىپاتى، ئومۇمەن يېقىندىن بۇيانقى تۇرمۇشىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر كېلىپ، پىكىرلىرى ئۇچى يوق يىپتەك چېگىشلىشىپ كەتتى.

7

ئورۇمچىنىڭ ئۇزۇن قىشىمۇ تۈگەپ ياز كەلدى. مەۋسۇملۇك ئىمتىھانلارمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ئامانگۇل تونۇگۈن ئۆيىدىن خەت بىلەن بىللە 40 سوم پۇل تاپشۇرۇۋالدى. دادىسى خېتىدە شۇ پۇلنى كىرا قىلىپ تەتىلگە كېلىشىنى، ئۇنى ئۆيدىكىلەرنىڭ بەك سېغىنغانلىقىنى قايتا-قايتا يېزىپتۇ. ئامانگۇلنىڭمۇ ئۆيىنى، ئۇكىلىرىنى بەك كۆرگىسى كەلدى. نېمىدېگەن بىلەن ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتسە چىدىماق تەس ئىكەن، تەتىل يېقىنلاشقانسېرى ئۆيدىكىلەر، مەھەللىسى، بىللە ئۆسكەن دوستلىرى پات-پاتلا چۈشىگە كىرىپ خىيالىدىن نېرى بولمايدىغان بولدى. مەن كەتكەندىن بۇيان كىملەرنىڭ تويى بولۇپ كەتتىكىن؟ ئايشەم كۈزدە قىلماقچى ئىدى. قىلغان بولسا ھازىر ئىككى قاتمۇ بولغاندۇ. يەنە كىملەر تويغا تۇتۇش قىلدىكىن، ئۆيدىكىلەر سەن كەلگىچە يېڭى ئۆينىمۇ سېلىپ پۈتتۈرۈپ قويىمىز، دەپتۇ، بىچارىلەر، قانچىمۇ جاپا تارتىۋاتقاندۇ...
ئامانگۇل ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن بىر يىلنىڭ قانداقلارچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايلا قالدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلىدىغان بۇ شەھەر، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى، ئويۇن-تاماشىلار ئەمدى ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە، ھېچبىر ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق نەرسىگە ئايلاندى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇ ھەممىنى كۆردى. ئۆگەندى، ئاستا-ئاستا بۇ تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدى. دەسلەپ ئۇ كىيىم-كېچەك، پۇلدىن قىينالدى، بويىنى قىسىلدى. ئەمما كېيىنچە بۇنىڭمۇ چارىسى تېپىلدى. ئۇ شەمشىدىندەك مەرد سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇۋالدى. ئۇلارغا بىر جىلمىيىپ قويساڭ ئۇستىڭگە بىرەر قۇر كىيىم چىقىپ قالاتتى. يېڭى يىللىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئامانگۇل ئادىلە بىلەن بىر ئىككى قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا، ئۆيىگە باردى. شەمشىدىن ئۇلارغا تۈركىيىنىڭ كۆڭلەكلىرى، ياپونىنىڭ ياغلىقلىرىدىن ھەدىيە قىلدى. ئامانگۇل ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خالى جايدا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. شەمشىدىن مۇندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مال ئەكەلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كەتكەن پېتى ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. ئامانگۇل بىر ھېسابتا

ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغىمۇ خۇش بولدى. چۈنكى شەمشىدىنىمۇ بىكارغا ھېرىۋەرمەيدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى بۇ ھېسابىنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇ ۋەھىمە بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئامانگۈل ئۆيىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇۋاتقاندا ئادىلە كىردى.

— كىمنىڭ خېتى ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تاماق قاچىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇۋېتىپ.

— ئۆيدىن كەپتۇ، مېنى تەتىلدە كەل دەپ پۇل ئەۋەتىپتۇ، — ئامانگۈل خەتنى بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— سەنمۇ كەتسەڭ مەن يالغۇز قالىدىغان بولدۇمدە، ئىككى ئاينى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟

دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى.

— مەن بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ كېلەمسەن-يا، — دېدى ئۇ ئادىلەگە، — شۇنىسى سەھرا، ئويۇن-تاماشا يوق، زېرىكىپ قالارسەنمىكىن دەيمەن.

ئادىلە بىر مىنۇتچە ئويلىنىپ تۇرۇپ بىردىنلا چىرايى ئېچىلدى:

— بولمىسا شۇنداق قىلايمۇ يا؟ ھازىرغىچە جەنۇبنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، يېزىگەن قانداق بولىدۇ، ئۇقمايمەن. ئەمىسە ئۆيدىكىلەرگە دەپ باقاي، ئەڭ ياخشىمەن ھېرىپ ئاپامغا دېگىنە، مېنى شۇ ئۆينىڭ ئىشلىرىدىن بىر قۇتۇلدۇرغىنە ئاداش.

ئادىلەنىڭ بارماقچى بولغانلىقى ئامانگۈلنىمۇ قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ يېزىدا ئىككى ئاينى توشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەي تۇراتتى، ئادىلە بىللە بولسا ئۇمۇ زېرىكمەيدۇ ياكى پەقەت بولمىغاندا ئادىلەنى باھانە قىلىپ ئۆرۈمچىگە بالدۇر قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى دوست شۇنداق كېلىشتى. ئامانگۈل شۇ كۈنىلا بىر دوستىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە خەت يېزىۋەتتى.

ئۇزۇن چۆللەر، قاقاس تاغلار كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى، ئاپتوبۇس تەتىلگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشقانىدى، ئۇلار خۇددى قەپەستىن ئايرىلغان قۇشلاردەك ئەركىن يايرىشاتتى، گەپ قىلىشىپ ھارمايتتى. ئۇلار بىلەن تۇرسۇنمۇ بىللە ماڭدى. ئۇ يول بويى بۇ ئىككى قىزنى كۈتۈپ، مېھمان قىلىپ ماڭدى. چۈشكەنلا يەردە تاماق ئالاتتى، مېۋە-چېۋە توشۇيتتى. ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆيىگە كەتمەستىن ئىككى قىز ماڭغىچە ئۇلارنىڭ قېشىدا يۈردى.

— ئاداش، قارىسام بۇ مۆرىمەس ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ئادىلە ئامانگۈلنىڭ يېزىسىغا بارىدىغان كونا بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — قارىغىنا بىچارىنىڭ سېنىڭدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەي پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ، — ئامانگۈل ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ ئۇنى مۈرىسى بىلەن ئىتتەردى.

شۇ ئارىدا تۇرسۇن ئىككى بوتۇلكا گاز سۇيىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستا پەيدا بولدى.

— يولدا ئۇسساپ قالساڭلار ئىچەرسىلەر، — دېدى ئۇ بوتۇلكىنى ئادىلەگە تەڭلەپ ۋە ئامانگۈلگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ھەلقۇمى تىنىماي قىمىرلايتتى. قىسىق كۆزلىرى ئەچكى بىر ھاياجاندىن يالتىراپ كەتكەنىدى، ئامانگۈل بولسا ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى.

ئادىلە تۇرسۇنغا قاراپ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇرسۇن! سىزنى جىق ئاۋارە قىلدۇق، رەھمەت، — دېدى ۋە ئامانگۈلگە قاراپ گېلىنى مەنىلىك قىسىپ قويدى.

— نېمە ئاۋارىچىلىق؟ — تۇرسۇن قىزارغان ھالدا ئاپتوبۇسنىڭ تۇتقۇچىنى سىلىدى، — زېرىكسەڭلار ناھىيىگە كېلىڭلار، ھېيتتا كىرىڭلار بولمىسا.

— كەلسەك ئۇيىنتارسىز؟

— چاتاق يوق، بىزنىڭ ئۆيىنى ئامانگۈل بىلىدۇ، يېقىنلا.

شوپۇر ئاپتوبۇسنى ئوت ئالدۇردى، تۇرسۇن ئامانگۈلگە يەنە بىر قاراۋېتىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

— بىچارە بالا، — دېدى ئادىلە ئاپتوبۇس خېلى ئۇزىغان بولسىمۇ تېخىچىلا جايىدا تۇرغان تۇرسۇنغا قاراپ، — سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن جۇمۇ، تەلەپ قويىدىمۇ؟

— ياقەي. نېمە سەن شۇنىڭ بىلەنلا قالدىڭمۇ؟

— ئەگەر تەلەپ قويسىچۇ، قانداق قىلاتتىڭ؟

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، مېنىڭ خىيالىمدىمۇ يوق.

— چىرايىغا قارىسا، سەن ئۇنىڭ خېلى ئەمەس، لېكىن ئاقكۆڭۈل بالىدەك قىلىدۇ، بۇنداق يىگىتلەر ۋاپادار كېلىدۇ، لېكىن بىز قىزلار بولساق بۇنداقلارنى ياراتمايمىز، شوخ، ئويۇنچىلارنى تاللايمىز، ئۇنداق يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىزلارنى قوغچاق ئېتىپ ئوينايدۇ، داغدا قويىدۇ، ئەجەب ئىش، تۇرمۇش دېگەنمۇ قايسىبىر كىتابتا دېگەندەك خۇددى سەھنىدىكى سىرلىق ئويۇنغا ئوخشايدىكەن.

— پاھ، — ئامانگۈل ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويىدى، — پەيلاسوپ بولۇپ كەتتىڭمۇ ئەمدى، سەن دېگەن مال دوختۇرى جۇمۇ!

— شۇنى دەيمىنا، — ئادىلە ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

ئۇلار كۈن قىيىلغاندا توپا - چاڭغا مىلىنىپ، مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئىككى قاسىنىقى رەتسىز تىكىلگەن ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ئادىلە ئەتراپىغا قىزىقىپ قارايتتى، ئەتراپتىن ئاچچىق توپا، قىغنىڭ چۈچۈمەل، سېسىغان پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، تاملىرى زەيدىگەن كونا ئۆيلەر، ئۈزۈم بارىڭىنىڭ سايىسىدە قاراڭغۇلاشقان ھويلىلار، ئۆرۈلگەن قورۇق تاملار ئادىلەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. كوچىنىڭ چېتىگىلا دۆۋىلەپ قويغان قىغنىڭ ئۈستىدە يۈز - كۆزى مەينەت، يېرىم - يالىڭاچ باللار موللاق ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. دەرۋازىسى يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالدىن شادا ئىشىك توقۇپ بېكىتىپ قويغان قورۇلاردىن چاشلىرى چۇۋۇلغان،

بالا كۆتۈرگەن ئاياللار چىقىپ باللىرىنى چاقىراتتى، ئۇلار كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ كېلىۋاتقان سومكا كۆتۈرۈشۈۋالغان بۇ يوچۇن قىزلارغا قىزىقىپ قارىشاتتى. ئۇلار كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئامانگۈل ئىكەنلىكىنى تونۇشقاندا بولسا ئاغزىلىرى ئېچىلىپ، نۇرسىز كۆزلىرىدە ھەيرانلىق پەيدا بولاتتى.

ئامانگۈل ئادىلەنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۇششاق تېرەك تىكىلگەن قورۇنىڭ ئالدىسىغا باشلاپ كەلدى. بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئورنىغىمۇ تالدىن توقۇلغان شادا ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىشىك قىيسىيىپ يېرىم ئېچىقلىق تۇراتتى. ئادەم بويى كەلمەيدىغان، كونىراپ كەتكەن ھويلا تېمىدىن قورۇنىڭ ئىچى ئېنىق كۆرۈنەتتى، ئالدى ئۈزۈم بارىڭى بىلەن توسۇلغان كۆرۈمسىز ئۆي مۆكچىيىپ تۇراتتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە ئۆيلەر تېخىمۇ كونىراپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۆينىڭ قارشىسىدا يېڭىمىدىن سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇۋاقلىرىمۇ يېڭىلا قۇرىغان، ئىشىك، دېرىزىسىمۇ سىرلانمىغانىدى. ھويلا جىمجىت. ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا توختام سۇنىڭ ئىچىدىن نېمىنىدۇر تۇتۇپ ئويناۋاتقان، يۈز - كۆزلىرى شالتاق بولۇپ كەتكەن بالا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن قىزلارغا يېتىرقىغاندەك قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھۆسەن، — دەپ چاقىردى ئامانگۈل ئۇنى، — نېمە قىلىۋاتىسەن؟

بالا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئېرىقتىن سەكرەپ چىقتى - دە، ئۇدۇل ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى:

— ئاپا! ئاپا! ئاچام كەلدى!

— مېنىڭ كىچىك ئۇكام، — دېدى ئامانگۈل خىجالەت بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — ئۆيگىمۇ كەلدۇق، تازا ھېرىپ كەتتىڭ - ھە؟!

ئۇلار دەرۋازىدىن ئەمدى كىرىشكە ئۆيدىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن كەڭ چىت كۆڭلەك، ئوشۇقىغا كېلىدىغان قىزىل ئىشتان كىيگەن، پۇتىغا ئەسكى بىر چۇخەينى سۆرىۋالغان ئاق يۈزلۈك ئايال ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ كېلىۋېتىپ يولدىكى سۈپۈرگىگە پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان قىزلارغا قاراپ ئەندىكەتتى، دېمى يېتىشمەي ھاسىرايتتى، ئۇنىڭ ئۇششاق قورۇقلار تور تارتقان يۈزى قىزىرىپ تىترەيتتى. ئۇ قىزىنى تەستە تونۇدى ۋە:

— ئامانگۈل! كۆزنۇرۇم بالام! — دېگىنىچە ئۇنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ ئوشۇق گەپ قىلالماي قالدى. قورۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان مۈرىسى سىلكىنەتتى. بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئادىلەنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئامانگۈل ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ ئۇنىڭغا ئادىلەنى تونۇشتۇردى.

— ئاپا، بۇ قىز ئادىلە، خەتتە يازغان دوستۇم شۇ.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# دەريا قىزى



نىجات يۈسۈپ

(ھېكايە)

ئىنژېنېر رەھىم يېشى قىرىققا ئۇلاشقاندا يۇرتىغا كەلدى. ئۇ مۇشۇ يەرگە زەرەپشان دەرياسى بويىغا سۇنى تىزگىنلەش پونكىتى قۇرماقچى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كېتىپ باراتتى. قۇلاقلىرىغا دەريا سۈيىنىڭ شارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن لويلا، چىغىرتىماق، سۆتلىگەنلەر پۇتلىرىغا يۆگىشىپ، مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى. ئۇ ھېرىپ ھاسىراپ كەتتى. پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. دەرياغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭغا يۇلغۇن، كۆكىرىپ تۇرغان قۇمۇشلار ئۇچراشقا باشلىدى. ئۇ پېشانىسى ۋە بويىنىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېچىۋەتتى. خايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نەچچە تۈپ جىگدە كۆتىكى نامايان بولدى. بىر چاغلاردا بۇ يەردىكى باراقسان جىگدىلىك ئىچىدە ئۆگزىسىدىن شاخ - شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆيدە چاقچى پاخپاق دەپ ئاتىلىدىغان كۆرۈمسىز، قاتمال يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، بۇرنىنىڭ سول تەرىپىدە قارا ئۆرۈكتەك مېڭى بار بىر ئايال ياشايتتى. چوچۇلىدەك قاپقارا، ئەگرى - بۈگرى بارماقلىرى بىلەن پاختا ساۋاپ، يۇڭ تىتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ مېھرى ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ شوخ، ئەقىللىق قىز ئىدى. لېكىن ئۇ قىز ھازىر يوق!

www.uyghurkitap.com

ئۇ دەريا تېگىدىن ماكان تۇتتى. چاقچى پاخپاق بولسا ساراڭ بولۇپ چىقىپ كەتتى. ھازىر بۇ يەردىكى جىگدىلەر قۇرۇپ، نابۇت بولۇپ كەتكەندى. پەقەت بىر نەچچە تۈپ جىگدە كۆتىكىنىڭ تۈۋىدىن خۇددى چاقچى پاخپاقنىڭ چېچىدەك بۇككىدە جىگدە نوتىلىرى ئۆسۈپ چىققاندى.

دەريا بويىدىكى بىر تۈپ ئاق تېرەك رەھىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ گويا يوقالغان گۆھىرىنى تېپىۋالغاندەك ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ، دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. رەھىم بىردىنلا ئۇنىڭ غولىغا ئويۇلغان بارماق ئىزلىرىنى كۆردى. ئىزلار يىرىك قوۋزاقلار بىلەن قاپلىنىپ يوغىناپ كەتكەندى...

رەھىم بۇ قىز بىلەن مۇشۇ دەريا بويىدا تونۇشقاندى. ئۇ چاغدا رەھىم ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ، ئىككىنچي ئوقۇش يىلىنىڭ يازلىق تەتىلىدە مەھەللىسىگە كەلدى. ئەتىسى كەچتە دەريا بويىغا كېلىپ، كەچلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ كىچىك ئېقىن بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان زىلۋا بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچ تۇرۇۋاتامسىز؟ — دېدى رەھىم قاپاقتا سۇ ئېلىۋاتقان قىزغا قاراپ.

— ۋەسسەي، سىز... — دېدى قىز ھوپپىدە قىزىرىپ، — توختى سېكرېتارنىڭ ئوغلى رەھىمغۇ؟

— سىز مېنى تونۇيدىكەنسىز — ھە؟

— دادىڭىز ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق تۇرسا، سىزنى تونۇمايتتىممۇ؟

رەھىم قىزنىڭ ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرىگە، ئاجايىپ چوڭ كۆزلىرىگە، ئىنچىكە بېلىگە بىر ھازا تىكىلىپ قالدى.

— نېمانچە قارايسىز ماڭا، مەڭ، جىگدە يەڭ، — قىز ئۆكچۈپ كەتكەن مەخمەل جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر سىقىم نان جىگدىسىنى ئېلىپ، رەھىمنىڭ ئالقىنىغا سالدى.

— مەن... مەن سىزنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئەمما مەن سىزنى تونۇيمەن. سىز ئوقۇشقا ماڭغان ۋاقتىڭىزدا كەنت بويىچە ھەممە ئادەم سىزنى ئۇزاتقىلى چىققان. مەن سىزنى شۇ چاغدا كۆرگەن.

— سىز ھەر كۈنى مۇشۇ يەردىن سۇ ئالامسىز؟

— ھەئە. ئەسلىدە ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىن ئالاتتىم. ھازىر سۇ ئۇلغىيىپ، كېچىك ئېتىق بولۇپ كەتتى. شۇڭا سىزنىڭ تەۋەيىڭىزگە كېلىپ قالدىم، بوپتىمۇ؟

رەھىم گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك، قىزنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ قالغاندى.

— ئىككى كۈندىن بېرى سۇ ئۇرلەۋاتىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەلكۈن كېلىدۇ. ئۇ چاغدا جاننى ئېلىپ قاچىدىغان يەر تاپالماي قالىمىز.

— بۇ ئاپەتمۇ يوقىتىلىدۇ، — دېدى رەھىم كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، — پات ئارىدا دەريا بويلىرى سېمونت بىلەن قاتۇرۇلىدۇ. بىر نەچچە چۆشۈرگە ياسىلىدۇ. شۇ چاغدا سۇنى چوقۇم يۈگەنلەيمىز.

— يۈگەنلەيمىز؟ — قىز كۈلۈۋەتتى، — مەن ئات - ئۇلاغلارنى يۈگەنلەيمىز، دېگەن

گەپنى ئاڭلىغان، لېكىن سۇنى يۈگەنلەيمىز، دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— سۇنى يۈگەنلەيمىز. تىزگىنلەيمىز... — رەھىم زىيالىيلارچە سۆزلەپ كەتتى، — مانا مەن سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن. كەلگۈسىدە ئادەم سۇغا ئەمەس، سۇ ئادەمگە بويسۇنىدىغان بولىدۇ.

رەھىمنىڭ قىز بىلەن ئۇزاقراق سۆزلەشكۈسى بار ئىدى، لېكىن قىز قاپاقنى ماتا داستىخانغا ئوراپ ئەپچىللىك بىلەن دۈمبىسىگە ئالدى ۋە بېغىردەك لىغىرلاپ تۇرغان قۇمساڭغۇ لاتقىغا يېنىك ئىز قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان رەھىم قىزنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي!... مەن... بىز... سىز...

— ھە، سىز، مەن، بىز. ھا...ھا... ھا... — قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — تويدىن كېيىن ناغرا، ئاشتىن كېيىن زاغرا دېگەندەك گەپ بولدى. بىر ئاش پىشىم مۇڭدىشىپ، ئەمدى ئىپتىمنى سورىماقچىمۇ سىز؟ ئىپتىم مېھرىگۈل، لېكىن كەنتتىكىلەر مېنى مېھرى دەپ چاقىرىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ كۈنۈپ قالدىم. سىزمۇ شۇنداق چاقىرىڭ!

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— ئەنە، ئاشۇ يەردە! — قىز بېگىز قولىدا دەريا بويىدىكى بۈك جىگدىلىكنى كۆرسەتتى، — ئانام بىلەن ئىككىمىز شۇ يەردە تۇرىمىز.

رەھىم ئۆگزىدە بىر كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ يېنىدا 12 ياشلىق ئىنىسى ئەخمەت پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى (بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى تومۇز ئىسسىقى باشلانغان كۈنلەردە بۆرگەدىن قېچىپ ئۆگزىگە چىقىۋالاتتى). رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا شوتىغا پۇتىنى قويۇۋىدى، ئىنىسى ئەخمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى. رەھىم دەريا بويىغا بارىمەن، دېدى - دە، پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

رەھىم دەريا بويىدىكى قېرى ياغاچنىڭ تۇپراق سىرتىغا چىقىپ قالغان يىلتىزىدا ئولتۇرۇپ مېھرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ بىر نەچچە قېتىم ئەسنىدى، ئاخىرى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە يىراقتىن مېھرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپلا مېھرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ياخشىمۇ سىز مېھرىگۈل، مەن... مەن سىزنى كېلەمدىكىن دەپ...

— مەن سىزگە دېگەنغۇ، مېنى مېھرى دەپ چاقىرسىڭىزلا بولىدۇ. بۇنداق چاقىرغىنىڭىزنى مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىسا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدۇ.

— نېمىشقا؟

قىز لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ قاپاقنى سۇغا پاتۇرۇپ، ئۇنى كۆچەپ قىرغاققا ئالدى، ئاندىن داستىخاننى ئىككى قاتلاپ ئۈشنىسىگە ئارتتى. ئۇ گويا رەھىمنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك بىپەرۋا كۆرۈنەتتى.

رەھىم قىزنىڭ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپاقنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن مېھرى ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ رەھىمنىڭ ياردىمى بىلەن قاپاقنى دۈمبىسىگە ئالدى. ئۇلار دەريا ياقىلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. رەھىم قىزنىڭ قاغا پېيىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان قاشلىرىغا،

uyghurkitap.com

ئانارنىڭ دانىسىدەك قان تەپچىسىپ تۇرىدىغان لەۋلىرىگە تويىماي قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما قىزنىڭ بىردىنلا قايرىلىپ قارىشى ئۇنى تەمترىتىپ قويىدى.

— ۋاي تـوۋا، سىز... سىز مەن بىلەن بىللە كىلىۋاتىسىزغۇ؟

— ئەمدى... ئەمدى... سىزگە ھەمراھ بولاي دەپ... — رەھىم قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— لىكىن بىزنىڭ ئۆيىنى بىرلا كۆرۈپ سەسكىنىپ كېتەرسىزمىكىن...

— نىمىشقا؟

— چۈنكى بىزنىڭ ئۆي قاغىنىڭ چاڭگىسىدەكلا دەڭا! تېخى ئانامنى دېمەيسىز، ئۇ بەك قوپال.

... رەھىم دەرياغا قاراپ ئۈن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. دەريادا دەرەخ ۋە شاخشۇمبىلار ئېقىپ كېلىۋاتاتتى.

— مېھرى، قاراڭ، ئاۋۇ نېمە؟

دولقۇنلار ئارىسىدا بىر قارا نەرسە بەزىدە چۆكۈپ، بەزىدە لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى.

— قوزا! ئۇ قوزىكەن!

قىز دەرھال ئۈستىدىكى قاپاقىنى يەرگە قويۇپ، ئېقىن بويلاپ يۈگۈردى. ئۇ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ، ئىككى قولنى ئۇزۇن سوزۇپ سۇغا سەكرىدى. رەھىم يېتىپ كەلگەندە مېھرى غولاچ تاشلىغىنىچە قوزىنى قوغلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردەمدىلا قوزىغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇنى قولتۇقىغا قىسىپ، قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. رەھىم قورقىنىدىن تىترەپ، قىرغاق ياقىلاپ يۈگۈردى.

— مېھرى! — رەھىم تىترەك ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — مانا بۇنى تۇتۇڭ، ھە تېز، تېز...

رەھىم ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بىر ئۇچىنى سۇغا ساڭگىلاتتى.

— ئەنە، ئاۋۇ يەرگە بىرىڭ، — مېھرى ئالدىدىكى دەرياغا ئۆسۈپ كىرىپ كەتكەن جەينەكنى كۆرسەتتى. سۇ بۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتكەچكە سۈرئىتى ئاستىلاپ قالاتتى. بىر قولىدا ئىشتىنىنى تۇتۇۋالغان رەھىم جەينەككە بېرىپ تاسمىنىڭ بىر ئۇچىنى سۇغا تاشلىدى. مېھرى تاسما تۇقسىنى تۇتۇپ قىرغاققا چىقتى. ئۇ قولىدىكى قوزىنى قۇمغا قويدى. قوزا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— رەھمەت سىزگە، بەك چاقىقانكەنسىز، — دېدى مېھرى ئۇزۇن چاچلىرىنى سىقىۋېتىپ. ئۇنىڭ چىت كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغاچقا، تولغان كۆكسى بىر بىخىشتا چۈشكەن جۈپ ئانار دەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رەھىم سېھرىلەنگەندەك قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. رەھىمنىڭ تېخىچە ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنىنى كۆرگەن مېھرى بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەمدى ئۇنى ئۈتكۈزۈۋېلىڭ، — دېدى ئۇ رەھىمنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇرغان تاسمىسىنى ئىشارەت قىلىپ، — يا كەچكىچە ئىچى سۈرۈپ قالغان ئادەمدەك ئىشتىنىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەمسىز؟

— سىز... توۋا، زادىلا ئىشىنەلمەي تۇرىمەن، — دېدى رەھىم ھەيرانلىق ئىلكىدە، — سۇ ئۈزۈشكە بەك ئۇستا ئىكەنسىزغۇ!

— شۇنىڭغىمۇ ھەيران قالامسىز، مەن دېگەن دەريا بويىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان تۇرسام.

رەھىم قاپاقنى، مېھرى قوزىنى كۆ-
تۈردى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە
چاقچى پاخپاق ئۆي ئالدىدىكى كاۋا بارى-
ڭى ئاستىدا چاق ئېگىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ
رەھىمگە ئالىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ بىر كۆ-
زى قارىغۇ بولغاچقا، يالغۇز كۆزى ئاجا-
يىپ قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇراتتى.
ئۇزۇندىن بېرى تاغاق كۆرمىگەن پاخپاق
چاچلىرى قوتاز قۇيرۇقىدەك چىگىشلىشىپ،
بويۇنلىرىنى بېسىۋالغانىدى.

— ئانا، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلا، — دې-
دى رەھىم قورققىنىدىن ئارانلا پىچىرلاپ.
ئايال يەنىلا بىر كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇ-
راتتى.

— ئانا، — دېدى مېھرى قولىدىكى
قوزىنى يەرگە قويۇپ، — بۇ بالا توختى
سېكرىتارىنىڭ ئوغلى. بۇ قوزا دەريادا
ئېقىپ كېلىۋېتىپتىكەن، ماڭا ياردەملىشىپ
سۈزۈشۈپ بەردى.

— ھە، ھىم، — دېدى ئايال بوغۇق
ئاۋازدا، — نېمىشقا قاپاقنى يەرگە قويماي
ئۆشنەڭگە چاپلاپ تۇرىسەن؟ قويە
قاپاقنى.

مېھرى رەھىمنىڭ دۈمبىسىدىكى
قاپاقنى ئېلىپ يەرگە قويغاندىن كېيىن،
بىر ئۆچكە تېرىسىنى باراڭ ئاستىدىكى
سۇپىغا سېلىپ رەھىمنى ئولتۇرۇشقا تەك-
لىپ قىلدى.

— قورسىقىڭىز راسا ئاچقاندۇ — ھە، —
دېدى ئۇ قارا كۆزلىرىنى ئويناتىپ، —
دەريا بويىدا قورساق تېز ئاچىدۇ.

— ياق، ئانچە ئەمەس...

— مېھرى، — دېدى چاقچى پاخپاق
قىزىغا، — جىگدە شەربىتىگە زاغرا ئۇۋاپ
بەر. قېنى، زاغرا ئۇۋىتەمدىكىن بۇنىڭغ

گېلىدىن...

مېھرى ئۈچاق بېشىدىكى بىر ھېجىر-
نى قولىغا ئېلىپ پاكىز يۇدى ۋە رەھىم-
گە قاراپ تۇرۇپ:

— بۇ مېنىڭ تاماق يەيدىغان قاچام،
پاكىزە يۇيۇۋەتتىم. ئىچىدىكى ھېجىرنىڭ
ئۆزىنىڭ خالى.

رەھىم مۇزدەك جىگدە شەربىتىگە
چىلانغان زاغرىنى ئىشتىھا بىلەن يېدى.
قورسىقى تويغاندىن كېيىن مېھرى بىلەن
بىللە دەريا بويلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ، قوغ-
لىشىپ ئوينىدى، ھەر خىل رەڭلىك تاش-
لارنى تېرىشتى.

كۈن غەرب تەرەپكە قايرىلغاندا ئۇ-
لار بىر تۈپ كۆك تېرەك يېنىدا توختاش-
تى. تېرەكنىڭ غولى سىلىق ھەم يۇمران
ئىدى. رەھىم تېرەكنى قۇچاقلاپ يۈزىنى
غولىغا ياققىنىچە قىزغا تىكىلدى. يىگىتنىڭ
ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قىز
بىردىنلا قىزىرىپ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچ-
تى. بىراق رەھىم قىزنىڭ قوللىرىنى ئال-
قىنىغا ئالدى.

— قوللىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام
بولامدۇ؟!

— كۆرگۈچىلىكى يوق، يۈك تىتىپ،
پاختا ساۋاپ يېرىلىپ كەتكەن قوللار بۇ.

— ياق، سىزنىڭ بارماقلىرىڭىز ئۇزۇن
ھەم نازۇككەن.

رەھىم قىزنىڭ ئالقانلىرىنى تېرەك
غولىغا چاپلىدى ۋە كىچىككىنە قەلەمتىرا-
رىچىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۇچلۇق تىغىنى
بارماق ئارىلىقلىرىغا سانجىشقا باشلىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ قولۇمنى كېس-
ۋەتمەك يەنە؟

— ياق، قولىڭىزنىڭ سۈرىتىنى دەرەخ

غولىغا ئۆيۈپ قويۇپ، سىزنى كۆرگۈم كەلگەندە مۇشۇنى كۆرۈمەن.

مېھرى ھىجرىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى. رەھىم بىردەمدىلا بەش بارماق ئىزىنى قوۋزاقچا ئويۇپ چىقتى.

ئۆزىنىڭ بارماق سۈرىتىنى دەرەخ غولىدا كۆرگەن قىز بىر ئوتلۇق مېھىر بىلەن رەھىمگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى جۈپلىشىپ، ھۆسنىگە ئاجايىپ لاتاپەت ۋە نازاكەت سايىلىرى قونغانىدى. رەھىم ھېچ تاقەت قىلالماي، قىزنىڭ بىلەكلىرىدىن تارتىپلا باغرىغا باستى. قىزنىڭ ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىگە ئۆزاقىچە سۆيدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى مەست بولغاندەك ھېس قىلدى.

— مېھرى، مەن ... مەن ... سىزنى ...

— مەن قورقىمەن!

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— دادىڭىزدىن.

— ھەرگىز قورقماڭ. ھازىر بىز يېڭى دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىز ياشلار ...

— دادىڭىز ئىككىمىزنىڭ رايىغا باقمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە دەۋر-پەۋر دېگەنلەر ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا چۇمۇلىدەك يانچىلىپ كېتىدۇ.

— ياق-ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! مېنىڭ يەنە ئىككى يىللىق ئوقۇشۇم قالدى. كېلەر يىلى تەتىلدە سىز ئۈچۈن، پەقەت سىز ئۈچۈنلا يەنە كېلىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىزنى ناھىيىگە، ياق، يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتىمەن!

— سىز راستىنلا مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— جېنىم بىلەن ... سىزنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىمەن!

— ۋاي خۇدايىم ... مەن ... مەن نېمە بولدۇم ... بىر قىسىملا بولۇپ كېتىۋاتىمەن!

قىز ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ باغرىغا يېپىشتى. لېكىن شۇ ئەسنادا جىگدە شاخلىرىنىڭ شالدىرلىغان شەپىسى بىلەن تەڭ كىچىك بالىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟

پاخپاق جىگدە تۈۋىدە بىر بالىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ رەھىمنىڭ ئىنىسى ئەخمەت ئىدى.

— ئاكا، — دېدى ئەخمەت مېھرى بىلەن رەھىمگە ھومىيىپ، — ئانام بىلەن دادام سەندىن ئەنسىرەپ ... سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. سەن بۇ يەردە...

مېھرى خىجىل بولۇپ تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۇۋالدى. رەھىم ئىنىسىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى.

توختى سېكرېتار رەھىمنى ناھىيە بازىرىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇ ئۆيدە بىر كۈن، بۇ ئۆيدە ئىككى كۈن يېتىلەپ بەش-ئالتە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. رەھىمنىڭ مېھرىنى كۆرگۈسى كېلىپ كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىگە قايتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەك تۇراتتى. نىھايەت، ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. رەھىم شۇ كۈنىلا مېھرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. چاتقى پاخپاق باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئۇماچ ئىچىپ ئولتۇراتتى. رەھىمنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ يالغۇز كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— چوڭ ئانا، ئوبدان تۇردىلىمىكىن، مەن مېھرىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— نېمە؟ — چاقچى پاخپاقنىڭ قاپقارا چىرايى ھېلھەملىدەك قورۇلۇپ، يالغۇز كۆزى پارقىراپ كەتتى، — ھەي تۇختى قاغىنىڭ بالىسى، بىلەمسەن ... ھەر نېمە ئۆز خېلى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن، بىزنى ئۆز ھالىمىزغا قوي، تاز ئوتاق بولسامۇ بىر كىمنىڭ قاچىسىغا چۆچەيگىنىم يوق ... مۇشۇ ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ جان بېقىۋاتىمەن ...

چاقچى پاخپاق قاپقارا كىر بىلەكلىرىنى پۇلاڭلاتتى. رەھىم ئۇنىڭ ئەينەك ساقىدەك پارقىراپ تۇرغان ساق كۆزىگە، قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن سورلۇك چىرايىغا، قاغجىرىغان يەردەك يېرىلىپ كەتكەن ئالقانلىرىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— چوڭ ئانا، بۇ ... مەن ھېچ ئىشنى بىلەلمىدىم ...

— بېرىپ ئاناڭ ئاچىل خېنىمدىن سورا. ئۇ ئۆيۈمگە كېلىپ بۇس-بۇخىناق چىقىرىۋېتىپ كەتتى، قىزىمنى باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋەتتى، — چاقچى پاخپاق بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — بىلمەيمەن، بىچارە قىزىم نەلەردە قان يىغلاپ يۈرىدىكىن.

رەھىم ئارقىسىغا قايرىلدى-دە، مېھرى، مېھرى، دەپ ۋارقىرىغىنىچە دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى. دەريانىڭ سۈيى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى، شۇڭا بۇك جىغانلىق ئىچىدىمۇ سۇ شارقىرايتتى. رەھىم جىغانلىقتىن تەستە ئۆتۈپ، تۈپتۈز يالاڭلىققا چىقتى. ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراققا قارىدى. ئوتقاشتەك قىزارغان قۇياش ئاستا پاتماقتا ئىدى. دەريا سۈيى قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇراتتى. دەريانىڭ ئۇ قانىتىدىكى چاتقاللىقلار غۇۋا تۇمان ئىچىدە قالغانىدى. مېھرى بىر تۈپ سۆگەت كۆتىكىنىڭ ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، يىراققا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شامالدا چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئۇزۇن قارا چاچلىرى پۈتۈن گەۋدىسىنى يېپىۋالغانىدى.

— مېھرى!

رەھىم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاسىراپ بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. لېكىن قىز گويا رەھىمنىڭ كەلگىنىنى سەزمىگەندەك مىدىرلىماي ئولتۇراتتى.

— مېھرى!

رەھىم قىزنىڭ مۆرىلىرىدىن تۇتۇپ كۆزلىرىگە قارىدى. مېھرى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ياداپ كەتكەنىدى. لەۋلىرىگە گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەنىدى.

— مېھرى، سىزگە نېمە بولدى؟ ماڭا قاراڭا ... مەن رەھىم ئەمەسمۇ؟!

— رەھىم ... — قىز بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، — مەن ھارامدىن بولمىغان، ياق، ياق! مېنىڭ دادام بار. ئۇ ئانامنى تاشلاپ كەتكەن!

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، مېنىڭ ئانام شۇنداق دېدىمۇ؟ ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ياق ... ياق، سىز بۇ يەردىن كېتىڭ. مېنى ئىزدىمەڭ. خۇش بولۇپ كېتەي. مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن ... — مېھرى رەھىمنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ كەتتى. رەھىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

يەتكەندە، ئۇ يۇمشاق قوم توپا ئۈستىدە دۈم يېتىپ يىغلاۋاتاتتى.

— مېھرى، سىز... سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — رەھىم قىزنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، — كۆزلىرىمگە قاراپ جاۋاب بېرىڭا، راستىنلا مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ياق... ياق، مەن سىزنى ئۇنتالمايمەن... — مېھرى بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە رەھىمنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، — ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەسكەن، زادى مۇمكىن ئەمەسكەن. ئانىڭىز مېنى بۇ دۇنيادا ياشىغۇسىز قىلىۋەتتى. ئۇكىڭىز ئەخمەتنىڭ قىلىقلىرىنى بىلمەيسىز تېخى...

رەھىم ئۆيىگە قايتتى. ئۇ مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ئەخمەتنى ئۇچراتتى. ئەخمەت بىر توپ باللارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۆزى توقۇۋالغان بىر قوشاقنى ئېيتىۋاتاتتى.

مېھرى دېگەن هارامىلىق
تونىدە سۇغا چىلاشتى.
يىگىتلەرگە قاش ئېتىپ،
ئېغىز - بۇرۇن يالاشتى.

رەھىم غەزەپلىنىپ تىترەپ كەتتى. يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك ئازابلاندى. ئەخمەت هويلىغا قايتىپ كىرگەندە رەھىم ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپلا يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى.

— ئۇكاڭنى نېمىشقا ئۇرىسەن، سېنىڭ ئېسىڭ جايىدىمۇ - قانداق؟ — دېدى ئاچىل خېنىم ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، — هەر قانچە ئاچچىقىڭنى كەلتۈرسىمۇ گەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟

— بۇ... نېمە ئۈچۈن مېھرىنىڭ، ئۇنىڭ ئانىسىنى قوشاققا قېتىپ تىللايدۇ؟ سىزمۇ... — رەھىم ئانىسىغا مىختەك قادالدى، — نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىسىز... ئۇلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا نېمە گۇناھ قىلغان؟

— ۋاي تووۋا، شۇ ئىشمىدى! — دېدى ئاچىل خېنىم پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — مەنچۇ، بالام، يەنىلا سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن. چاقچى پاخپاق كىم، سەن كىم؟ مېھرى دېگەن بىر هارامىلىق، ئۇنىڭ بىلەن تومشۇق يالىشىپ يۈرسەڭ نومۇس ئەمەسمۇ؟ بۇ خۇددى قىزىلگۈلنى تېزەككە سانجىغاندەكلا بىر ئىش ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا بىز قىزىلگۈل، ئۇلار تېزەككەن - دە! — دېدى رەھىم ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ تۇرۇپ.

— هەي... ئوغلۇم، — دېدى توختى سېكرېتار گەپكە ئارىلىشىپ، — ئاناڭمۇ ئەلۋەتتە سېنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىڭنى ئويلايدۇ. سەن دېگەن مەركىزىي شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇمۇشلۇق بىر بالا. شۇڭا ئاناڭمۇ سېنى ئۆز خىلىنى تاپسۇن دەيدۇ - دە!

— لېكىن مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ نىيىتىمدىن هېچكىم مېنى ياندۇرالمايدۇ.

— هوي بالكام، ئاتا - ئاناڭ ئالدىدا نومۇس قىل، قېلىنلىق دورىسىنى ئىچۈرۈپ ئوقۇتمىغاندۇ گەپەندىلىرىڭ سېنى.

— بالام، — دېدى توختى سېكرېتار رەھىمگە قاراپ، — سەن دېگەن ئوقۇغۇچى، ئاۋۋال ئوقۇشۇڭنى تۈگەت. شۇ چاغدا بىر گەپ بولار.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە رەھىم يەنە يۇرتىغا كەلدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاتا-

ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا ھاياجان ئىلكىدە جىگدىلىككە يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۇ يەردە مېھرىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسى چاقچى پاخپاقمۇ يوق ئىدى. خارابىلىققا ئايلانغان ئۆيىنىڭ ئورنىدا لويىلا، ئەمەنلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

— مېھرى!

رەھىم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى. دەريا بويلىرىدا ساراڭلاردەك يۈگۈرۈپ يۈردى. ئۇ، دەريا دولقۇنلىرى قىرغاققا سوزۇپ چىقىرىۋەتكەن شاخ - شۇمبا ۋە يىلتىزلارنى تېرىپ يۈرگەن بىر بوۋايدىن چاقچى پاخپاق توغرىلىق سورىدى.

— ھەي بالام، — دېدى بوۋاي شالاڭ ساقاللىرىنى سىيپاپ، — ئۇ بىچارىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك كەلدى. قىزى كەلكۈندە ئېقىپ ئۆلدى، ئۆلۈكىنىمۇ تاپالمىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساراڭ بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

رەھىم بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۈن - تىنسىزلا كېتىپ قالدى. ئۇ، نەم قۇمدىن مېھرىنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى تاپماقچى بولغاندەك يەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى دەريا يۈزىدە، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا يالتىرايتتى.

رەھىم ئۆزىنى باسالماي بىردىنلا ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، نەم قۇم ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىمۇ بىرەيلەننىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئەخمەت قۇمغا تىزلانغىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆپكىدەۋاتاتتى.

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ يەنە چېقىمچىلىق قىلاي دەمسەن؟

— جېنىم ئاكا! مەن گۇناھكار، مەن گۇناھ قىلدىم. مەن ... مەن ... ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم.

رەھىم بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەخمەتنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ سىلكىدى:

— ئېيتە، سەن ئۇنىڭغا يەنە قانداق شۇملۇق قىلدىڭ؟ ئېيت دەيمەن، ئۇ قانداق ئۆلدى؟

ئەخمەت بۇلتۇرقى كەلكۈن ئاپىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئەخمەتنىڭ ئېيتىشىچە، پۈتۈن يۇرت خەلقى توختى سېكرېتارنىڭ باشلامچىلىقىدا شاخ - شۇمبا، تاش توشۇپ دەريا قېشىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشكەن. ئەخمەت قاش ئۈستىدە ئويناۋېتىپ تۇيۇقسىز دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن. كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ يۇقىرى - تۆۋەن يۈگۈرۈشكەن، لېكىن دەرياغا سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شۇ چاغدا مېھرى ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، ئەخمەتنى قىرغاققا سۆرەپ ئەكەلگەن. كىشىلەر ئەخمەتنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىرىشقان. لېكىن مېھرى قىرغاققا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. ھەيۋەتلىك بىر دولقۇن ئېتىلىپ كېلىپ مېھرىنى يۇتۇۋەتكەن.

— ئۇنىڭ ئانىسى بىر ھەپتىگىچە دەريا بويىدا نەم قۇمغا مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋالدى. ھېچكىم ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى. كېيىن ئۇ ساراڭ بولۇپ چىقىپ كەتتى. جېنىم ئاكا ... مەن مېھرى ئاچامغا جىق ئەسكىلىك قىلغان ... ئويلىسامىلا گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن.

رەھىم شۇ كۈنى كېچىسىلا سومكىسىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆتۈرۈپ، ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا مەكتىپىگە كېتىپ قالدى.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتتى. شۇنداق، توپتوغرا ئون يىل... مانا ئەمدى ئىنژېنېر رەھىم دەرەخ غولىدىكى جۈپ قولىنىڭ بارماق ئىزلىرىنى سىلىماقتا، ئاشۇ بارماق ئىزلىرىدىن مېھرى قىزنىڭ غايىۋى سىيماسىنى كۆرمەكتە.

ئىنژېنېر رەھىم شۇنى بىلەتتىكى، ئاشۇ شوخ، ئوماق دەريا قىزى ئەمدى قاپاق يۇدۇپ سۇ ئالغىلى كەلمەيتتى، رەھىمگە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا مۇزدەك سوغۇق جىگدە شەربىتىگە نان چىلاپ بېرەلمەيتتى. ئۇ مەڭگۇ قايتىپ كېلەلمەيتتى.

شۇ ئەسنادا دەريا تەرەپتىن ئاڭلانغان مىسكىن بىر ناخشا ئاۋازى رەھىمنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. رەھىم دەريا بويىغا ئاستا - ئاستا قەدەملەر بىلەن يېقىنلاشتى. بىر قەلەندەر ئايال ساھىلدىكى قۇملارغا ھاسىسىنى سانجىپ، مۇڭلۇق بىر ناخشىنى ئېيتىپ كەلمەكتە ئىدى...

سەن، سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
مەن، مەن دېگەن يارەننى
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

قەلەندەر ئايال رەھىمنىڭ ئالدىدا توختاپ، بىر كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئايالنىڭ پاختىدەك ئاقارغان چاچلىرى قاپقارا يۈزىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى، تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان قولىدا بىر ھېجىر تۇراتتى. قەددى قىسماقتەك ئېگىلىپ تۇرغان بۇ قەلەندەر ئايال چاقچى پاخپاق ئىدى.

— خوجام، — دېدى ئايال قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن ئاغزىنى ماكىلدىتىپ، — سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى. ئاتىغانلىرى بولسا بەرسىلە، قىزىم مېھرىنىڭ تويى بولماقچى.

چاقچى پاخپاق رەھىمگە ھېجىرنى تەڭلىدى. رەھىم ھېجىرنىڭ ئىچىدىكى تىرناقتەك قارا داغنى كۆرۈپ قالدى. شۇ زاماتلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك قاپلىدى. بۇ مېھرىنىڭ ھېجىرى ئىدى. بۇ دەقىقىدە مېھرىنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى: بۇ مېنىڭ قاچام، پاكىز يۇيۇۋەتسەم، ھېجىرنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ خالى!

رەھىم ھېجىرنى سىلىدى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلدى.

— ئانا! — دېدى رەھىم ھېجىرنى ئالقانلىرىدا سىلاپ تۇرۇپ، — مەن رەھىم، ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ، مەن رەھىم بولىمەن.

— رەھىم؟ — چاقچى پاخپاق ساق كۆزىنى چەكچەيتىپ رەھىمگە تىكىلىپ قارىدى، — سەن كىم؟ توختى قاغىنىڭ بالىسىمەن، دېگىن! سەنمۇ بىر قاغا، قاغىنىڭ بالىسى قاغا بولىدۇ - دە. ھەي قاغىنىڭ بالىسى، بىلەمسەن، ئەتە ئۇنىڭ تويى بولىدۇ... نېرى تۇر، يولنى بوشات!

رەھىم يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ھېجىرغا تاشلىدى.

— ھا... ھا... ھا... — چاقچى پاقپاق كۈلگەن پېتى تىزلىرىغىچە سۇغا كىرىپ، دەرياغا قاراپ ۋارقىرىدى، — قىزىم مېھرى! يىگىتىڭ سېنى دەريا بويىدا ساقلاپ

تۇرىدۇ. ئۇ ساڭا ئۇرغۇن – ئۇرغۇن تويلۇق ئېلىپ كەلدى. قارا، قىزىم، بۇ سېنىڭ



توي چاچقۇڭ!

چاقچى پاخپاق ھېجىرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىچىدىكى پۇللارنى دەرياغا چېچىۋەتتى. پۇللار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ ئاقماقتا ئىدى. چاقچى پاخپاق دەريا سۈيىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھاسىسىنى نەم قۇمغا سانجىغىنىچە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمى تەرەپكە قاراپ كەتتى. رەھمىنىڭ قۇلىقىغا يەنە ئۇنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى:

سەن – سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن...

مەسئۇل مۇھەررىرى روزىمەھەممەت جۇمە

## «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

سىزگە ئالدى بىلەن شۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزىمىزكى، 1989 – يىلىدىن تارتىپ قايتا نەشر قىلىنىپ ئىچكى جەھەتتىن تارقىتىلىپ كەلگەن «مىراس» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى مەملىكەتلىك ئاخبارات – نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن كېلەر يىلدىن تارتىپ ئوچۇق تارقىتىلىدىغان بولدى.

«مىراس» ئۆز سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرى بولغان ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، داستان، ماقال – تەمسىل، لەتىپە، تېپىشماق، سۆز ئويۇنلىرى قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىل ۋە مەزمۇندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى، خەلق سەنئىتىگە، ئۆرپ – ئادىتىگە، خەلق سەنئەتكارلىرىغا دائىر تونۇشتۇرۇشلارنى ۋە فوتو سۈرەتلەرنى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىك، ئۆزبېك، تاتار خەلقلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىيات – سەنئىتىگە دائىر ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكە ئىگە ئەسەرلىرىنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ.

«مىراس» پەسىللىك ژۇرنال، ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ 20 – كۈنى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئۆز جايىڭىزدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق سانلارغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى سورايمىز.

باھاسى 1 يۈەن، يىللىق باھاسى 4 يۈەن.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 60 — 58

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

رۇستەم ئېلى

# ياۋروپادا ئۆتكەن كۈنلەر

(خاتىرە)

كۆڭۈلدىكى ئارزۇ ـ ئارمانغا ئېرىشىش يولى بەزىدە ساڭا ناھايىتى ئۇزاقتەك، گويا ئۇنى ئېسىپ بولۇش زادى مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدىكەن. بىراق بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ ئالغا يۈرۈۋەرسەڭ مەنزىلگە قانداق ئۇلاشقىنىڭنى سەزمەيلا قالىدىكەنسەن.

چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش كۆپتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇيۇم ئىدى. ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن قانچىلىك تەر ئاققۇزغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئارزۇيۇم شېرىن خىيال پېتى قالارمۇ؟ دەپ ئازابلانغان چاغلىرىممۇ بولغان. بىراق ئۈمىدۋار يولۇچى ئۈچۈن راستىنلا كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس ئىكەن. ئاخىرى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم. تەشكىل كەسپىدىشىم جاڭ جى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېلگىيىنىڭ مەركىزى بىريۇسسېل شەھىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرغاندا، خۇددى جاپانىڭ تېگىدىكى ھالاۋەتنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك بولۇپ، پۈتۈن ھارغىنلىقلىرىم بىردىنلا يوقالدى، چەكسىز شادلىققا چۆمۈلدۈم.

مەن بىر دوختۇر، ھازىرغىچە داۋالاشقا ئائىت كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىدىن ئۆزگە بەدىئىي شەكىلدە بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ باققان ئەمەسمەن. بىراق غەربىي ياۋروپادا ئۆتكەن كۈنلىرىم ھەققىدە ئەسلىمە يېزىپ كىتابخانلارغا سۇنسام، ئۇلارنىڭ ئاشۇ جايلارنى چۈشىنىشىگە ئاز ـ تولا پايدىسى بولغانىدىن تاشقىرى، مۇھىمى زامانىمىزدىكى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تونۇشى ئۆسۈپ، كېيىنكى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشتىكى ئۈمىدۋارلىق روھىغا ئىلھام بولار، دېگەن مەقسەتتە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلدىم.

* * *

بىز چۈشكەن ئايروپىلان بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە 20 نەچچە سائەت ئۇچۇشقا توغرا كېلەتتى. جاڭ جى مەندىن بۇرۇن ماڭغانىدى. باشقا

يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللىكلەر ئىدى. مەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىپ ئەتراپىمدىكىلەر بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلار بىلەن بىرئاز ۋاقىت تاغدىن-باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. ئاستا-ئاستا يولۇچىلارنىڭ تولىسى مۈگدەشكە باشلىدى. لېكىن مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدىغاندەك ئەمەس، شۇڭا دېرىزىدىن قاراپ، بىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان جايلارنى تاماشا قىلدىم. ئايروپىلان تېخىچىلا ۋەتىنىمىزنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى ئېگىز ئۇچۇۋاتقان بولسىمۇ، يېشىللىققا پۈركەنگەن دالىلار، ئېگىز-پەس تاغ چوققىلىرى، كۈمۈش لېنتىدەك سوزۇلغان ئېقىنلار، قەۋەت-قەۋەت بىنالار بىلەن تولغان شەھەرلەر كۆزگە خېلى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

بىردىنلا قەلبىمدە كۈچلۈك ھاياجان جۇش ئۇردى. ئارزۇ-ئارمىنىمغا يەتكەنلىكىمدىن يەنە بىر قېتىم سۆيۈندۈم. مەن بارىدىغان يەر — جاھاننىڭ ئۇ چېتى، ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇشى، پىكىر قىلىشى ۋە قىممەت قارىشى بىزگە ئومۇمەن ئوخشىمايدىغان ئەل. شۇ كەمگىچە ئۇ يەرنىڭ بىرەر ئادىمى بىلەن بولسىمۇ بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باققانمۇ ئەمەسمەن. ئۇلار بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ كېتەلەرمەنمۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۆزۈم تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئالالارمەنمۇ؟ مەن بارىدىغان يەرلەردە دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇنلىغان مېدىتسىنا ئالىملىرى ئۆتكەن، ئۇلار ھاياتلىققا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى تۈپەيلى ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى شاگىرتلىرىمۇ ئەنە شۇ يولدا ئىزدىنىپ، يېڭى پەللىگە چىقىۋاتىدۇ. بارلىقىمنى كىشىلەرنى ئاغرىق ئازابىدىن، ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن خالاس قىلىشتەك ئالىيجاناب ئىشقا بېغىشلىغان بىر دوختۇر ئۈچۈن ئاشۇ مەشھۇر ئۇستازلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلار ماڭغان يول بويلاپ مېڭىپ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟! ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، مانا ھازىر يەنە زور ئۈمىد بىلەن يىراق سەپەرگە ئاتلاندۇردى. ناۋادا شۇنىڭغا لايىق نەتىجە بىلەن قايتالمىسام... ياق، ياق! ۋەتىنىم، خاتىرجەم بولغىن، مۇقەددەس چېگرائىڭدىن زور ئۈمىد-ئارزۇلار بىلەن ئۇچۇپ ئۆتتىم، قايتىشىمدا چوقۇم يۈزۈم يورۇق ھالدا ساڭا سالام بېرىپ كېلىمەن!

ئايروپىلان كۈندۈزى سەككىز سائەت ئۇچقاندىن كېيىن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ساجە ئايرودرومىغا قوندى. ئېھتىمال بۇ يەردە ماي قاچىلىسا كېرەك. ئايروپىلان ساجە ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن فرانسىيىنىڭ مەركىزى پارىژغا قوندى. ئۇ يەردە 30 كىشىلىك ئايروپىلانغا ئالمىشىپ، بېلگىيىنىڭ مەركىزى برىيۇسسېلغا كەلدۇق. مېنى جۇڭگو ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككى نەپەر خىزمەتچىسى كۈتۈۋالدى.

* * *

ئەتىسى ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن برىيۇسسېل شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم ۋە بېلگىيە توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشتۇم.

www.uyghurkitap.com

بېلگىيە — پادىشاھلىق، ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. ئۇرلى ياۋروپانىڭ غەربى قىسمىدا — ئاتلانتىك ئوكيان بويىدا بولۇپ، زېمىنىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئېگىزلىك، شەرقىي شىمال تەرىپى ئويمانلىق ئىكەن، ماس ۋە شىلدا ناملىق دەريالىرى بار ئىكەن. كىلىماتى يىللىق — دېڭىز كىلىماتىغا مايىل ئىكەن. نوپۇسى توققۇز مىليون 676 مىڭ (1970 - يىللىقى سان) بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ 55% دىنى فلامان گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەشكىل قىلىدىكەن، ئاساسەن فلامانچە سۆزلىشىدىكەن. 45% ى ۋاللۇن گۇرۇپپىسىدىكىلەر بولۇپ، ئاساسەن فرانسۇزچە سۆزلىشىدىكەن. يەنە ماراككو، نېمىس، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. كۆپچىلىك كىشىلەر خرىستىئان دىنىغا، ئاز ساندىكىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. شۇ چاغدىكى پادىشاھى بوۋدوئەن I (BoudovinI) ئىكەن.

بېلگىيىدە سەھىيە ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. بىرىيۇسسېلنىڭ ئۆزىدىلا خەلقئارا سەۋىيىگە ئىگە ئىمغازما ناملىق ئاكادېمىك دوختۇرخانىسى، بورروكمەن دوختۇرخانىسى، سەمپىيە دوختۇرخانىسى، يەنى فىستە ناملىق ئەركىن دوختۇرخانا قاتارلىق دوختۇرخانىلار بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا ھەرقايسى رايون ۋە مەھەللىلەردە ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى دوختۇرخانىلار، شۇنداقلار شەخسلەر ئاچقان دوختۇرخانىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. داۋالاش ئىشلىرى يۇقىرى سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇتۇقلىرى كلىنىكىدا تەدبىق قىلىنىدىكەن (بۇ ھەقتە تۆۋەندە يەنە كونكرېت توختىلىمەن).

بېلگىيىنىڭ مېدىتسىنا جەھەتتىكى تۆھپىلىرى يالغۇز ھازىرقى كۈندىكى نەتىجىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدىكەن، ئۇ يەردىن تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ مېدىتسىنا خەزىنىسىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر ئالىملار — دوختۇرلار چىققان. مەسىلەن، ۋېسالىئۇس (Vesalius 1514 — 1564) بېلگىيىنىڭ ئاناتومىيە ئالىمى، دۇنيا ئاناتومىيە ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى، زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىرىيۇسسېلدا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1537 - يىلى ئىتالىيىدە دوكتۇر ئۇنۋانىنى ئالغان، ئۇ مېدىتسىناغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب يازغان. 29 ياش ۋاقتىدا دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ يۈرەك ئاناتومىيىسى ھەققىدىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خېي مەنس (Heymans 1892 — 1968) بېلگىيىنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە فارماكولوگىيە ئالىمى. ئۇ نەپەسنى تەڭشەشتىكى بويۇن ئارتېرىيە تۈگۈنى ۋە ئائورتا يايىسىنىڭ قائىدىسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن، 1938 - يىلى نوبېل فىزىئولوگىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1953 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە كېلىپ ئىلمىي دوكلات بەرگەن. كلاۋدى (Claude) بېلگىيىنىڭ ھۈجەيرە، فىزىئولوگىيە ئالىمى، ئۇ ھۈجەيرە قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيىتى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ زور تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1974 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان ۋە باشقىلار.

بىرىيۇسسېلغا بېرىپ ئەتىسىلا ئۆگىنىش ۋە مەشغۇلاتىمىز باشلاندى. مەن

بىر يۇسسېلدىكى سەھىيە دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم. بۇ دوختۇرخانا شەھەرنىڭ سەل چېتىدىرەك بولۇپ، تۇرۇۋاتقان ياتىقىمدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقتا ئىدى. مېنىڭ دوختۇرخانىدا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق مەشغۇلاتىمغا يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ئەڭگىلەت (Englet) مەسئۇل ئىكەن. ئۇ كىشى مېنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، — دېدى ئۇ قولۇمنى ئاتىلارچە سىقىپ.

پروفېسسور 65 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، سەل مۈكچەيگەن، پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەن، ئوچۇق چىراي كىشى ئىكەن. فرانسۇز بولسىمۇ، ئىنگلىزچىنى ئانا تىلىدەك راۋان سۆزلەيدىكەن.

ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش جەھەتتە قايسى تەرەپلەرگە بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىمنى سورىدى ۋە گېپىمنى بۆلمەي دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆگىنىش پىلانىم ھەققىدە قىسقىچە دوكلات يېزىپ كاتىپى لوخت خانىمغا تاپشۇرۇشىمنى ئۇقتۇردى، ئاندىن مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئالدى بىلەن تاجىسىمان قان تومۇر يۈرەك كېسەللىكى كلىنىكىسىدا مەشغۇلات قىلىشىمنى، قوشۇمچە تاجىسىمان ئارتېرىيىنى سايىلاندۇرۇپ، تاللاش ئوپېراتسىيىسىنى كۆرۈشۈمنى، ئاندىن يۈرەككە تۇرۇبا ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرۈش بۆلۈمى، B تىپلىق يۈرەك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بۆلۈمى قاتارلىقلارنى ئايلىنىپ ئۆگىنىشىمنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن كاتىپى لوخت خانىمنى چاقىرىپ، ئىككىمىزنى ئۆزئارا تونۇشتۇردى ۋە ماڭا بۇندىن كېيىن قانداق ئىش بولسا ئاۋۋال مۇشۇ خانىم بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى ئۇقتۇردى.

لوخت خانىم 35 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئوچۇق چىراي ئايال ئىكەن. پروفېسسور ئەڭگىلەتنىڭ بارلىق ھۆججەت ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا، شۇنداقلا يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا كىرگۈزۈپ ساقلاش، بېسىپ تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىكەن. ئۇمۇ فرانسۇز بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا ئادەتتىكىچە سۆزلىشەلەيدىكەن. خىزمەتنى ناھايىتى بېرىلىپ ئىشلەيدىكەن، مۇئامىلىدە كەمتەر ۋە سەممىمي ئىكەن.

ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ مۇشۇ ئەسلىمىنى يېزىۋاتقان چېغىمدا بىلگىيىدىكى كۈنلىرىمنىڭ جاپالىق، شۇنداقلا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

جاپالىق دېگەندە ئۆگىنىش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتىمەن. داۋالاش جەھەتتىكى مۇرەككەپ، قىيىن مەسىلىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، تىل مەسىلىسىنىلا ئالساق، مېنىڭ ئۆگەنگىنىم ئىنگلىز تىلى ئىدى. لېكىن ئۇ يەردىكىلەر ئاساسەن فرانسۇزچە سۆزلىشىدىكەن. بۆلۈم مۇدىرلىرى، پروفېسسورلار ئىنگلىزچىنى بىلىدىكەنۇ، بىراق ئۆزئارا يەنىلا فرانسۇزچە سۆزلىشىدىكەن. دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سورىساق، ئەلۋەتتە ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىدۇ، بىراق سورىماي جىمجىت ئولتۇرۇپ ياكى كۆرۈپ ئۆگەنمەكچى بولساق، ئۆزۈڭ چۈشەنمەيدىغان ئاۋۇشلارنىلا ئاڭلايسەن، شۇنداق

www.uyghurkitap.com

چاغلاردا بەكمۇ تىت - تىت بولۇپ، ھەي رۇستەم، رۇستەم، ئىنگلىز تىلىنى مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئەسقاتار دەپ ئۆگەنگەن ئەمەسمىدىڭ!؟ بىراق بۇ يەردە دۇچ كەلگەنلىك باشقا بىر تىل دۇنياسى بولدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولىۋەرسە، چەكلىك ۋاقتىڭ بىكار ئۆتۈپ كەتمەمدۇ!؟ ياق، چوقۇم بىر يول تېپىشىڭ كېرەك! دەپ ئۆز - ئۆزۈم بىلەن سۆزلىشەتتىم.

ئاخىرى يول تاپتىم، يەنى پىلانىمغا بەزى زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۈم: كۈندۈزى ئاساسەن تېخنىكىلىق پائالىيەت قىلىدىغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئۆگەندىم. شۇنداقلا ئىنگلىزچە سۆزلەرنى كۆپرەك قوللىنىدىغان ئىغىزما قاتارلىق دوختۇرخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەزى تۈرلەرنى شۇ يەرلەردە ئۆگەندىم. يەنە بىر تەرەپتىن، فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ، ئىشتىن سىرت ۋاقىتلىرىمدا، ھەتتا يوللاردا، ترامۋايلاردا خام سۆز يادلاش، جۈملە قۇراشتۇرۇشنى مەشىق قىلىپ، خېلى تېز ئۇنۇمگە ئېرىشتىم، فرانسۇز تىلىدا مەقسىتىمنى ئۇقتۇرالايدىغان بولدۇم.

ئەھمىيەتلىك دېگىنىمدە تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتىمەن: مەن يۇقىرىدا بىلگىيىدە مېدىتسىنا پېننىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى، مەيلى نەزەرىيە، مەيلى كلىنىكىلىق داۋالاش جەھەتلەردە بولسۇن، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدىغانلىقىنى دەپ ئۆتكەنىدىم. مەن ئۇ يەردە ئېلېكترو كاردىئوگراممىلارنى تەھلىل قىلىش، يۈرەك ئۆتكۈزۈش تورۇبىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش، يۈرەك سۇنئىي قوزغاتقۇچ ئورنىتىش، تاجسىمان ئارتېرىيىنى سايىلاندۇرۇپ رەسىمگە ئېلىپ تاللاش ئوپېراتسىيىسى، B تىپلىق يۈرەك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بىلەن يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش، ئىككى قاپقاق كلاپان تارىيىشىنى گاز قاچىلانغان رېزىنكە خالتا بىلەن كېڭەيتىش ئوپېراتسىيىسى، يۈرەك تاجسىمان ئارتېرىيىگە كۆۋرۈك ياساش ئوپېراتسىيىسى، زەئىپلىشىپ كەتكەن يۈرەكنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى ئۆلگەن كىشىنىڭ يۈرىكىنى سېلىش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق يېڭى، ئىلغار تۈرلەر بويىچە بىلىم ئاشۇردۇم. ھازىر يۈرەك كېسەللىرىنى داۋالاشتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ ئامال قىلالمىغانلىقىنى بىردىنبىر سەۋەب دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۆلۈم بىر خىل مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت، كېسەللىك قېرىلىق بىلەن بىرلەشكەندە بۇ قانۇنىيەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ. بىراق داۋالاش سەۋىيىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ۋاقىتتىن ئىلگىرى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان كىشىلەرنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكى دوختۇرلارغا تېخىمۇ ئايان. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن تۈرلەر، مېنىڭچە، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ھەقىقەتەن مۇھىم ۋە قىيىن ئۆتكەللەر. بىراق بېلگىيىدە (جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان يەنە باشقا بىر مۇنچە ئەللەردە) ھازىر ئۇلار «قىيىن ئۆتكەل» لىك قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپتۇ. ئۆزۈم بىۋاسىتە كۆرگەن بىرىيۇسسېلدىكى سەپپېيە دوختۇرخانىسى ۋە لوندۇندىكى خەلقئارالىق كۆكرەك كېسەللىكلىرىنى تەتقىق قىلىش دوختۇرخانىسىنىڭ تاجسىمان ئارتېرىيە خاراكتېرلىك يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش سەۋىيىسى ھەقىقەتەن بەك يۇقىرى

ئىكەن. ئۇلار تاجىسىمان ئارتېرىيىسىنى سايىلاندۇرۇپ رەسىمگە ئېلىپ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلىنى كۆپ قوللىنىدىكەن. شۇ ئارقىلىق تاجىسىمان ئارتېرىيىسىنىڭ تارايغان ئورنىنى ئېنىق تاپقاندىن كېيىن دورا بىلەن داۋالاش، تۇرۇبا بىلەن كېڭەيتىش، يانپاشتىن ۋېنا ئېلىپ كۆۋرۈك ياساپ ئۇلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتىدىكەن. راستىمنى ئېيتسام، مەن ئۆگىنىشىمنى باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە ياتاقتا قوبۇل قىلىنغان بەزى ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ساقىيىشىغا كۆزۈم يەتمىگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ساقىيىپ چىقىپ كەتتى. مۇنداق كىشىلەر نورمال خىزمەت قىلالىغاندىن تاشقىرى، يەنە سۇ ئۈزۈش، توپ ئويناش، تانسا ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىمالال قاتنىشالايدىكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىكى مەسئۇلىيىتىمنىڭ ناھايىتى ئېغىر، شۇنداقلا ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتىم. مەن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن ئۆگەنسەم نۇرغۇنلىغان ۋەتەنداشلىرىم ئۈچۈن ئۈمىد ۋە شىپالىق ئېلىپ بارالايدىكەنمەن، بۇ نېمىدېگەن ئەھمىيەتلىك ئىش-ھە!

بېلگىيە دوختۇرخانىلىرىدا داۋالاشتا نەتىجە يارىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلىرى ياخشى ھازىرلانغان. بىر كۈنى مەن تەكلىپ بويىچە يۈرەكنى فىزىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم. بۇ جەرياندا مېنى پالاتادىكى يۈرەكنى ئۆتكۈزگۈچ تۇرۇبىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۆيى بىلەن رېنتگېن بۆلۈمىدىكى يۈرەك تاجىسىمان ئارتېرىيىسىنى سايىلاندۇرۇپ رەسىمگە ئېلىپ تاللاش ئوپېراتسىيىسىنى قىلىش ئۆيلىرى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. رېنتگېن بۆلۈمىدىكى ئۆيدە تەكشۈرۈش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىشقا لازىم بولىدىغان بارلىق ئۈسكۈنىلەر ھەممىدە ھەرخىل جىددىي قۇتقۇزۇش دورىلىرى رەت-رېتى بويىچە قويۇلغان. ئۇلاردىن قاندىقى، قاچان لازىم بولسا قولنى ئۇزىتىپلا ئالغىلى بولىدىكەن. بۇ ئۆي رېنتگېن بۆلۈمىدىكى تېخنىك ۋە دوختۇرلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىكەن. ئوپېراتسىيە بولىدىغان چاغدا پەقەت بىر دوختۇر بىلەن بىر سېستىرا بىمارنى ئېلىپ كىرىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقىپ كەتسىلا بولىدىكەن. باشقا بارلىق ئىشلارنى رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ تېخنىكى بىلەن بىر سېستىرا ئىشلەيدىكەن. سىرتتىن يىڭنە چاغلىق بىر نەرسە ئېلىپ كىرمەيدىكەن. شۇڭا خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. بىز ھازىر بىر كۈندە پەقەت بىرلا بىمارنىڭ يۈرەك تاجىسىمان ئارتېرىيىسىنى سايىلاندۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى ئاران ئىشلەپ بولالايمىز، لېكىن ئۇلار بىر كۈندە شۇنداق ئوپېراتسىيىدىن بەشنى ئىشلەپ بولىدىكەن.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ بارلىق خادىملىرى ئەتىگەنلىكى سائەت سەككىزدە رەسمىي ئىشقا چۈشىدىكەن (ھەربىر ئادەم كەلگەن ھامان يوقلىما گىراپىكىغا ئىمزا قويىدىكەن). چۈشتە قەھۋە بىلەن ئازراق بولكا يېگەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئىشلەۋېرىدىكەن. بىر ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن دەم ئالىدىكەن. مەيلى دوختۇر، مەيلى سېستىرالار بولسۇن، ئىش ۋاقتىدا خىزمەتكە مۇناسىۋەتسىز بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشمايدىكەن. ناۋادا بىرەرسى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، بىرىنچى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلىدىكەن، قايتا سادىر قىلسا، ئىشتىن بوشىتىلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈش تەرتىپىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، يەنى پۈتۈن ئامبۇلاتورىيىنى بىر سېستىرا باشقۇرۇپ، نومۇر ئالغان بىمارلارنىڭ ئارخىپىنى ئالدى بىلەن پروفېسسورغا ئەكىرىپ بېرىدىكەن. پروفېسسور كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ كىمنىڭ قايسى دوختۇرغا كۆرۈنۈشى لازىملىقىنى بەلگىلەيدىكەن. كېسەل كۆرۈش جەريانىدا قان تەكشۈرۈش لازىم تېپىلسا، دوختۇرلارنىڭ ئۆزى قاننى بىلەكتىن ئېلىپ ھېلىقى سېستىراغا بېرىدىكەن، ئۇ تەكشۈرۈش ئۆيىگە يەتكۈزىدىكەن، نەتىجىسى تېزلا چىقىرىپ بېرىلىدىكەن. دوختۇر بىمارلارنى ئالدىرىماي، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ، ئاندىن دىئاگنوز قويىدىكەن. تەكشۈرۈش ۋاقتىدا بىمار مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن، ھەممىسى كۆكرەك تەرەپتىكى كىيىملىرىنى تولۇق سېلىۋېتىپ، تەكشۈرۈشكە ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن.

كېسەلخانىدىكى داۋالاش ۋە كۈتۈش ئىشلىرىمۇ ئالاھىدە ئىكەن.

بېلگىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزدىن خاۋ خۇاكېي دېگەن كىشى ئىغازما دوختۇرخانىسىدا قۇلاق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرماقچى بولغانىكەن، ئەلچىخانا مېنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشۇمنى قارار قىپتۇ. خاۋ خۇاكېي ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇرنىڭ تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا تولۇق ئىشەنسىمۇ، مېنى كۆرگەندىن كېيىن كۆز يېشى قىلىپ مۇنداق دېدى:

— رۇستەم دوختۇر، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوپېراتسىيە ۋاقتىدا يېنىمدا تۇرسىڭىز، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن. خۇددى ئوپېراتسىيىدىن چىقالمايدىغاندەك، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. ئۆلۈكۈم يات ئەلدە قالارمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەر بىلەن بىرمۇنچە تەسەللىي بەردىم، يېنىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇرغا ئازراق سوۋغات بەرسەكمىكىن، مەندە دۆلىتىمىزدىن ئەكەلگەن ئىككى دانە چىرايلىق ياستۇق قېپى، ئۇستەل ياپقۇچ بار، شۇنى بەرسەك بولارمۇ؟ — دېدى.

بۇنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئوي بىلەن بۇ مەسلىھەتكە كۆندۈم.

ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئۇ كۆزىتىش ئۆيىدە 24 سائەت ياتقۇزۇلۇپ، ئاندىن ئادەتتىكى ياتاققا ئېلىپ چىقىلدى.

— قاراڭ، رۇستەم دوختۇر، — دېدى ئۇ ئوپېراتسىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا تەسىرلىنىپ، — بۇلارنىڭ تېخنىكىسى راستىنلا بەك يۇقىرى ئىكەن. ئوپېراتسىيە جەريانىنى زادى بىلمىدىم. ئېسىمگە كەلسەم، بېشىمغا ئاق داكا يۆگەكلىك تۇرىدۇ. سېستىرالار ئۆز قېرىندىشىڭىزدىنمۇ كۆيۈمچان ئىكەن. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن كۆپ قېتىم كىچىك تەرەت قىستىدى. سېستىرا ھېلىدىن ـ ھېلىغا قاچا تۇتۇپ سۈيدۈكنى تۆكۈپ تۇردى، مۇئامىلىسى بەك قىزغىن بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يۈزۈمنى، چىشىمنى يۇيۇپ قويدى. قورساق، كۆكرەك، دۈمبە، كاسا، پۇت ـ قول، ھەتتا جان يەرلىرىمگىچە

سوپۇنلاپ يۇيۇپ، لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ، ئارقىدىن بىر خىل ماي بىلەن مايلىدى. ئاڭلىسام، بۇ ماي قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرارمىش. دەسلەپتە تارتىنىش، خىجىللىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم، كېيىن تەسىرلىنىپ يىغلىدىم. قېرىندىشىڭ بولسىمۇ ئۇنچىلىك قىلمايتتى...

* * *

ھېرىيۇسسېلدا بىر يىل ئۆگەنگىنىمدىن كېيىن، ئەلچىخانىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن فرانسىيە، گوللاندىيە، ليۇكسېمبۇرگ ۋە گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم. غەربىي ياۋروپانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئىلىم-پەن ئورۇنلىرىنى، دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە داۋالاش ئورۇنلىرىنى ھەمدە مېدىتسىنا ئىلمىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ ئالىم ۋە دوختۇرلارنىڭ قەبرىگاھلىرىنى زىيارەت قىلدىم. بولۇپمۇ فرانسىيىدىكى زىيارىتىم مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ۋىزا قولۇمغا تېگىپ ئەتىسى سەھەردىلا پويىز بىلەن فرانسىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. بۇ ياز پەسلىنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن مەۋسۇمى ئىدى. تۆمۈريول كېسىپ ئۆتكەن بۇ ۋادا غەربىي ياۋروپادىكى ئەڭ گۈزەل زېمىنلارنىڭ بىرى ئىكەن. گويا تەبىئەت پۈتۈن يېشىللىقنى، دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھنى شۇ يەرگىلا ئاتىغاندەك ئالقانچىلىكمۇ تاقىر يەر يوق ئىدى. ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ياندىشىپ تۇرغاچقا، ھاۋاسى نەم ۋە سالقىن ئىكەن. قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋادا نۇرغا چۆمۈلدى. گۈزەللىك تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە كىردى. مەن ۋاگون دېرىزىسىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم ۋە مۇشۇ گۈزەل سەھەر پەيزىنى مەن بىلەن تەڭ سۈرۈشۈپ بېرىدىغان بىرەر تونۇش ھەمراھىمنىڭ بولمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقان پويىزنىڭ لەرزان چايقىشى ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلاپ، شۇ تاپتىكى شادلىقىمنى يەنىمۇ ئۇلغايتاتتى. پويىز رېتىملىق تەۋرىنىپ مېنى ئەللەيلىمەكتە. ۋاگون ئىچىمۇ، گۈلگۈن دالامۇ جىمجىت — سۈكۈتكە چۆمگەن. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوي-خىيالغا غەرق بولدۇم:

ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز ماڭا بەخت بەردى، شان-شەرەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە زىممەمگە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئارتتى. بىراق مەن ئۇنى قانچىلىك ئادا قىلالىدىم؟ بۇنى ئويلىسام، راستىن يۈزۈم قىزىرىدۇ. بىرىيۇسسېلغا كەلگەندىن بۇيان بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. دۇرۇس، دوختۇرخانا دېگەندىمۇ ئادەملەر ئۆلۈپ تۇرىدۇ. بىمارلارنىڭ ھەممىسىنى ھەمىشە يۈز پىرسەنت ساقايتالايدىغان دوختۇرخانا بولغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇنداق مۆجىزە يارىتىلمايدۇ. چۈنكى ئادەمزات دېگەن ۋاقتى. سائىتى كەلگەندە ھامان ھايات بىلەن خوشلىشىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. بىراق دوختۇرلارنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق بىمارلارنى ئازابتىن خالاس قىلىپلا قالماي، يەنە بەزى ئۆلۈملەرنى كېچىكتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. دوختۇرلارنىڭ بۇرچى توغرىسىدا گەپ بولىدىكەن، مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. خوش، ئۇنداق بولسا، بىز دوختۇرلار مۇشۇ بۇرچىمىزنى باشتىن-ئاياغ تولۇق ئادا قىلالىدۇقمۇ؟ بىرەر قېتىممۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى سەۋەنلىك سادىر قىلمىدۇقمۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي بولمىسا كېرەك.

پويىز يەتتە سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن فرانسىيە زېمىنىغا كىرىپ كەلدى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، پارىژ — ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە مەشھۇر شەھەر. 1871 - يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى بولغان «پارىژ كوممۇنىسى» مۇشۇ شەھەردە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ كوچىلىرى كوممۇنا جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن يۇيۇلغان، ئۇنىڭ ئاسمىنىدا «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ياڭرىغان.

مەن بۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن ساياھەتتە بولدۇم. كوممۇنا جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ سۆڭەتتە تۇردۇم. مەشھۇر جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەدەم بېسىپ كېتىۋاتقان يوللىرىمدا قەدىمىي كۆۋرۈكلەرنىڭ نەقىشلىك سالاسۇنلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ كۆرۈۋاتقان چېغىمدا، گۈزەل باغچىلارنى، سېنا دەرياسىنىڭ بويلىرىنى كېزىۋاتقىنىمدا، دۇنيا مېدىتسىنا تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ بۈيۈك زاتلار لابوراتورىيىلەردىكى ئېغىر ئەمگەكتىن چارچىغان چاغلىرىدا مانا مۇشۇ جايلارغا چىقىپ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرغان، ياق، توغرىسى تەپەككۇر قىلىشنى تەبىئەتنىڭ قوينىدا داۋاملاشتۇرغان ۋە بەلكىم ئۇلار بەزى قانۇنىيەتلەرنى مۇشۇ جايلاردا تاپقان بولغىيدى.

مەشھۇر ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە ئالىمى، كلىنىكا دوختۇرى ۋيېتساك (1641 — 1716 VieussensR) مانا مۇشۇ زېمىندا ياشىغانىدى. ئۇ يۈرەك كېسەللىكلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۈرەك قېپى ۋە ئۇنىڭدا يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يەكۈنلەپ چىققانىدى. ئۇنىڭ يۈرەك ئائورتا كلاپانى تولۇق يېپىلماسلىقتا يۈز بېرىدىغان دولقۇن تىپلىق پۇلسنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ھەققىدىكى تەلىماتى ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

فرانسىيىنىڭ ئاتاغلىق كلىنىكا مېدىتسىنا ئالىمى، ئۆپكە يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ خىزمەت تەرتىپىنى (رىتىمىنى) تەكشۈرۈش ئەسۋابى — ستېتوسكوپنىڭ ئىجادچىسى لىننىك (1826 — 1781 Lannec.R.T). نىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇ شەھەردە ئۆتكەن. ستېتوسكوپ مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆپكە يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكەت رىتىمىنى تەكشۈرۈشتە، قۇلاقنى كۆكرەككە قويۇپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت يەرلىك ئۇسۇل قوللىنىلاتتى. ئالىم لىننىك بىر كۈنى ئىنتايىن سېمىز بىر بىمارنىڭ يۈرەك ئىقتىدارىنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ مۇشۇ قىيىنچىلىقنى تۈگىتىش ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگەندە، يول ئۈستىدە ئويناپ يۈرگەن ئىككى بالىنىڭ ئىچى كاۋاك (نەيچە) ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىر-بىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا ئاۋازدا پىچىرلاپ گەپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا بىر قەغەز ۋاراقنى پاسايدۇ-دە، ھېلىقى سېمىز بىمارنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ ئاڭلاپ باقىدۇ. ۋاراقنىڭ كۆكرەككە قويۇلغان كەڭ تەرىپىدىن كەلگەن ئاۋاز تار تەرىپى ئارقىلىق قۇلاققا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىدۇ. چەكسىز شادلانغان ئالىم ئۇنى مېتالدىن ياساپ، ئىسمىنى «تىڭشاپ دىئاگنوز قويۇش ئەسۋابى» (Stethoscope)

دەپ قويىدۇ. بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادىكى دوختۇرلار ئۆپكە-يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتە ئاشۇ ئەسۋابتىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن پارىژدا ئايلىنىپ يۈرگەندە گەرچە يەككە-يېگانە بولساممۇ، خىيالىمدا ئاشۇ مەشھۇر مېدىتسىنا ئالىملىرى، ئاخىرقى نەپەسىگىچە دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشقان كوممۇنارلار ماڭا ھەمراھ بولىدى. شۇڭا يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەن مۇشۇ يىراق ئەلدە تۇرۇپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى ئەسلىدىم. كەسپىي جەھەتتىكى ماھارىتىمنى يېتىلدۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى نەزەر دائىرەمنىڭ ھەر تەرەپلىمە كېڭەيىشىگىمۇ قولاي شارائىت يارىتىپ بەرگەن ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە، پارتىيەمگە چىن ئېتىقادىم بىلەن تەشەككۈر بىلدۈردۈم.

* * *

مېنى بىرىيۇسسېل خۇش خەۋەر بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن. قايتىپ كەلگىنىمنىڭ ئەتىسى دوختۇرخانىغا بېرىشىمغا پروفېسسور ئىڭگىلىت مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندۇندىكى خەلقئارا يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى تەتقىق قىلىش دوختۇرخانىسىغا ئۆگىنىشكە بېرىشىمغا تەستىق سېلىنغان قەغەزنى قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە مېنى قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ مەن ئۈچۈن راستىنلا ئىنتايىن زور خۇشاللىق ئىدى. چۈنكى مەن ئۇ يەردە ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق بىۋاستە دەرس ئاڭلاپ ئۆگىنىشتە تېخىمۇ تېز ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيتتىم.

مەن تېز يۈرەر پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئەنگلىيە زېمىنىغا ئۆتتۈم، ئاندىن پويىز بىلەن لوندۇنغا باردىم.

ئەنگلىيە مېدىتسىنا ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي داۋالاش جەھەتتە زامانىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى، ھەتتا بەزى تۈرلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ يەردە دۇنيا ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىغا ئىنتايىن زور تۆھپە قوشقان ئۇسولى (Oslez.W) ۋە ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان سىدېنخام (Sydenham.T) قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار ئۆتكەن. مەن لوندۇندا «بىروبىتىن» دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە مەشغۇلات ئېلىپ باردىم. نۇقتىلىق ھالدا تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى، يۈرەكنى تۇرۇبا ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە B تىپلىق ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئارقىلىق يۈرەكنى تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇم، ئامبۇلاتورىيىدە ۋە كېسەلخانىلاردا بولدۇم، دوختۇرلارنىڭ بىرلەشمە دىئاگنوز قويۇش يىغىنلىرىغا قاتناشتىم، ئوپېراتسىيەلەرگە ئىشتىراك قىلدىم. دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، قىزغىنلىقى، ئىنتىزامچانلىقى، تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، داۋالاش جەريانىدىكى ئەستايىدىللىقى ۋە ماڭا نىسبەتەن قىزغىن ياردەملىشىش پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئۇ يەردىن قايتقان چېغىمدا كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

* * *

مەن ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىدىن ئەڭ غەربىگە بارغانىدىم، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو بىلەن مەن تۇرۇۋاتقان يەرلەرنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇ يەرلەردە ۋەتەنداشلىرىم (ئەلچىخانا خادىملىرى، جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى، زىيارەت ۋە ئېكىسكۇرسىيىگە بارغانلار، شۇنداقلا جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار) بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ تۇردۇم، بىز ھېيت-بايراملارنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدۇق، بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ۋەتىنىمىزنى ئەسلىدۇق، ئۆز قولىمىز بىلەن جۇڭگوچە تاماقلارنى ئېتىپ يەپ، جۇڭگودا ئىشلەنگەن مەي-شارابلارنى ئىچىپ، جۇڭگوچە ناخشىلارنى ئېيتتۇق. بىز ئىلگىرى زادى تونۇشمايتتۇق، لېكىن يىراق ئەللەردە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا ۋەتەنداشلىق مېھرى بىزنى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ ئارتۇق يېقىنلاشتۇردى. كەلگەن-كەتكەنلەرنى بىر-بىرىمىزگە خەۋەر قىلىشىپ، ئايرودرومۇم ياكى ۋوگزاللارغا چىقىپ كۈتۈۋالدۇق، ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىكى يات ئەللەردە تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن يۈرەكنىڭ قېتىغا مەڭگۈ ئورناپ قالىدىغان قىممەتلىك خاتىرە.

لوندوندا مەن يەنە بىر ۋەتەندىشىمنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇ بۇندىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى تاغىسىغا ئەگىشىپ ئاقسۇدىن چىقىپ كېتىپ ئەنگلىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇكېرىم دېگەن كىشى. ئابدۇكېرىم مېنى بىر قېتىم ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرى بىلەن مېھمان قىلدى، بىز بىرگە ئولتۇرۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئۆلكىسى بولغان شىنجاڭ ھەققىدە، ئاقسۇ ھەققىدە، تەڭرى تېغى ۋە تارىم دەرياسى ھەققىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئابدۇكېرىم ۋەتەندىن ئايرىلغاندا ئۆسمۈر ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى قىلچە سۇسلاشماپتۇ. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللە، شاۋقۇنلۇق ئاقسۇ دەرياسى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچە نۇرلىنىپ كەتتى. «ھەي، ئاشۇ ئانا يۇرتۇمنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئەگەر مۇشۇ ئارزۇيۇمغا ئېرىشىپ ئۆلسەم ئارمانسىز كېتەتتىم» دېگەندە كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى كۆپ ياخشىكەن. باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، شۇنداقتىمۇ «كوچىلىرى ئەگرى-توقاي، توپا-چاڭلىق، ئۆيلىرى غېرىبانە» ئاشۇ ئانا يۇرتىنى زادى ئۇنتالماي كەپتۇ، بەلكى ئۇنى ھەممىدىن ئەزىز بىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ھازىر ئاقسۇدىكى كۆپلىگەن يېزا كوچىلىرىغىمۇ ئاسفالت ياتقۇزۇلغانلىقىنى، كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئېتىزلارنىڭ تۈزلىنىپ، سالالاشتۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە قەتئىي نىيەتكە كەلسىلا ئانا يۇرتنى چوقۇم كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بېلگىيىدە تونۇشقان ھېلىقى خاۋ خۇاڭمېي دېگەن بۇرادىرىم ئەنگلىيىگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىكەن، ئۇ مېنى پات-پات يوقلاپ تۇردى ۋە بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى لوندون ئەتراپىدىكى ئەۋرس-تېۋدس دېگەن كىچىك شەھەردە تۇرۇۋاتقان تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە

ئېلىپ ياردى. ئۇلار مېنى خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىر قېتىم ھەتتا ئۇلارنىڭكىدە بىرنەچچە كۈن مېھمان بولدۇم. دېمەك، ۋەتەنداشلىق مېھرى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك تۇيغۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنى چەت ئەللەردە يۈرگەن چېغىڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەنسەن.

* * *

لوندوندىكى ئۆگىنىشىمۇ ئاخىرلاشتى، ئالدى بىلەن ئەنگلىيىدىن، ئاندىن بېلگىيىدىن ئايرىلىپ پويىز بىلەن ۋەتىنىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. تاشقى موڭغۇلىيە زېمىنىدىن ئۆتۈپ ۋەتەن چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا، دېرىزىدىن يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ، بۇندىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەسلىدىم. خوش، ئەمدى يەنە ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراپ باقاي: ۋەدەمگە ۋاپا قىلالىدىممۇ - يوق؟

ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى توغرا باھالىيالىشى مۇشكۇل بىر ئىش ئىكەن. مەن يۇقىرىدىكى سوئالغا جاۋاب ئىزدەۋاتقان چېغىمدا پروفېسسور ئىڭگىلەتىنىڭ مەن بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا دېگەن مۇنۇ سۆزى يادىمغا كەلدى:

— ئىنىم رۇستەم، مەن ياشانغان چېغىمدا يەنە بىر چەت ئەللىك تىرىشچان ئوقۇغۇچىغا ئۇستاز بولۇپتىمەن. مېھنىتىمنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ شۇ تاپتا سىزدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇۋاتىمەن. ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پەخىرلىنەرلىك ئىش بولماس. ئىنىم، مەن سىزنىڭ يارامىلىق بىر دوختۇر بولۇپ، بىمارلارغا شىپالىق ئاتا قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن!

ئۇستازنىڭ بۇنداق باھاسى شاگىرت ئۈچۈن بىر چوڭ مۇكاپات، ئاندىن يەنە جامادانىمدا ئىككى دوختۇرخانىدىكى ئالىم، پروفېسسورلار ئىمزا قويغان رەسمىي باھالارمۇ بار.

يۇقىرىقىلار سوئالىمغا جاۋاب بولسۇن.

پويىز ئاخىرى چېگرىغا يېتىپ كەلدى، مەن ۋەتىنىمىزنىڭ تونۇش، خۇش بۇي ھاۋاسىنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈردۈم، تەنلىرىم بۆلەكچە يايراپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**مۇشتەرىلەر دىققىتىگە**

يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى 1992 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئەسلىدىكى 1.40 يۈەندىن 1.70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ۋاقىپ بولۇپ قالغايسىزلەر.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئابدۇللا سۇلايمان

# غەزەللەر

## 1

قاچانكى دىل ئۆيۈم كۆزنەكلىرىن سەۋدايى غەم چەكتى،
نە غەمكى كۈن ـ تۈنى تولغاندۇرۇپ قىلدەك ئەلەم چەكتى.
ئەلەمگە تاپمىدىم رەنجى ھېكىم لوقمان كىتابىدىن،
بۇ دەردىڭگە شىپا يوق دەپ، پەلەك لەۋھى قەلەم چەكتى.
قۇياشقا يالۋۇرۇپ ھەر تاڭ، دېدىم: ھالىمغا يەتكىن بىر،
دېدى ئۇ: سەن كەبى قانچە بۇ دەردنى دەممۇ دەم چەكتى.
باغاش ئەتتىم زېمىننى، بۇ ۋۇجۇد گۈلخانى ئۆچكەي دەپ،
زېمىن ھەر رەت قۇچاقلاش سانىغا گۈلدىن رەقەم چەكتى.
جۇنۇنلۇق ساھىلى بويلاپ، ئەزىم دەرياغا تەلمۈردۈم،
دېدى دەريا: ئېقىپ بىزدە بۇ دەردنى تاھىر ھەم چەكتى.
ۋەھىي كەلدى ماڭا شۇنداق: ئىلاجىڭ يوق ئۇنى تارتماي،
دېگىن بۇ دەردنى ھەر ئىنسان ھاياتتا بىر قەدەم چەكتى.
نىيەت قىلدىكى ئابدۇللا بۇ يولدا بولغىلى مەجنۇن،
سەۋەب، دىل ئەينىكىمنى سۆيگۈ ئاتلىق شاھ سەنەم چەكتى.

## 2

مېنىڭ قەلبىمدىكى جانان ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ،
قېشى قۇندۇز، كۆزى ئوتلۇق، چېچى سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ.
پەزىلەت بابىدا يەكتا، رەشىك قوزغايدۇ ھەر دىلدا،
قىياسىم: ئۇ پەرى دۇنياسىغا مەسئۇلغا ئوخشايدۇ.
قۇياش ھەر دەم كۈلۈپ باقسا، تۈنى مارلايدۇ تولغان ئاي،
گۈزەللىك تېمىسىدا ئۇ، بەھەس ـ غۇلغۇلغا ئوخشايدۇ.
ياساپ نۇسخا ساداقەتتىن، ئاڭا بەرگەي ئەجرىدىن ھەل،

كۆيۈكـنىڭ رودىسىن تاۋلاش بىلەن مەشغۇلغا ئوخشايدۇ.
كۆزىدە سېھىرلىك ناخشا، دىلى ئۇنىئالغۇدۇر نازۇك،
ۋۇجۇدى ھېچ تەمەسىز ئوت، مۇقام - مەرغۇلغا ئوخشايدۇ.
ئۇرۇرى - ئىززىتى ئۈستۈن قاچانكى چىقسا مۇنبەرگە،
ۋاپا بازارىدا ئەمما سېتىلغان قۇلغا ئوخشايدۇ.
ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك كويىدا ئەمدى ئابدۇللا،
ئۆچەكنى تەرىك ئېتىپ كۆي كۆيلىگەن بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.

3

يارغا بەردىم قەلبى - كۆكسۈم كەڭلىكىدىن ئىمتىھان،
ئاشۇ كەڭ كۆكسى - دىلىمنىڭ غەملىكىدىن ئىمتىھان.
مۇپتىلا بولغاي ئىشق سەۋداسىغا شاھ ھەم پېقىر،
ئالدى ئۇ بۇ يولدا ھەممە تەڭلىكىدىن ئىمتىھان.
ئۆزگىچە ئېيتىپ، ۋىسال پەيتى كۆيىمنى ئالدىدىن،
تېنىمەي بەردىم تىلىم، دىل تەملىكىدىن ئىمتىھان.
ئالدى ئۇ، گۈلخانىغا تەققەسلەپ ۋۇجۇدۇم ئوتىدىن،
بار تېنىمنىڭ ئەڭ ئاداققى نەملىكىدىن ئىمتىھان.
بارمۇ دەپ نادانلىقى، باقتى سىناپ سۆز، كۆزىدە،
سۈرمە تارتىپ، لاك يېقىپ ھەم ئەڭلىكىدىن ئىمتىھان.
ئايرىدىم روشەن، كۆكگۈل بازارىدىن بىرلا ئۇنى،
ئالدى گۈلگۈن مىڭ، تۈمەن گۈل رەڭلىكىدىن ئىمتىھان.
يارغا ئابدۇللا بولۇپسەن قەرزدار، ئۇ ھەم ساڭا،
بەر مۇھەببەت بىلىمىڭنىڭ كەملىكىدىن ئىمتىھان.

4

ھاياتلىق رەمزىنى باشقا، مۇھەببەت كەۋسىرى باشقا،
ئەنىلەر ياقۇتى بىر تاش، ۋىسال ئەڭگۈشتىرى باشقا.
ئىشق توغىيانىغا ھەرگىز سېپىل، خەندەكمۇ كار قىلماس،
ئۇنىڭغا جان نىسار قىلغان پىداكار لەشكىرى باشقا.
خۇنۇكنىڭ گۈلىدىن ئەۋزەل گۈزەلنىڭ بويىنى ھىدلاش،
كۆكگۈل بوستانىدا مىڭ گۈل، مەيىلىنىڭ سەمبىرى باشقا.
نە ھاجەت تۈندە ئاسمانغا بېقىپ قىلماق مۇنەججىملىك،
كۆتۈش سەھراسىنىڭ چاقناق جۇلاسى ئەختىرى باشقا.

www.uyghurkitap.com

چىقار جەڭگاھتىلا باتۇر رەقىبى كۆكسىنى تىلغاپ،
ۋەلىك ئىشقى جېڭىنىڭ دىت - ئەقىللىق رەھبىرى باشقا.
كىتابلار ئورمىنى ھاسىل بوگۈنكى كۇللى ئالەمدە،
ئىشق، ھىجران كىتابىنىڭ تەلەپكار مۇشتىرى باشقا.
ئۆزۈك بىلمەي مۇھەببەت دەپ بىراۋنى دورىما ھەرگىز،
بۇ ئابدۇللا ۋۇجۇدىدا ئۇنىڭ چىن تەسۋىرى باشقا.

5

ئاي چىراي ئالسۇن پەرى ئايدەك جامالىڭدىن يەنە،
نۇسخا بەرگىن غۇنچىگە نازۇك نىھالىڭدىن يەنە.
داللارنى بىر قېتىم كەزگىن خۇشاللىق ئىلكىدە،
كەڭ يېشىللىققا بەخش ئەت يار شامالىڭدىن يەنە.
كوي - ناۋالار تىڭشىسۇن ئەل ئويغىتىپ دىل - قەلبىنى،
ئاڭا تۆككىن زەپ شىرىن تىل قەنتى - بالىڭدىن يەنە.
چۆل ئوقۇيدۇ نام - ئىبتىڭنى، كۆن ئەمەس سائەتتە بىر،
ئاققۇزۇپ ئوت قويىنىغا چەشمە - زىلالىڭدىن يەنە.
مىڭ سۇئاللار جەمئىسىدىن چىمك چىگىلدى سىر - تۈگۈن،
قىلىكى تەقدىم يەشكىلى تەدبىر - ئامالىڭدىن يەنە.
بولمىغىن بىخۇت، رەزىللەر پىتنىسى بەكمۇ يامان،
يىمىلىسۇن قان زاغ - زۇغۇن قەھرى - قامالىڭدىن يەنە.
چۆكتى ئابدۇللا ئىشق ئوكيانىغا، تەگلەيدۇ قول،
چەمبىرەك تاشلا قېنى تېز، كېمە - سالىڭدىن يەنە.

6

ماڭا باشتا كۆڭۈل بەرگەن ئىدىڭ، ئۆزگە تاما قىلدى،
دېدى؛ تاشقا گۆھەرنى ھەم ئۇرۇپ زەپمۇ خاتا قىلدى.
رەشىك قوزغالدى تۈن بىرلە ئېلىشقان كۈندىمۇ ھەتتا،
سېنىڭ ئالدىڭدا ئاشىقلىق ئۈچۈن ھەر تاڭ داۋا قىلدى.
بېلىق يۇتماي بولاركەن گەر ئېقىنلار بويىغا بارساڭ،
بىلىپ يەتتىم ساڭا يىسلەر يەنە تەنە - تاپا قىلدى.
دەرخ ئېيتتى ماڭا رايىڭنى ياندۇرماق ئۈچۈن شۇنداق،
قولاقا كۆپ پىچىرلاپ، بارچە ئىشنى شۇ سابا قىلدى.
بىراۋدىن ئاڭلىدىم: چۆلدە سېنى بىرلا كۆرۈپ ئاھۇ،

ئېتىپ يەرگە تېنىمنى، كۆز ئۆزىنى گاھ، ئاكا قىلدى.
دېدىم گاھشىلىقىم ئادەم ئاتادىن ھېچ قىلىشمايدۇ،
بۇ دەردكە مۇپتىلالىقنى پۈتۈنلەي بىر «ھاۋا» قىلدى.
كىمەرسە سورىسا مەيلى، ئۆتۈنىمەس ئۇنى ئابدۇللا،
كۆيۈشكە يۈزدە يۈز ھەقلىق ئۆزۈم دەپلا جاكار قىلدى.

7

ئەگەر سەن كەلمىسەڭ مەيلى، لىۋىڭ ئىمزاسى بىر كەلسۇن،
ئۇنىڭ پىنھان قۇرىدا سۆيگۈمىز ئىخلاسى بىر كەلسۇن.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن قانچە ۋاقىت، كۈتتۈم چىدام بىرلە،
يېزىشقان ئەھدىمىزنىڭ چەك ـ قەرەل ئىجراسى بىر كەلسۇن.
تولۇق ياز نامىدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتەڭنى،
ئوقۇيمەن مەيلى بۇ سەۋدالىقىم غەۋغاسى بىر كەلسۇن.
چۈشەنگەيمەن سىنىڭ نامە يازالماسلىق سەۋەبىڭنى،
شامالدىن گەپ ئەۋەت ھېچ بولمىسا ئەدناسى بىر كەلسۇن.
ھەسەتخورلار ساڭا تۆھمەت توقۇپتۇ، ماڭا كۈن ئېيتتى،
قېنى قانداق قىلارمەن مات، ئۇلار ئىغۋاسى بىر كەلسۇن!؟
كۆزۈم روشەن، دىلىم ئويغاق، ساڭا مەلۇم بۇ خىسلەتلەر،
ئېتەلەيمەن پەرق، مەيلى گۈزەللەر جاسى بىر كەلسۇن.
بىلىپ كۈتمەكنى ئابدۇللا، قەدەم باسقان ئۇزۇن يول بۇ،
ۋىسال پەيتىدىلا دىل جەننەتۇل مەئۋاسى بىر كەلسۇن.

8

چانمىغاي دىل بايلىقىم ھەرگىزمۇ مىڭ باي ئالدىدا،
روھىي مۈلكۈم پاكلىقى چاقنايدۇ، كۈن، ئاي ئالدىدا.
يۈكلىگەن ھىجران يۈكىنى مەن ئىشىق تۇلپارىمەن،
ھەم ئۆتۈپ چىققان سىناقتىن قانچە شاش تاي ئالدىدا.
سۆيگۈ قەسرىدىم كەڭلىكى ئالەم پايانغا مىسال،
بولىدۇ شاھ ھەم پېقىرگە ئۇ ئاۋات جاي ئالدىدا.
بار قاناتىم، بىرى ئەل مېھرى، بىرى ئەھدۇ ـ ۋاپا،
ئارتقا قايتماي ئۇچۇمەن تاغ، زور ئېقىن، ساي ئالدىدا.
رازىمەن، داھىسەپ تىكەننى يار ئۈچۈن تۇرماقتا تىك،
ھادلىقىم ـ تۇتسام ئاڭا ھۆرمەتتە سىنچاي ئالدىدا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بار ئىممىش سۆيگۈدە جەننەت ھەم دوزاخ بىر رەتتىلا،
بولسا راست، چاچقۇم، دوزاخقا ئۇستىلەپ ماي، ئالدىدا.
بىلكى ئابدۇللا، غەلەت ئۆز دۈشمىنىڭنى كەچۈرۈش،
ئۇ، مۇھەببەت جىڭىدە جەزمەن دېسۇن ۋاي! ئالدىدا.

**9**

سەن پەرىشتەم، سەن ئېزىتقۇ، سەن خاقانسەن بەزىدە،
سەنكى بەھرىم، سەنكى قەھرىم، سەن يامانسەن بەزىدە.
ئېتىقادىم بىر خۇدا دەپ سېنىلا بىلگەي پەقەت،
سەجدىدە قەددىم ئېگىلگەي، ئېيتسالىڭ ئىمان سەن بەزىدە.
تاشلىغاي سايە بېشىمغا، دەردى-ھىجران بولۇتىڭ،
ئېچىلىپ كۆلگەندە تولغان خۇش تابان سەن بەزىدە.
ئىنتىزارلىق تارىسىغا ئۇرىمەن زەخمەك سەھەر،
شوخ كۆيۈك يوق، گۈل تۆكەر شېرىن زابانسەن بەزىدە.
نە ئۈچۈن بۇنداق خىيالدا بولىمەن؟ بۇ سىر ئەمەس!
قوزغىلار رەشكىم، ئېسىمگە كەلگەن ھامان سەن بەزىدە.
جاننى ئالقاندا قويار بۇ چاقچىقىڭ، بۇ نازلىرىڭ،
بىر قولى سۇ، بىر قولى ئوت يار-جانان سەن بەزىدە.
قىزغىنار ھەتتاكى ئابدۇللا شامال، كۆندىن سېنى،
مىڭ جاھانغا بەرگۈسىز، بىرلا جاھانسەن، بەزىدە.

**10**

بۇ ئالەمدە مۇھەببەتتىن بۆلەك ھېچ بىر ساراڭلىق يوق،
بۇ غەۋغا باشقا چۈشكەن ھەر كىشىدە ھېچ ئاراملىق يوق.
ئۇنىڭ نازۇكلۇقى ئاندىن، پۇشايماندۇر تەكەللۇپ ھەم،
كۆڭۈل ئوۋلاش ئۈچۈن قىلغان شىكاردەك زور قاراملىق يوق.
يۈرۈشكەي كۆيۈشۈپ، چىندىن كۆرۈشمەي قانچىلار كۆپ يىل،
ئۇنىڭدەك چەك - پايانىبەك ئۇزۇن دەريا - تاراملىق يوق.
ئۇ بىر مەسلەك، ئىشق ئەھلى دىلىدا بىر ئۇلۇغ سۈرە،
جاپا بىرلە ياسالغان ئۇ كەبى جەننەت-باراڭلىق يوق.
ئەسىرلەردىن بىرى ئېيتقان ئۇنى، ئېيتتۇق، يەنە ئېيتار،
تامامى ناخشا-كۈي پەستە، ئۇنىڭدەك مۇڭ، جاراڭلىق يوق.
بولۇپ مىرزا ۋاقىتقا، بۇ سەتىرنى يازدى ئابدۇللا،
ئاۋۋال - ئاخىر مۇھەببەتلىك كىشىدەك ھېچ ياراملىق يوق.

تۇرسۇنئاي دۇسەيىن

# شېئىرلار

گۈزەل قىز رەڭگى - رۇخسارىڭ چىرايلىق گۈلگە ئوخشايدۇ،
زىناقىڭ جۈملىدە كەلگەن گويا ۋىركۇلغا ئوخشايدۇ.

چېلىپ دۇتار ناۋا قىلساڭ، ئەجەب ياڭراق سادا قىلساڭ،
دېدىم: بوستاندا كۆي تۆككەن بىدار بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.

خۇمالىق كۆزلىرىڭ كۆكتىن ئېلىپ يۇلتۇز بىلەن ئاينى،
سۈيىدە چايقىلغان بىر جۈپ غۇبارسىز كۆلگە ئوخشايدۇ.

چىمەندە نازلىنىپ يۈرسەڭ، چېچىڭنى ئارقىغا تاشلاپ،
سىياقىڭ يايلىنى يايغان گۈزەل دۇلدۇلغا ئوخشايدۇ.

گۈزەللەر ئىچىدە بىر سەن، گويا يېشىلمىگەن سىرسەن،
سېنىڭ نامىڭ يىگىتلەر قەلبىدە غۇلغۇلغا ئوخشايدۇ.

* * *

نىگار بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ بەكمۇ ناۋا قىلدىڭ،
قەدەم تەشرىپ قىلىپ ھەر يانىنى زەپ خۇش بۇي ھاۋا قىلدىڭ.

كېچە ھەم كۈندۈزى ئىشقىڭ باياۋانىدا ئاھ چەكتىم،
مېنىڭ تاقەتۇ - سەبرىمنى ۋۇجۇدىمدىن ئادا قىلدىڭ.

ئۇزاتسام ساڭا شەربەتنى، زەھەر - زوقۇمنى تەڭلەيسەن،
مېنىڭ جانىمنى نەشتەرلەپ ساقايماس بىر يارا قىلدىڭ.

سېنىڭ ئىشقىڭ پۈتكۈل جېنىمنىڭ مۈلكى ھەم بەختىم،
مۇھەببەت مەھەللىسىدە سەن مېنى ئاجىز گادا قىلدىڭ.

سېنىڭ يادىڭ بىلەن يايراپ، سېنىڭسىز ئاھۇ - زار چەكسەم،
مېنى سەن خارۇ - زار ئەيلەپ ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ.

مۇھەببەت غۇنچىسى سولغاي ئەگەر تەڭلىك تۈگەپ پۈتسە،
مۇشۇ بىر ۋاقىتدا يارىم كەچۈرمەس زور گۇناھ قىلدىڭ.

* * *

زىياپەت ئەھلىنىڭ قەلبىن ئەجەبمۇ ئەيلەدى شادمان،
ھېسابسىز تەخسە ـ پەتنۇسنى ئىگىلەپ قەنت ـ گېزەك، ئاش، نان.

لەزىز ھەم بەك سىراپ نېمەت بېشارەت بەردى توقلۇقتىن،
ئۆلۈك يېسە تىرىلگەي گەر تىرىكلەر يېسە قوشقاي جان.

قەدەھلەردە قىزىلگۈلدەك مۇسەللەسلەر جۇلا قىلدى،
گويا يايلاقتىكى تايدەك تېنىگە پاتمىدى مېھمان.

قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەن ئەزىزلەر كۆڭلىن ئالماققا،
جېمى نېمەتنى تەل قىلدى يەنە ئۇستەلگە ساھىبخان.

زىياپەت ئەھلىدىن ئاشقان ئاشۇ نان چۈشتى ئەخلەتكە،
ئاشۇ دەم ئەلنى باقماققا ئېتىزدا باش تېرەر دېھقان.

## ئاسمان ـ زېمىن

ئاخشىمى باقتىم پەلەككە، چىمقتى ئاي كۆك پەرىسى،
مىڭلىغان يۇلتۇز قىزىنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ.
زوقلىنىپ سالدىم نەزەر، سىرلىق كۆرۈندى كۆكمۇزەپ،
تۆكتى نۇر سامان يولى، تالدۇردى كۆز قاماشتۇرۇپ.

ئۆرلىدىم ئاسمان پەلەككە ئۇلتۇرۇپ گاز شارىغا،
شۇڭغىدىم بەش مىڭ غۇلاچ، كۆپكۆك دېڭىز ئاسمان گويا.
ئويىنىدىم بۇدەم مۇئەللەق باغرىدا يۇلتۇز كېزىپ،
كۈن ۋە يۇلتۇز نۇرلىرىنى تۆكتى ھەم قىلدى جۇلا.

ئۆرلىدىم ئونمىڭ غۇلاچە، ئۆرلىگۈم كەلدى يەنە،
مىڭ مېتىردىن ھالقىسام ئاسمان يۈزى بولدى غۇۋا.
قاپقاراڭغۇ تۇسكە كىردى بايقىسام بوشلۇق بۇدەم،
نۇر تاراتماي قالدى، ئاسمان بولدى ھەم شالاڭ ھاۋا.

بەك يىراقتا ياپيېشىل يۇلتۇز كۆزىنى ئويناتار،
قارىسام كۆزلەرنى مەپتۇن ئەيلىدى چوغدەك بىرى.

قاتىلدىم ئۇنىڭ غۇلاچىنى ئۇرغۇتۇپ غەيرەتنى مەن،
مەن ئاشۇ گاز شارىدا يەردىن ئەجەب كەتتىم نېرى.

ئۆرلىگەنچە كەلدى تىنىماي بەك ئېگىزگە ئۆرلىگۈم،
ئەك يورۇق يۇلتۇزنى بۇ دەم ئەيلىگۈم كەلدى ماكان،
ئاشۇ دەم قايدى بېشىم، قالدى پەقەت يەتمەي نەپەس،
شۇ ئەزىز تۇپراغۇ- تاشنىڭ ئىشقىدا قايتتىم شۇيان.

## قىزىلگۈلگە قىلىمەن ھەۋەس

گۈزەل يازنى باشلاپ قىزىلگۈل،
رەستىلەردە كۈلۈپ ئېچىلار.
قەلبلەرگە بېغىشلاپ شادلىق،
ۋۇجۇدىدىن ئىپار چېچىلار.

ئۈزمەكچى بوپ قولنى ئۇزاتساڭ،
بارمىقىڭغا سانجىلار تىكەن،
قىزىلگۈلگە قىلىمەن ھەۋەس،
قوغدار ئۆزىن جۈرئىتى بىلەن.

## جىننىس دۇنيا رېكورتى

تۈزۈلدى بىر سورۇن، يىغىلدى يۈزلەپ،
پوچىلار بۇ يەرگە بولۇشۇپ نائىل.
ھەممىسى ئىشمىدىن تەجرىبە سۆزلەپ،
مىڭلىغان دىللارنى ئەيلىدى مايىل.

بىرى دەر: ئۆلمەسنىڭ دورىسىن تاپتىم،
ئۆلۈككە جان بەردىم، تىرىككە دەرمان.
بىرى دەر: باشقىلار بەختىنى كۆزلەپ،
ياپياشلا جېنىمنى ئەيلىدىم قۇربان.

بىرى دەر: مەن ئىلىم بەرگەن بالىدىن،
چىقىشتى مىليونلاپ شائىر، يازغۇچى.
بىرى دەر: مەن يازغان، تۈزگەن كىتابقا
توشۇپتۇ ساناقسىز ئىشكاپنىڭ ئىچى.

بىرى دەر: ئىلمىيچە تېرىدىم بۇغداي،
بىر دانە بۇغدايدا تولۇپتۇ خامان.
بىر نانىنى ئۇشتۇۋسام سېلىپ داستىخان،
تويىدۇ كېكىرىسپ ئونمىڭلاپ دېھقان.

شۇ چاغدا مەن بولدۇم مۇنبەرگە ھازىر،
ھەم ئاتتىم زەي سالماي پاختىنى شۇنچە.
ئونمىڭلاپ داستاننى پۈتتۈردۇم يېزىپ،
دېدىم مەن سورۇندا قىزارماي قىلچە.

شۇ ھامان ئېچىلىپ يوغان بىر قاموس،
پوچىلار سەپ بولۇپ تىزىلدۇق سىپكە.
يارالدى بىر يېڭى دۇنيا رېكورتى،
ئىسمىمىز يېزىلدى زەر ھەللىك بەتكە.

ئابلىكىم خېۋىر

# قۇياش ھىممىتىدىن ھاياتتامىڭ رەڭ

## كونا توگمەن

كونا توگمەن، تاشلانغان توگمەن،
دەز-دەزلىرى قۇشقاچ ئۇۋىسى.
قومغا پېتىپ ياتىدۇ غەمكىن
گەۋدىسىنىڭ تەڭدىن تولىسى.

www.uyghurkitap.com

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىن،
جىملىق ئىستەر كېسەك - توپىسى.
ئادەملەرنى خالىماس ئانچە،
باردەك قانداق پۇشمان - تىۋىسى.
بىراق كۇكۇم چۇشەر - چۇشمەيلا،
بۇزۇلدۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسى.
پەچىرلاشلار ھاجەتسىز ئۇندا،
ئۇ ھاياتنىڭ تۇنجى ھۇجرىسى.

## كۆيۈۋاتقان بۇلۇتلار

ئەلەردە كۆيۈپ كەتكەن بىر توپ بۇلۇت،
ئاسماننىڭ بۇرجىكىگە توپلىنىپتۇ.
كۇل بولۇپ توزۇشلارنى كۆرەي دېدىم،
ئەدىكى شەلپەر كەبى چوغلىنىپتۇ.
پاللىدە چىقتى قۇياش تاغ كەينىدىن،
شەپەقتە سېغىش بەلكى كەلدى قىين.
بۇلۇتلار كۆيدى يەنە يالقۇنلىنىپ،
ئاھ، كۆيۈش،
كۆيۈش دېگەن قانداق شېرىن؟!

## ئەتە يەنە رەھبەر كەلگۇدەك

يۇقىرىدىن، بەك يۇقىرىدىن
مەھەللىمىزگە رەھبەر كەلگۇدەك.
بۇلۇڭ - پۇشقاقنى قويماي ئارىلاپ،
ئېتىزلارنى ياياق كەزگۇدەك.

*  *

ئىشىك ئالدىدا سويۇلدى بورداق،
قازانلاردا قاينىدى قورداق.
سەمەت بوۋايغا يېپىلدى زەر تون،
ئالماشتى يېڭىغا ياغلاشقان تۇماق.
ئۆي - ئۆيلەرگە سېلىندى گىلەم،
ئىشىك ئالدىدا توختىدى سوپەك.

بىر يانغا باغلاندى ئات بىلەن خېچىر،
بىر يانغا باغلاندى موزايلىق ئىنەك.

*  *

ئەسسالام، سەمەتكا! — دېگەنچە رەھبەر
دەرۋازا ئالدىدا بولغاندا زاھىر.
سەمەتكام كۆزىگە ئىشەنمەي، دېدى:
— ھوي داۋۇت، داۋۇتقۇ بۇ بىزنىڭ ئاخىر.
— سەمەتكا، باي بولۇپ قاپسەن قارىسام.
— كەل داۋۇت، ئۆيگە كىر، تۆرگە ئۆت بالام.
ئىككى قەدىناس قۇرغان بۇ سۆھبەت
سورۇن ئەھلىنى قالدۇردى ھاڭ - تاڭ.
نېمىدېگەن ئاددىي رەھبەر بۇ،
نېمىدېگەن چىقىشقاق، خۇش راي
سەمەت «سەنلەپ»لا تەگدىغۇ ئاكا،
ئەمدى خۇشامەتنىڭ ئەھۋالىغا ۋاي.
چايدىن كېيىن رەھبەر خۇش كەيپ،
يېزا باشلىقىغا جېكىدى شۇنى:
— ئالتۇن ئادەم بۇ، ئۇگىنىتەك ئادەم،
قەدىرلەڭلەر، ئاسراپ ئۇنى.
رەھبەر خۇش ئېيتتى سەمەت ئاكىغا،
— نېمە تەلىپىڭ بولسا ماڭا ئېيت!
— ھەر كۈنى كەلسەڭ بولاتتى، داۋۇت،
ئارىلىق يىراق - تە، ئارزۇلۇق، ئېسىت.
رەھبەر يەتتى گەپنىڭ تەكتىگە،
دېدى: ئەتە كېلىمەن يەنە.
بىر كىملەرگە بولدى بۇ رىغبەت،
بىر كىملەرگە چۇچۇمەل تەنە.

*  *

ئەتە يەنە رەھبەر كەلگۇدەك،
مەھەللىمىزنى ياياق كەزگۇدەك...

مەمتىمىن بارى

## كەتتى ئۇ باللىقىم مېنى تاشلاپ

خىيالىم ئەينىكىدە ئەكس ئەتتى
بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل چاغلار.
يادىمغا سىڭىپ كەتتى نۇرغا ئوخشاش
ئەركىلەپ مەن ئوينىغان ئاشۇ باغلار.

كۆپ ئىدى ئۇ چاغلاردا ئاداشلىرىم
چاپاتتىم مەھەللىنى كىيىپ باشقا.
كېتەتتىم يىراقلارغا گۈل تەرگىلى،
ئۇچاتتىم تولۇن ئايغا، زەر قۇياشقا.

بوينىقىم مەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتى،
كەينىمدىن ئەگىشەتتى سايە كەبى.
قونداقتا بۇقۇلدىغان كەپتەرلىرىم
مەن ئۈچۈن بىلىنەتتى ھامان سەبى.

ئاسلىنىم شىپاڭلىتىپ قۇيرۇقىنى
ئەركىلەپ ئويناقلايتتى، مياۋلايتتى.
ۋىچىرلاپ قەپەستىكى تورغايلىرىم
چىقىشقا ئىنتىلەتتى، تىپىرلايتتى.

يولۇمغا قاراپ تىت ـ تىت بولۇپ ئانام
كېزەتتى مەھەللىنى ئالا قويماي.
تاپالماي پەرىشان بوپ تۇرغىنىمدا،
كېلەتتىم ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي.

مەلىنى كېسىپ ئاققان ئېرىقلاردىن
تۇتاتتىم تومۇزلاردا بېلىقچانىنى.
پەپىلەپ، ئەركىلىتىپ ئالقىنىمدا
بېرەتتىم ئاڭا چايناپ زاغرا ناننى.

سەگەنچۈك ياساپ يازنىڭ ئىسسىقىدا،
ئوينايتتىم كۆرۈنگەننى بەزى دوراپ.
قىلاتتىم دوستلىرىمغا «مۇئەللىملىك»،
ئالدىغا چىقىۋېلىپ سوئال سوراپ.

كېپىنەك قوغلاپ بەزى بېدىلىكتە
قارايتتىم بەزى سۇنىڭ ئېقىشىغا.
يامىشىپ تېرەكلەرگە چاڭگا ئىزدەپ،
گۈل چەكتىم پۈت ـ قولۇمنىڭ بېغىشىغا.

مېۋىلىك باغقا سەكرەپ ئېگىز تامدىن
شاخ ئېگىپ غورىلارنى ئۈزگەنىدىم.
چاتقاللار ئىلىۋالسا كۆڭلىكىمنى
مۆكۈنۈپ شورىلاردا يۈرگەنىدىم.

شوخ ئىدىم، تەنتەك ئىدىم، يۇمران ئىدىم،
ئوخشايتتىم ھىلال ئېيىم، ئۇ چاغ ساڭا.
تاغ-ئېدىر، گۈل-گىياھلار شۇنچە دىلبەر
يېقىنمۇ كېلەلمەيتتى قايغۇ ماڭا.

بىر مۇ بىر ۋاراقلىدىم خاتىرەمنى
ئالدىمغا كەلدى شۇنداق باللىقىم.
شۇنچەكەڭ كۆڭۈل-كۆكسۈم نۇرلۇق ئىدى،
بولسىمۇ خېلى نۇرغۇن چاللىقىم.

كەتتىڭسەن باللىقىم مېنى تاشلاپ،
قارقوندى، قىراۋ قوندى چاچلىرىمغا.
ئىزدەيمەن مەڭگۈ سېنى ھەممە يەردىن
ھەمىشەم ھەممە يەردىن كۆرۈن ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# ئەزمىلەر

1

ۋەتەننىڭ قوينى گۈلزارلىق، باھارى كەلدى كەتمەسكە،
شىجائەتنى قانات ئەيلەپ جىمى ياش چۈشتى بەس - بەسكە.

ھالال تەردىن تېپىپ ئىززەت يارالدى جەڭدە كۈرمىڭ مەردە،
يىراق مەنزىلگە كۆز تاشلا، ئېلىپ سەن ئەتىنى ئەسكە.

ھاياتىڭنىڭ گۈزەل پەسلى ۋاقىتسىز تاشلىسا ياپراق،
تېرىقچە قىممىتىڭ بولماي، قالارسەن تەڭلىشىپ خەسكە.

كۆيۈپ پەن ئىشقىدا پەرھات كەبى غەيرەتنى يار قىلساڭ،
شېرىن ۋەسلىگە يەتكەيسەن پىسەنت قىلماي خەتەر - تەسكە.

ئەگەر سەن بىر ئۆمۈر پەنگە چېتىپ مېھرىڭنى شان قۇچساڭ،
ياشايسەن مەڭگۇ دىللاردا، كېتىپ قالساڭمۇ كەلمەسكە.

2

نازىنا، دىلبەر كۆڭۈل ئىشقىم ساڭا مۇشتاق ئەمەس،
كەچكىنىم كەچكەن سېنىڭدىن بۇ كېپىم چاقچاق ئەمەس.

قالدىنىپ سېھرىڭگە، تارتتىم مەن جاپانى يەتكۈچە،
بولمىدىڭ دەردىمگە دەرمان يۈرىكىممۇ ساق ئەمەس.

باشتا قىلغان ئەھدىنى قىلدىڭ بىكار يىرتىپ ئۆزۈڭ،
كەلمىدى رەھمىڭ ماڭا، مەن ياتىكەن، قامغاق ئەمەس.

چىن ساداقەت بىلدۈرۈپمۇ مەن ئاتالدىم بىۋاپا،
ئويلىغاندەك مەن بىلەن سەن ھېچقاچان ئورتاق ئەمەس.

مىڭ پۇشايمان ئەيلىدىم كۆڭلۈمنى بەرگەنگە ساڭا،
ئەمدى بىلدىمكى سېنىڭ كۆڭلۈڭ قارادۇر، ئاق ئەمەس.

ئابدرۇيىم ھېكىمى

## قىلايلى تاقەت

كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر شۇنچە،
لېكىن تىلىڭ قىلمايدۇ ئىقرار.
بولدى جېنىم، قىينالما بۇنچە
مەنمۇ شۇ تاپ ئىشقىڭدا دىشۋار.

كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر ھەر چاغ
ئۆز بەختىنى ئىزدەپ مېنىڭدىن.
ئۆمرۈم بويى ئېيتمەن باغ ـ باغ،
ئورۇن ئېلىپ مەڭگۇ دىلىڭدىن.

كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر تاتلىق،
سۆيگۈدىن سۆز ئاچارمىكىن، دەپ.
ئەندىشەم شۇ: ئىلىم ـ پەن ئاتلىق
جانان بىلسە... قاچارمىكىن دەپ.

كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر قىزچاق،
غۇرۇرۇڭغا قىلماي ئىتائەت.
قىلىشايلى ھاياتقا چاقچاق،
جان ساۋاقداش، قىلايلى تاقەت!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغايسىز

ژۇرنىلىمىز قوش ئايلىق بولۇپ، جۈپ ئايلارنىڭ ئاخىرىدا نەشىردىن چىقىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ.
ژۇرنىلىمىزغا ھەر يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار يىللىق ۋە يېرىم يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
باھاسى 1.00 يۈەن. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 62 — 58.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## گۈلىستاندىن گۈلدەستە

تەھرىر ئىلاۋىسى:

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1991-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە مايتاغ كان رايونىدا نېفىتلىك قەلەمكەشلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئاچقانىدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مايتاغ رايونىدىكى ئاپتورلارنىڭ كۇرس جەريانىدا مۇھاكىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

تۇرنىسا مەنسۇر

# چۆلدە ئېچىلغان گۈل

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تاڭ سەھەردە چېلىنغان زاۋۇت گۇدۇكى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنمەكچى بولۇپ بالكونغا چىقتىم. نېفىتلىكتىكى جۇشقۇن ھايات شاۋقۇنى قۇلىقىمغا گويا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق، يىراقتىن كېلىۋاتقان مۇزىكىدەك لەرزان ئاڭلاندى. ئەنە قاراڭ، كۆك بىلەن بويى تالاشقان نېفىت ئايرىش مۇنارلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ، گىملىتاغ باغرىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ شەرقىدە 140 مىڭ توننىلىق شىنجاڭ ئېتىلىن زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى جىددىي ئىشلەنمەكتە؛ يېقىندىلا پۈتكەن ئىككىنچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى ھەيۋەتلىك گۈركىرىمەكتە؛ قاتار سېلىنغان بىنالارنىڭ بالكونلىرىغا رەتلىك تىزىلغان تەشتەكتىكى ھەر خىل گۈللەر چىرايلىق ئېچىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى تارتماقتا. گىرەلىشىپ كەتكەن تۇرۇبا لىنىيىلىرى ئاستىدىكى ئاسفالت كوچىلار، يول بويلىرىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان قىپقىزىل گۈللەر ئارىسىدا دەرس تەكرارلاۋاتقان ۋەتەنىنىڭ، كېلەچىكىنىڭ ئىگىلىرى ...

قۇياش ئالتۇن تاۋاقتەك ۋاللىداپ، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ گىملىتاغ ئېتىكىگە قىزغۇچ نۇرىنى چاچتى. ئىشقا ماڭغان نېفىت ئىشچىلىرى كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ زور ئېقىم ھاسىل قىلىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا قاراپ ئاقماقتا! مانا بۇلار سەككىزمىڭ ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى

www.uyghurkitap.com

بار، 28 يېزۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش
قۇرۇلمىسىغا ئىگە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش
ئىقتىدارى 3 مىليون 300 مىڭ تونن-
دىن ئاشىدىغان، 130 خىل مەھسۇلات
ئىشلەپچىقىرالايدىغان زامانىۋى كارخانا —
مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ خوجا-
يىنلىرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى
30 غىمۇ توشمىغان، چىرايىدا تەبەسسۇم
جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ياش ئىشچى مۇ-
ھەممەت ئېلىكە ئوخشاش ئەمگەك ئىدمۇنې-
چىلىرى، ئەۋلاد تەربىيىلەش يولىدا بىر
ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن زەيتۇنە ئىزا-
مىدىن، لەتىپە ئىمىرھەسەنگە ئوخشاش
مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلى-
رىمۇ بار.

ئارقامغا قارىدىم. خىيال كەپتىرىم
مېنى يىراق ئۆتمۈشكە — 50 - يىللارغا،
شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى —
ئانا نېفىتلىك مايتاغدا ئىككى بىلىكىگە
تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئەۋلادلار
ئۈچۈن يول ئاچقان پېشقەدەم نېفىتچىلار
قوشۇنىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدي-
كى تۇنجى ئايال ماتورىست — ئايىشىخان-
نىڭ تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى مېنى
چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. مەن ئىختىيار-
سىز قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

1954 - يىل 1 - ئاي. تۈن كېچە.
ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، ئاسمانىدا يۇل-
تۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. قار - شىۋىرغانلىق
دالىدا ئاچچىق سوغۇق ئۇشقىتاتتى. بې-
شىغا قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، ئۇچى-
سىغا كۆك رەختىن تىكىلگەن شىرىق چا-
پان، پۇتىغا كالتە قونجىلىق ئۆتۈك كىي-
گەن 21 ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك
ياقىدىنا اكەلگەن بىر ئايال ئىدەمزاتسىز بۇ
چۆلدە 203 - نومۇرلۇق بورۇئايىدىكى
غۇۋا كۆرۈنگەن يورۇقلۇقنى نىشان قىلىپ
تېز - تېز كېلىۋاتاتتى. نەدىندۇر بۆرى-
نىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭ-
لاندى. ئۇنىڭ تەنلىرى شۈركىنىپ، پات-
پاتلا ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. قېلىن قار
يولنى توسۇۋالغاچقا، نىشانىنى پەرق
ئەتكىلى بولماي قالدى. ئۇ چىلىق-
چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ ئېگىز بىر
دۆڭگە يامىشىپ چىقتى. مۇشۇ دۆڭدىن
ئۆتسىلا بورۇئايغا يېتىپ بارغىلى بولات-
تى. ئۇشتۇمتۇت گۈلدۈر - غالاپ قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ دۆڭدىن جىراغا
چۈشۈپ كېتىپ قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ
قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىنى قەپەس-
تىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز سو-
قاتتى. ئۇ شۇنچە تىرمىشىپمۇ جىرادىن
چىقالمىدى. ھارغىنلىق دەستىدىن ھو-
شىدىن كېتىپ يىقىلدى.

تاڭ سۈزۈلگەندە 3 - سېمېنىدىن
چۈشكەن ئىشچىلار ئۆيلىرىگە قايتىۋېتىپ،
جىرادىكى قېلىن قارنىڭ ئىچىدە بىرسى-
نىڭ بېشى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە قار ئاستىدىكى
ئايىشىخاننى تونۇپ چۆچۈپ كېتىشتى.

— ۋۇي ئايىشىخانغۇ بۇ؟

— چاققان بولۇڭلار ئاغىنىلەر، تې-
نىقى بارمۇ - يوق، تەكشۈرۈپ بېقىڭلارچۇ.

— تىنىقى بار ئىكەن، تېز بولۇڭ-
لار، كۆتۈرەيلى.

ئىشچىلار ئايىشىخاننى كۆتۈرۈشۈپ
بورۇئايغا ئېلىپ كەلدى - دە، دەرھال
ئۆتۈكىنى يەشتۈرۈپ، پۇت - قوللىرىغا
قار تاڭدى. ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەن-
دىن كېيىن قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ماگدۇردى.

شۇ كۈنى 3 - سېمېنىغا چىقىدىغان ئايسىخان بالىسىنى ئۇخلىتىمەن دەپ يېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. بىر كەمدە چۆچۈپ ئويغىنىپ سائەتكە قارىغانىدى، ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقىتتىن توپتوغرا 20 مىنۇت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللىقاچان ئىشقا كېتىپ بولغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايسىخان يالغۇزلۇقنى باھانە قىلىپ ئىشقا بارمىسىمۇ يوللۇق ئىدى، لېكىن ئالدىنقى سېمېنىدىكى ماتورىست ئاچ قورساق، سوغۇقتا توڭلاپ يەنە سەككىز سائەت ئىشلەيدىغان گەپ. مۇشۇلارنى ئويلىغان ئايسىخان نېمە بولسىمۇ ئىشقا بېرىشىم كېرەك، ئۆمىلەپ بولسىمۇ بېرىشىم كېرەك، دېگەن نىيەتكە كەلدى - دە، ھاپىلا - شاپىلا ئىش كىيىمىنى كىيىپ، بورىۋايغا قاراپ يول ئالدى...

1947 - يىلى 14 ياشلىق ئايسىخان ئىبراھىم ئاخۇن بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ مايتاغقا چىققانىدا، بۇ يەر دەل - دەرەخ، ئۆي - ئىمارەتنىڭ تايىنى يوق قاقاسلىق ئىدى. ئايسىخاننىڭ بۇ يەرگە زادى كۆڭلى چۈشمىدى. بەزى كۈنلىرى ئىبراھىم ئاخۇن ئىشقا چىقىپ كەتكەندە يالغۇزلۇقتىن تولا يىغلاپ، قاپاقلىرى ئىشىشىپ كېتەتتى.

1948 - يىلى مايتاغ نېفىت كانىنى باشقۇرۇۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى. شىخۇدا 2 - سىنىپقىچە ئوقۇغان ئايسىخان بۇ مەكتەپنىڭ 3 - سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ ئوقىدى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. مايتاغدا قايناق يېڭى ھايات باشلاندى. ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئايسىخان ئانىسى خەلچىخانغا ياردەملىشىپ مەھەللە خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئەينى يىللىرى، بولۇپمۇ 47 -، 48 - يىللىرى مايتاغنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھەتتا ئىچىدىغان سۇمۇ ھازىرقى كۈيتۇن دەرياسىدىن قول ھارۋىسى بىلەن توشۇلاتتى. ھازىرقى ئاھالىلەر 1 - رايونىنىڭ ئورنىدا سەككىز كورپۇس، ئاھالىلار 2 - رايونىنىڭ ئورنىدا تۆت كورپۇس ئاددىي ئۆي بولۇپ ئىشخانا، ياتاق، ناۋايخانا، ئائىلىلىكلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. كاندا پەقەت 50 — 60 لا ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. ھازىرقى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئورنى بولسا بوزۇرۇپ ياتقان توزلەڭلىك ئىدى. كىچىك تىپتىكى كونا زاۋۇت ھازىرقى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ غەربىدە بولۇپ، بورىۋايدىن قۇدۇقتىن سۇ تارتقاندەك چۆگىلىتىپ ماي ئېلىناتتى. ھازىرقى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئورنى كىچىك تىپتىكى تراكتور بازىسى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا كىچىك تىپتىكى بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى، بىر چويۇنخانا، موزدۇزخانا، بىر داۋالاش پونكىتى بار ئىدى.

1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كانغا كەلگەندىن كېيىن بىرلەشمە كومىتېت قۇرۇلدى. ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال قۇدۇق كولاپ تۇرۇبا ئورنىتىپ، ئىچىدىغان سۇنى ھەل قىلدى. شۇ يىلى سوۋېتتىن نېفىت مۇتەخەسسىسلىرى كېلىشكە باشلىدى. 1951 - يىلى گۇرۇمچىدىن، يىراقتىن يوكاڭ بورىۋايدىنمۇ

بىر تۈركۈم ئىشچىلار كەلدى.

1952 - يىلى 11 - ئاي.

1946 - يىلدىن باشلاپ توختىماي قو-
يۇلغان نېفىت قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاش خىز-
مىتى يەنە باشلاندى. ئۇ چاغلاردا كاندا ئىشچى
كۈچى يېتىشمەيتتى. قىشتا بورىۋايلار-
نىڭ پار قازىنىنى ماڭدۇرۇشتا ۋاقىتلىق
ئىشچى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.
ئانىسىغا ياردەملىشىپ مەھەللە خىزمىتىنى
ئىشلەۋاتقان ئايىسخانمۇ بۇ خىزمەتكە قو-
بۇل قىلىندى. ئۇلار ئۈچ سىمېنا بولۇپ
ئىشلەيتتى، ئۆي بىلەن بورىۋاينىڭ ئار-
لىقى يىراق بولغاچقا كېچىلىك سىمېنىغا
يالغۇز مېڭىش بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى.
بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىپ يۈرگىنىنى داۋام-
لىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا سىمې-
نىغا چىقىشتا ھەمراھ بولمىسا، ئايىسخان
ئىنىسىنى بىللە ئېلىپ كېتەتتى - دە،
ئەتىسى ئىشتىن چۈشكەندە ئىنىسىنى مەك-
تەپكە ئۇلگۇرتۇپ ئېپكىلىپ قوياتتى. پار
قازىنىدا پەقەت تۆتلا ئىشچى بولۇپ،
ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپ-
تىن ئىشلەيتتى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا،
ئىشقا بېرىپ كەلگۈچە 10 سائەتتىن ئار-
تۇق ۋاقىت كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە
ئايىسخاننىڭ بەش ئايلىق بولغان بالىسىنى
ئېمىتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئانى-
سىنى 10 سائەتلەپ ئېمەلمىگەن بوۋاقنىڭ
تولا يىغلاپ ئۈنلىرى بوغۇلۇپ كېتەتتى.
بەزى كۈنلىرى بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان
خەلچىخان ئانا بالىنى كۆتۈرۈپ، ئايىس-
خاننىڭ قېشىغا ئېمىتكىلى ئېلىپ باراتتى.

1953 - يىلى 4 - ئايدا ھاۋا يىل-
لىپ، پار قازىنى ئىشتىن توختىدى.
ۋاقىتلىق قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارمۇ
ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى. ئايىسخاننىڭ
خىزمەت ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا
بۇرغىلاش ئەترىتىدە رەسمىي ئىشچىلىققا
قوبۇل قىلىنىپ، ماتورىستلارغا شاگىرت
بولدى. مانا شۇندىن باشلاپ، ئايىسخان
نېفىت ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ رەسمىي ئەزا-
سى سۈپىتىدە يېڭى ھاياتقا قەدەم
قويدى.

ماتورىستلىق خىزمىتى ئاياللارغا نىس-
بەتەن ئېغىر خىزمەت بولۇپ،
ئەتىگەندىن كەچكىچە مايغا مىلىنىپ
ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ھەممى-
ۋاسى رۇسچە بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ
سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئايىسخاننىڭ
رۇسچە، خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۆگىنىپ
ماتور تېخنىكىسىنى ئىگىلىشى قىيىن
ئىدى. ئايىسخان بىر مەزگىل ئىدىيىدە
سەل تەۋرىنىپ قالدى. ئۇ قايتا - قايتا
ئويلىنىپ، بىز ئاياللار پەقەت قازان
بېشى ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى
ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئورنى
بولمىغان، مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدا خەق-
نىڭ بالىسىنى بېقىپ ئازار يەپ چوڭ
بولغانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە بىزنى
ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، قەددىمىزنى
كۆتۈردى، يەنە تېخى بىز ئاياللارغا ئىشى-
نىپ، تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش
پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. شۇڭا ئاز - تولا
جاپا چەكسەم نېمە بوپتۇ؟ دېگەن قەت-
ئىي ئىرادىگە كەلدى. ئويلىغانلىرىنى
ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئۈچ ئاي ئىچىدىلا
تېخنىكا ئىگىلەپ، مۇستەقىل مەشغۇلات
ئېلىپ بارالايدىغان بولدى. تەشكىل
ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ماتورىست

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېكىتتى. 1954 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ تېخنىكا ئىمتىھانىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ تۆتىنچى دەرىجىلىك ماتورىست بولدى ھەم ئىككى شاگىرت ئالدى. ئايسىخان ئىككى شاگىرتى بىلەن كۆيتۇن دەرياسىدىن كانىغا سۇ يەتكۈزىدىغان ماتوردا ئىشلەپ، شاگىرتلىرىنى مۇستەقىل مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، 80 - بورىۋايغا ناسوس ماتورىستى قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ بورىۋايدا بورۇلچىك، ياردەمچى بورۇلچىك، ۋىرخۋاي، ئىككى ئىشچى، لىبوتكا ماتورىست ۋە ناسوس ماتورىستتىن ئىبارەت يەتتە كىشى بولۇپ، ناۋادا بۇلاردىن بىرەر ئىشچى ئىشقا كېلەلمىسە، زاپاس ئادەم بولمىغانلىقتىن، 16 سائەتتىن 24 سائەتكىچە ئىشتىن چۈشكىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئايسىخاننىڭ ماڭغۇدەك مادارى قالمايتتى. تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئىشچىلار قىش كۈنلىرى بوتكا ئۆيىدىكى مەشىنىڭ ئوتىدا قايناق سۇ قاينىتىپ ئىچەتتى ۋە ئۆيلىرىدىن ئېلىپ بارغان تاماقلىرىنى ئىسسىتىپ يەيتتى. ياز كۈنلىرى ئوت يېقىلمىغاچقا تاماقلىرىنى ئىسسىتىپ يېيەلمەي، سوغۇق سۇ بىلەن نان يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئايسىخان بورىۋايدا ئىشلەش جەريانىدا يازنىڭ بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىنلىرىغا، قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقلىرىغا چىدىدى. ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، تەمتىرەپ بەل قويۇۋەتمىدى، تەدبىرلىك بولدى.

1954 - يىل قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى شۇۋىرغان ئاپئاق قارلارنى ئۇچۇرۇپ خۇددى چىلبۆرىدەك ھۇۋلايتتى. مۇشۇ تاپتا دالىدا ئىشلەۋاتقان بورىۋاي ئىشچىلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يالقۇنلۇق ئوتقا نەقەدەر تەشنا - ھە؟! مانا بۈگۈن ئايسىخانىدىن سېمېنا تاپشۇرۇۋالىدىغان ئىشچى نېمە سەۋەبتىندۇر ئىشقا كېلەلمىدى. ئايسىخاننىڭ كۆكسى چەكقىلىپ ئۈچ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتتى. قورساق ئاچقانسېرى سوغۇقمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. لېكىن ماتورنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئايسىخان ئۈچىنچى سېمېنىدا داۋاملىق ئىشلەپ قالدى. قاتتىق سوغۇق تەسىرىدىن ماتورنىڭ رادىياتورى خۇددى ئايسىخان بىلەن قېرىشقاندەك توڭلاپ قالدى. بۇنى تېز بىر تەرەپ قىلمىسا، ماتورنى سوۋۇتىدىغان سۇ يېتىشمەي قىلىپ، ماتورنىڭ كۆيۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى.

ئايسىخان ماتورنى ئاجرىتىپ، ئۇنى تۆۋەن ئايلىنىشتا ماڭدۇرۇپ تۇرۇپ، رادىياتورنى پار بىلەن ئېرىتىشكە باشلىدى. بورىۋايدا ئىش توختىدى. بورۇلچىكمۇ كېلىپ ئايسىخانغا ياردەملەشتى. بىھۇدە ئۆتكەن ھەربىر مىنۇت بۇرغىنى يەر ئاستىدا قىسىۋېلىش خەۋپىنى ئاشۇراتتى. ئەگەر مۇنداق خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىپلا قالسا، بۇرغىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئاي، ھەتتا بىر نەچچە يىل ۋاقىت كېتەتتى. ھەتتا چەت ئەلدىن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇرغىلاش تۇرۇبىلىرىنى كېرەكسىز قىلىپ تاشلاپ، بورىۋايىنى باشقا ئورۇنغا يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى.

بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلاردىن كېيىن، رادىياتور ئېرىپ، ماتورنىڭ خىزمىتى

دورماللاشتى، بورىۋايدا نورمال خىزمەت باشلاندى. ئۇھ دېدى ھاردۇقى چىققان ئايىمخان يېنىك تىنىپ ۋە رادىياتورنىڭ قايتا توڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنى بىر پارچە كىگىز بىلەن چۈمكەپ قويدى. شۇ ئەسنادا بىرى ئۇنى چاقىردى.

— ئايىمخان! ناسوس ماتورى توختاپ قالدى، — دېدى ياردەمچى بورۇلچىك ناسوسخانىدىن چىقىپ.

بۈگۈن ئاخشام ئىككى ماتورىست ئىشقا كېلەلمىگەنلىكتىن، تۆت ماتورغا تەڭ قاراۋاتقان ئايىمخاننى كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن كاشىلىلار ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكىلى تاس قالدى. ماتور دەرھال ماڭدۇرۇلۇپ، سىغىمزلىق ئېرىتمە ناسوسى ئىشقا سېلىنمىسا، قۇدۇقتا سىغىمزلىق ئېرىتمە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبىلارنىڭ ئىچىدىكى سىغىمزلىق ئېرىتمە مۇزلاپ كېتىپ، تۇرۇبىلارنى يېرىۋېتەتتى - دە، ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ مېڭىۋاتقان ئايىمخان «ماتور توختاپ قالدى!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر غايىبىي كۈچ - قۇدرەتنىڭ تۈرتكىسىدە چاققان تېزلىكتە ناسوسخانىدا پەيدا بولدى. ئۇ ماتورنى ماڭدۇرماقچى بولۇپ ستاتورنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. ماتور غارقىراپ ماڭدى، لېكىن ئوت ئالمىدى. ئايىمخان خېلى ھەپىلەشىپ، ئاخىرى تۇرۇبا ئىچىدىكى سالياركا توڭلاپ قالغانلىقتىن، ماتورغا كېرەكلىك يېقىلغۇ ماي يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. سالياركا قاچىلانغان باكتىن ماتورغا ئۇلانغان 20 — 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ماي تۇرۇبىسىنىڭ توڭلاپ قالغان قىسمىنى تېپىپ ئېرىتكۈچە

بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مايىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئايىمخان ماتورنى ئوت ئالدۇرماقچى بولۇپ، ستاتورنىڭ كۇنۇپكىسىنى باسقانىدى، ئاككۇمۇلياتورنىڭ توكى يەتمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى پەقەت ئاككۇمۇلياتورنى ستاتورغا يېقىن ئەكىلىپ، 48 ۋولتقا چېتىپ، تەلەي سىناپ بېقىشلا قالغانىدى، بىراق تېخنىكا قائىدىسى بويىچە ئادەتتىكى ماتورىستلارنىڭ مۇنداق مەشغۇلات قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. باشقا بورىۋايلاردىن ئاككۇمۇلياتور ئېلىپ كېلىشكە ۋاقىت يار بەرمەيتتى، ئەگەر ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، بورىۋاينىڭ توڭلاپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. سۆكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ بورىۋاينى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ ئويلىغان ئايىمخان ئاككۇمۇلياتورنى 48 ۋولتقا چېتىپ، توكنى ستاتورغا بىرلا ئۇرغانىدى، ماتور گۈر قىلىپلا ئوت ئالدى. ئۇ دەرھاللا ماتورغا گاز بېرىپ، ناسوسنى ئىشقا سالدى. سىغىمزلىق ئېرىتمە تۇرۇبىلار ئارقىلىق قۇدۇق ئىچىگە ئۆرۈلۈپ، ئايلىنىپ چىقىپ، سىغىمزلىق ئېرىتمە ئېرىقلىرىدا شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇرغىلاش ساداسى قايتا ياڭرىدى! بورىۋاي بىر قېتىملىق چوڭ خەتەردىن ساقلاپ قېلىندى. سەھەردە سېمېنا تاپشۇرۇۋالىدىغان ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن ئۇستام بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا:

— يارايسىز ئايىمخان! ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! — دېدى.

شۇ يىلى 3 - ئايدا ئايىمخان شەرەپ

www.uyghurkitap.com

بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىردى.

يازنىڭ تونۇردەك ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى. قۇياش خۇددى ئوت شارىغا ئوخشاش ئەتراپىنى قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. ئايسىخاننىڭ سېخىنىسىدا گاز پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئوت 24 سائەتكىچە كۆيدى. ئايسىخان ئەر ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە سېمونت خالتا كۆتۈرۈپ، ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتناشتى. ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشتىن قايتقان ئايسىخان يول ئۈستىدە يىغلاپ كۆكرىپ كەتكەن بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان خەلچىخان ئانا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئانىنىڭ كۆزى ياشقا تولغانىدى، بالىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، خىجىللىقىنى يوشۇرالمىغان ئايسىخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا گۇناھكارلارچە بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسى ئىدى.

7 - ئايدا 130 - بورىۋاي قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى بورىۋايلاردىكى تېخنىكىسى يۇقىرى، خىزمەتتە ئاكتىپ ئىشچىلار تاللىنىپ، «ياش زەربىدارلار ئەترىتى» تەشكىللەندى. ئايسىخان بۇ ئەترەتتە ناسوس ماتورىستى بولدى. شۇ كۈنلەردە ئايسىخانلارنىڭ سېخىنىسى بىر سوتكىدا 130 مېتر بۇرغىلاپ، مەملىكەت بويىچە يۇقىرى رېكورت ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئەترىتىگە «قىزىل بايراقدار زەربىدار ئەترەت» دەپ نام بېرىلدى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئايسىخان كېچىلىك سېخىنىدا ئىشلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىز لىبوتكا ماتورى توختاپ قالدى. ئايسىخان تەكشۈرۈش ئارقىلىق سالىيارقا تۇرۇبىسى توڭلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. پار بىلەن ئېرىتىشكە ۋاقىت يار بەرمەيتتى. ئۇ كىچىك بىر تۇرۇبىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، سالىياركىنى سۈمۈرۈپ كاچات قىلىش ئارقىلىق ماتورنى ئوت ئالدۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكتىن، ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى.

ئايسىخاننىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىكار كەتمىدى. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى «خەلق گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلدى. يۈمەن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئايسىخاندىن ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يېزىشتى. 1954 - يىلى يەنە بۇرغىلاش باشقارما مايتاغ كان رايونلۇق كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى ئايسىخانغا «نەمۇنىچى ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دەپ نام بەردى ھەم ئۇنى مۇكاپاتلىدى. 1955 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. شۇ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

ئايسىخان 203 - بورىۋايدا ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ناسوس ماتورىنىڭ سىلىندىرى بۇزۇلۇپ قىلىپ، ئۇنى مانتيور رېمونت قىلىۋاتاتتى. ئايسىخان بولسا ماتورنى توختاتماستىن ئاستا خوتىيا ماڭدۇرۇۋاتاتتى. چۈش بولغاندا مانتيور ئايسىخانغا ماتورنى توختاتماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ، تاماققا كېتىپ قالدى. ماتور قىزىپ كېتىپ، گرادۇسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، سۇ قايناپ كەتتى. ئەگەر ماتور توختىتىلسا، پاچىمىنىك كۆيۈپ كېتىدۇ. ماتورنى توختاتماي تۇرۇپ سۇ

قويۇشقا بەك بولمايدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ماتورنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىغان ئايسىخان ماتورنىڭ ئۈستى كىردىشكىسىنى ئاچقاندىن كېيىن ئەمدىلا رادىياتورنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغا پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان سۇ چاچراپ چىقىپ، ئۇنىڭ پۈت قوللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئايسىخان بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپ، چېلەكتىكى سوغۇق سۇنى ئاز - ئازدىن قۇيۇپ قايناۋاتقان سۇنى سوۋۇتۇۋالغاندىن كېيىن، رادىياتورنىڭ ئاغزىنى يېپىۋالدى. چۈشتىن كېيىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مانتيور سەل كايىغان قىياپەتتە:

— ئايسىخان، جېنىڭىز بىلەن ئويناشسىڭىز بولامدۇ؟ ماتور كۆيۈپ كەتسىمۇ يەڭگۈشلىگىلى بولىدۇ، لېكىن هاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچرىسا ئائىلىڭىزدىكىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ — دېدى ۋە ئۇنى دەرهال دوختۇرغا ئەۋەتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش قەغىزى بەرگەنىدى، لېكىن ئۇ يارام ئۇنچە ئېغىر ئەمەس، دەپ ئۈچ كۈن دەم ئېلىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

1955 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيە تەشكىلى ئايسىخاننى خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كادىرلىققا ئۆستۈردى. ئايسىخان ئۆزى چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت باغلاپ ئىشلەۋاتقان تېخنىكىلىق خىزمەتتىن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىدە (بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى) ئارخىپ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئايسىخان ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئىدارە، ئورگانلاردا پۈتۈنلەي دېگۈدەك رۇسچە، خەنزۇچە تىل - يېزىق قوللىنىلاتتى. بۇ خىزمەت تېخنىكا خىزمىتىگە قارىغاندىمۇ ئىنچىكە ئىشلىنەتتى. ئايسىخان ئىزچىل تۈردە ئۆزلۈكىدىن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان بولدى.

1956 - يىلى 5 - ئايدا تەشكىل ئايسىخاننى ئىنسپېكتور قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىرلاشتى. بورىۋاي باشقارمىسىدا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. بۆلۈمدە پەقەت ئىككىلا مىللىي كادىر بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ھاراق ئىچىپ ماجىرا تۇغدۇرۇش، خىزمەتكە كېچىكىش، بالدۇر قايتىش، سەۋەبسىز ئىش تاشلاشتەك ئەھۋاللار داۋاملىق سادىر بولۇپ تۇراتتى. ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن، خىزمەت تەجرىبىسى كەمچىل ئايسىخان ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش ئاسان چۈشمەيتتى. ئايسىخان بىر تەرەپتىن، كەچ كۇرسلاردا ئوقۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزدىنىپ نەزەرىيە ئۆگىنىپ، سىياسىي ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى. مايتاغ كان رايونىدىن بىر تۈركۈم كادىرلار تارىم كان ئىدارىسىگە يۆتكىلىدىغان بولدى. كان پارتكوم شۇجىسى

ئايسىخاننى چاقىرتىپ، تارىمغا بارالايدىغان - بارالمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ قەتئىي قىلىپ بارالايمەن دېدى. لېكىن ئىبراھىم ئاخۇن ئايسىخاننىڭ تارىمغا بېرىشىغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئايسىخان ئانىسى خەلچىخان بىلەن بىرلىكتە ئىبراھىم ئاخۇنغا قايتا - قايتا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى ماقۇل كەلتۈردى.

ئايسىخان ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. مايتاغ، قاراماي ۋە نۇرباغدىن تەشكىللەنگەن 70—80 كادىرغا شىنجاڭ نېفىت تېخنىكوم ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىلەن ئايسىخان قاتارلىق ئۈچ يولداش يېتەكچىلىك قىلىپ ماڭدى. 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلار تارىم كان ئىدارىسىگە يېتىپ باردى. بۇ يەر توپا-تۇمانلار توزۇپ تۇرىدىغان چۆلنىڭ ئۆزى ئىدى. كان ئىدارىسى پەقەت تۆتلا كورپۇس بولۇپ، كۈندۈزى ئىشخانا، كەچتە ياتاق قىلىناتتى.

ئايسىخانلار چېدىردىن ياسالغان ياتاقتا ئورۇنلاشتى - دە، بىر - ئىككى كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن جىددىي ئەمگەككە كىرىشىپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەرلەرنى تۈزلەپ يول ياسىدى. كېسەك قۇيدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن نېفىت ئىدارىسىدىن رەھبەرلەر كېلىپ، قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى قۇردى. بۇ ئەترەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇرۇلۇش قىلىش، ئاندىن قالسا پولات تاۋلاش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى. ئايسىخان يەنىلا ئادەم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

ئەترەتتە مىڭغا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، پەقەت 15 لا كادىر بار ئىدى. ئايسىخان بىلەن بىللە بارغان 70—80 كادىردىن 7 - 8 ى ئىدارىدە ئىشلەپ قېلىندى، قالغانلار پولات تاۋلاشقا كەتتى. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوبۇل قىلىنغان شاگىرت ئىشچىلار بولۇپ، ئايلىق مائاشى ئاران 35.00 يۈەن ئىدى. بۇ پۇل ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئارانلا يېتەتتى، بەزى ئىشچىلار مائاشىنى يەتكۈزەلمەي قېيداپ ئىشقا چىقماي يېتىۋالاتتى. ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بېرىدىغان ئۇيۇشما تەشكىلىمۇ يوق ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئايسىخان ئىشچىلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى. بەزىلىرىگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تاماق بېلىتى ئېلىپ بەردى. ھەر كۈنى 30—40 ئىشچى ئالمىشىپ پولات تاۋلاشقا ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئاشلىق ۋە نوپۇس رەسمىيەتلىرىنى ئايسىخان ئاقسۇغا بېرىپ ھەل قىلىپ كېلەتتى. رەسمىيەت بېجىرىلمىگەندە، ئەقەللىسى تاماق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ماشىنا قىس بولغانلىقتىن، ئايسىخان نۇرغۇن يوللارنى پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇ يەنە بەزىدە ئىشچىلار بىلەن ئەمگەككە قاتنىشاتتى، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى تارقىتاتتى. ئايلىق، يەسلىلىك، يىللىق ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى ئىشلەيتتى، ئومۇمەن ئۇ قايسى ئورۇندا ئادەم يېتىشمىسە شۇ يەردە ھازىر بولاتتى. ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى تاللىماي ئىشلەيتتى.

1959 - يىلى 2 - ئايدا نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايسىخان بىلەن بىللە تارىمغا بارغان بىر تۈركۈم كادىرلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇردى. باشقىلار بىر - بىرلەپ - قايتتى. لېكىن تارىم كان ئىدارىسى «ئايسىخان

مۇشۇ ئورۇندا قالسا» دەپ يۇقىرىغا ئىلتىماس قىلدى. كېيىن ئىدارە رەھبەرلىكى ئايسىخاننى تېز قايتۇرۇڭلار، دەپ تېلېگراما يوللىغاندىن كېيىن، ئامالسىز ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى.

تارىمدىن قايتقاندىن كېيىن ئايسىخاننى تەشكىل بۇرغىلاش باشقارمىسىغا تەقسىم قىلدى. باشقارما چىمگو دېگەن يەردە ئىدى. ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ جاپالىق بولۇپ، بورىۋايلارنىڭ ئارىلىقلىرى يىراق، ئىشخانا، ياتاقلارنىڭ ھەممىسى چېدىر ئىدى. كۈندە دېگۈدەك يامغۇر يېغىپ تۇرغاچقا، يول يۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى. سۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ، ماشىنا بىلەن توشۇلىدىغان سۇ پەقەت ئاشخانىغىلا بېرىلەتتى. قىش كۈنلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يۈز - كۆزلىرىنى قار بىلەن يۇيۇشقا مەجبۇر ئىدى. يازدا يامغۇر يېغىپلا تۇرغاچقا، رېزىنكە ئۆتۈكتىن ئايرىلغىلى بولمايتتى. ئىشچىلارنىڭ كۈنى نەملىك ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئايسىخان ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئاز بولمىغان جاپالارنى چېكىپ، ئاددىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. بارلىقىنى ۋەتىنىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىگە بېغىشلاپ، بالام، ئۆيۈم دېمەي، مايتاغ، تارىم، قىزىلتاغ قاتارلىق نېفىتلىكلەردىكى چۆل - جەزىرە، تاغ - باياۋانلاردا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن داللاردا ھازىر نېفىت فونتانلىرى ئېتىلىپ چىقىپ، زامانىۋى شەھەرلەر قۇرۇلدى. ئايسىخان چۆلدە ئېچىلغان گۈل سۈپىتىدە ئاشۇ نېفىتلىكلەرنىڭ تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالدى.

# ناماقۇللۇق

(ھېكايە)

ئايگۈل كېچىلىك سېمىنىدىن چۈشۈپ، ئۆيىگە بەكمۇ ھارغىن قايتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆز جىيەكلىرى ئېچىشىپ، بېشى زىڭىلداپ، چېكە تومۇرلىرى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. ئۇستىخانلىرىمۇ ئۆگە - ئۆگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا بىنانىڭ 4 - قەۋىتىدىكى ئۆيىگە چىقىپ بولغىچە ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى دىلشات ئىشىكنى ئېچىپلا چاڭىلداپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاپا، ئاپا، تۈنۈگۈن سەن ئىشقا كەتكەندە ئۆيگە دادامنىڭ ئاغىنىلىرى كېلىشتى، ئۇلار كېچىچە ھاراق ئىچىشتى...

— جىم...— ئايگۈل بېگىز بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، دىلشاتنى سۆزلەشتىن توختىتىۋالدى،— بۈگۈن داداڭنىڭ دەم ئېلىش كۈنى، ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەيلى، ئوبدانراق ئارام ئالسۇن.

— ئايگۈل! ھەي ئايگۈل!

ئۇردۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك قوپال ھەم بوم ئاۋازى ئايگۈلنى چۆچۈتۈۋەتتى.

uyghurkitap.com

— ھە، مانا مەن.

ئايگۈل قولىدىكى قاچىنى شىرە ئۈستىگە قويدى-دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۈشتۈمتۇت چاڭ قىلىپ تەگكەن شاپىلاق بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئايگۈل قول ياغلىقى بىلەن ئاغزى-بۇرنىنى مەھكەم توتقىنىچە نۇردۇنغا چەكچىيىپ قاراپلا قالغانىدى. نۇردۇننىڭ قارامتۇل چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، غەزەپلىك كۆزلىرى ئايگۈلگە مىختەك قادالدى.

— ھۇ ئاناڭنى... تېنىڭگە ئىشقا كىتىپ، بۈگۈن كىلەمسەن؟ ھە دىسىلا سىختا ئۇنداق ئىش چىقىپ قالىدى، مۇنداق مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى، دەيسەن، سىنىڭ راست، دەپ قويسام بېشىمغا دەسسەي دەۋاتامسەن؟ مەن دىگەن ئەر جۇمۇ، ئانام مىنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، ئاڭلاپ قوي، بۈگۈندىن باشلاپ نىمە دىسەڭ ماقۇل دەپ تۇرۇۋەرمەيمەن.

نۇردۇننىڭ كىيىنكى سۆزلىرى ئايگۈلنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغانىدى.

نۇردۇن ئايگۈلنى پۇخادىن چىققۇچە تىللىغاندىن كىيىن، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئايگۈل تامغا يۆلەنگىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كىيىن ئاستا-ئاستا ھوشىنى يىغىۋالدى، ئۇنىڭ ئوغلى دىلشات بىلەن بەش ياشلىق قىزى زۇلپىيە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋېلىپ ئۈنسىز يىغلىشىۋاتاتتى. ئۇ دىلشاتنى مەكتەپكە يولغا سالدى. قىزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ باغرىغا باستى. پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، مىھمانخانا ئۆيدىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى. خورلۇقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، ئېڭەكلىرى جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.

ئايگۈلنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ئارام ئالغۇسى كەلمىدى. بېشىغا ھاۋارەڭ گۈللۈك ياغلىقىنى چىگىپ، بىلىگە پەرتۇق تارتىپ، ئۆينى تازىلاشقا تۇتۇندى. ئۈستەلدىكى تەخسە، پىيالىلەرنى، رومكىلارنى يىغىشتۇردى، يەردىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى سۈپۈردى.

ئۇ، نۇردۇننىڭ نىمىشقا بۇنچىلىك قوپاللىق قىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈنلا قوپاللىق قىلدى، دىگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرىمۇ ھاراق ئىچەتتى، لىكىن، قوپاللىق قىلمايتتى. ئايگۈل چوقۇم ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئايگۈل ئېرىگە ئەھۋالنى سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولدى:

— نۇردۇن، سىز نىمىشقا مۇنچىۋالا چىچىلىسىز؟ مەن ئاخشام ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا...

ئايگۈل ئەمدىلا گەپ باشلىۋىدى، نۇردۇن قولىدىكى تەخسىنى شىرە ئۈستىگە تاققىدە قويۇپلا چىقىپ كەتتى. ئايگۈلنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، يەر-ئاسمان قوشۇلۇپ ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىندى.

تونۇگۈن چۈشتىن كىيىن نۇردۇننىڭ بىر توپ ئاغىنىلىرى مىھمان بولۇپ كىلىشكەنىدى. نۇردۇن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھەش-پەش دىگۈچە بىرنەچچە خىل قورۇما تەييارلاپ ئۈستەلگە

ئمزدى، ئېسىل هاراقلىرىنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن هاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى.

شۇ سورۇندا قۇربان ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ دائىم جېدەل چىقىرىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭغا جودا دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى.

— هوي ئاداش، ئابايا مەن ساڭا تاماقنىڭ گېپىنى قىلسام، ئالىدىرىما، ئايگۈل ئىشتىن كەلسۇن، دەۋاتاتتىڭ، باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرى سەككىز سائەت ئىشلىسە، سىېنىڭ خوتۇنۇڭ بىر سوتكىا ئىشلەمدۇ-نېمە، — دېدى قۇربان جودا رومكىسىدىكى هاراقنى غورتتىدە يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. نۇردۇن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چاقچاقتا بۇراپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن قۇربان جودا توختاپ قالمىدى.

— نۇردۇن، مەن سېنىڭ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، خوتۇنۇڭ مۇشۇ چاقىقىچە قايتىپ كەلمىسە بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرۈۋېرەمسەن؟ ئويقۇڭنى ئاچ جۇمۇ، ئات ئايلىنىغا، يول سارىىغا بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

نۇردۇن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، قۇرباننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تەگكەنىدى.

مېهمانلار كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى، ئۇ خوتۇنىنى راسا ئەدەبلەپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويغۇسى بار ئىدى. لېكىن توي قىلغاندىن بېرى خوتۇنىغا قول تەگكۈزۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر شاپىلاق ئۇرۇپلا توختاپ قالغانىدى.

نۇردۇننىڭ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىغا بىر نەچچە سائەت بولغانىدى. تويۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ، پېشقەدەم ئىشچى ئەخمەت ئاكا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەهۋالىڭ ئوكا؟

— كېلىڭ ئەخمەت ئاكا، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ.

ئەخمەت ئاكا ئايگۈلنىڭ سېمېنا باشلىقى بولۇپ، مۇشۇ ئاهالىلەر رايونىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېشى 50 كە يېقىنلىشىپ قالغىنىغا باقماي، چىرايىدىن ساغلاملىق، خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. ئىشتا ياشلاردىن قېلىشمايتتى. باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. شۇڭا، مەهەللىدىمۇ، سېختىمۇ هەممە ئادەم ئۇنى هۆرمەتلەيتتى.

ئەخمەت ئاكا كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئايگۈلنى سورىدى.

— هېلى بار ئىدى، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتىمىكىن، چاقىرايمۇ؟

— ياق، بولدى، چاقىرىپمۇ يۈرمىگىن، ئايگۈلنىڭ ئەهۋالى قانداقراق؟

نۇردۇننىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

— خېلى ياخشى.

— هە، مەن تېخى ئاغرىپ يېتىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەخمەت ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە تۈنۈگۈن ئايگۈل قاتتىق يۆتىلىپ بەكمۇ بىئارام بولغان. قېرىشقاندەك ئۇنىڭدىن سېمېنا تاپشۇرۇۋالىدىغان ياش ئىشچى تۈرگۈن تويۇقسىز ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىشقا كېلەلمىگەن. باشقا زاپاس ئادەم بولمىغاچقا ئەخمەت ئاكا ئايگۈلنى تۇرغۇننىڭ ئورنىدا يەنە بىر سېمېنا ئىشلەشكە

ئورۇنلاشتۇرغان.

نۇردۇن ئەخمەت ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۆزىنىڭ ئايگۈلگە قىلغان قوپاللىقىنى ئويلاپ بەكمۇ بىئارام بولدى.

ئەخمەت ئاكا سائەتكە بىر قاراپ ۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى، بۈگۈن پەقەت ئايگۈلنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، نۇردۇن بىلەن خوشلاشتى.

ئەتىگەندە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن ئايگۈلنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، رەڭگى - رۇخسارىدىن قىزىللىق ئۆچكەنىدى. پۇت - قوللىرىمۇ سىقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ قېيىن ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى. قېيىن ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىغا بىر نەچچە ئاي بولغانىدى. ئايگۈل ئۇنىڭ دورىلىرىنى ئىچكۈزۈپ قويىدى. كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بەردى. ئۆيلىرىنى تازىلىدى، ئۇ، نۇردۇننىڭ ئەتىگەنكى قىلىقلىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىغانىدى. شاپىلاق تەگكەن مەڭزىنى پات - پاتلا سىلاپ قوياتتى.

تام سائىتىنىڭ جاراڭلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ، بۇرۇلۇپلا سائەتكە قارىدى. ئۇنىڭ سىمېنا تاپشۇرۇۋېلىشىغا پەقەت 40 مىنۇتلا ۋاقىت قالغانىدى. ئۇ قېيىن ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ۋېلىسىپىتكە مىندى - دە، ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئەمدى ئۇ تاماق تەييارلىۋېلىشقا زادىلا ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇڭا تاماق قاچىسىغا بولكا ۋە پىرەنىكلەرنى سېلىۋالماقچى بولدى. ئۇ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىسسىق قازان كاۋىپى قاچىلانغانىدى. ئايگۈل ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى. نۇردۇن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

گۈلباھار سىدىق

# كۆيۈۋاتقان شام

(ھېكايە)

ياخشىمۇسەن، نىگارئاي؟

دوستۇم، ئېسىڭدىمۇ؟ بىر چاغلاردا مەن ساڭا قايسىبىرىنىڭ ھالىنى ئېيتىپ بېرىپ، نىگار، تۇرمۇش نېمانچە مۇرەككەپ، ھايات نېمانچە سىرلىقتۇ؟ دېگىنىمدە، سەن ماڭا: چىنار، ئاشۇ تۇرمۇشنى مۇرەككەپلەشتۈرگەنمۇ، ھاياتنى سىرلىقلاشتۇرغانمۇ ماڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئادەملەر، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ. شۇ چاغدا بۇ گەپنى بەكمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەنسەن. مانا ھازىر مەن ئاشۇ ئادەملەر تەرىپىدىن مۇرەككەپلەشكەن تۇرمۇش قايناملىرىدا، ھاياتنىڭ سىرلىق سىناقلىرى ئىچىدە تېڭىرقىماقتىمەن.

دوستۇم، شۇ تاپتا مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىشكە ئالدىرا-

ۋاتقانسەن؟ بولىدۇ، مەن ساڭا سەن تەتىلنى تۈگىتىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۇھ، دوستۇم، شۇ تاپتا چىنارلىق گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئالقانلىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى.

— چىنارگۈل ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

يان ئۆيدىن كىرىپ كەلگەن ئاپامنىڭ ئاۋازى مېنى خىيال دېڭىزىدىن سۇغۇرۇۋالدى، ئاپام ئۆيگە كىرىپ مېنىڭ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ كايىپ كەتتى:

— قارا سېنى، تېلېۋىزور تۈگەپ، پۈتۈن بىنادىكىلەر ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە كىتاب - دەپتەرلەر ئارىسىدا بول، كەچتىمۇ بىردەم ئارام ئالماي يەنە قولۇڭغا قەلەم ئېلىۋاپسەنغۇ؟ جېنىڭنى ئېتىزلىقتا تېرىۋالغانمىدىڭ؟ بۇ چاغقىچە ئۇخلىمىساڭ ئەتە ئۇيقۇسىز قانداق دەرس بېرەلەيسەن؟! قوپ ئورنىڭغا بېرىپ ئۇخلىغىن!

ئاپام مەقسەتلىك هالدا ئۈستەل چىرىغىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆينى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ لامپۇچكىسى كۆيۈپ كېتىپ تېخى ئالماشتۇرمىغانىدۇق. تونۇگۈندىن بۇيان ئۈستەل چىرىغىدىن پايدىلىنىۋاتقانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلدىم. خۇداغا شۈكرى، تەلىيىمگە تېخى ئىشلىتىلمىگەن بىر تال شام تېپىلدى. شامنى ئالدىمغا قويۇپ سەرەڭگە ياقتىم، ئۆي ئىچى پاللىدە يورىدى. ئۇھ! مەن يېنىك تىنىدىم. ئۈستەلدە تىك تۇرۇپ كۆيۈۋاتقان شامغا قارىغىنىمچە خىيالغا پاتتىم.

قارىغىنا دوستۇم، شام جىمجىت قاراڭغۇ تۈندە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پىلىكى كۆيۈپ كۈل بولماقتا، جىسمى ئوتىنىڭ هارارىتىدىن ئېرىپ تۆۋەنگە ئاقماقتا. بەزىدە ئېقىپ شامنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپلا قېتىپ قالماقتا. شامنىڭ بۇ هالىتى قىزلارنىڭ غۇبارسىز يۈرىكىنىڭ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي، مىسكىن كۆزلىرىدىن تۆكۈۋاتقان ياشلىرىنىڭ مەڭزىدە تۇرۇپ قالغان ۋاقتىنى ئەسلىتىدۇ. دوستۇم، شۇڭا مەن كۆيۈۋاتقان شامنى قىزلار قەلبىدىكى يوشۇرۇن مۇهەببەت دەپ جاكارلايمەن.

كۆيۈۋاتقان شام... مۇشۇ كېچىلەردە يەنە قانچىلىرى نەلەردە كىملەر ئۈچۈن كۆيۈۋاتقاندۇ، هە؟! دوستۇم، خېتىم ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ سىر ساقلىيالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان خۇشاللىق ۋە ئازابىمنى بۇ خېتىمدە بايان قىلماقچىمەن.

سېنىڭ قىشلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىنىڭ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىمىز ئىلدارنىڭ قارامايدىن خىزمىتىنى يۆتكەپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن دىلىزاتىنىڭ دوستلارغا ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگەن كۈنى ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ كۈنى بىز ئىلدار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزدىكى قىزىق ئىشلارنى ئەسلەپ قاتتىق - قاتتىق كۈلۈشتۇق. تانسا باشلىنىش بىلەنلا ئىلدار بىرىنچى بولۇپ مېنى تانسىغا تارتتى. بىز ۋالىسقا لەرزان پىرقىرىدۇق. راست گەپنى قىلسام مەن تانسا ئويناشنى

بىلگەنىدىن بۇيان تانسا ئويناشنىڭ راھەتلىكىنى شۇ كۈنى ئاشۇ تانسىدىلا ھېس قىلغانىدىم. ئىلدار ۋالىسنى بەكمۇ ياخشى ئوينايدىكەن. ئۇ تانسا ئويناپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قەددىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپقا پەرۋاسىزلارچە قاراپ يېنىك پىرقىراتتى. ئاھ!... ئاشۇ كۈنى بىز نەقەدەر خۇشال ئىدۇق - ھە؟!

شۇ كۈنى مەن خۇشاللىقتىنمۇ ئىشقىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىغانىدىم. سەن ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن دوستلار ئارا ئولتۇرۇشلار داۋاملىشىپ تۇردى. بۇ ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئىلدار ھە دېسىلا ماڭا يېقىنچىلىق قىلدى. تانسا باشلانسىلا مەيداننى بىز كۆتۈرىگە ئالغاندەك مەيداندىن چۈشمەي ئوينايتتۇق. بالىلارچە قىلىقلارنى قىلىپ قانغۇچە كۈلەتتۇق. قايتقاندا ئىلدار تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەھەللەمگىچە ئاپىرىپ قوياتتى، يول بويى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ مېنى تېلىققۇچە كۈلدۈرەتتى. شۇنداق ئارىلىشلار مېنى ئىلدارغا بارغانچە يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئىچىپ ئېيتىشقا بولمايدىغان نازۇك نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن كۈتۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى ئىلدارنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىلغان گەپ - سۆزلىرى ۋە مەنىلىك قاراشلىرى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايمەن. مۇرادىللارنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىللە قايتتۇق. ئېلېكتر چىراغ نۇرىدا يورۇپ كەتكەن يولنى بويلاپ ئۈنسىز كېتىپ بارىمىز. بۇ سۈكۈتتە مەن چىداپ تۇرالماي جىمجىتلىقنى بۇزدۇم:

— ھەي، — دېدىم مەن جەينىكىم بىلەن ئۇنى نوقۇپ، — گەپ قىلغاچ ماڭە!

— ھەي، چىنار، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بېشىم قېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ، كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ.

يۈرىكىم يوشۇرۇن بەختتىن تىترىدى.

— بېشىڭنى قاتۇرۇپ كەتكۈدەك نېمە گەپكەن ئۇ؟

— دوستۇمنىڭ ھاۋالىسى...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. بەختتىن ئالدىراپ خۇش بولغان يۈرىكىم ئېگىز ياردىن چۈشۈپ كەتكەندەك ئېغىپ كەتتى، بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.

— چىنار، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، بۇنى بىلىسەن، دىلزات خېلى بۇرۇنلا ساڭا تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقانىكەن، مەن بۇنىڭدىن بۈگۈنلا، پەقەت بۈگۈنلا خەۋەر تاپتىم. دىلزات شۇ گەپلەرنى قىلىپ سەن چىنار بىلەن يېقىن، يەنە بىر گەپ قىلىپ باقساڭ، دەپ بىچارىلەرچە ھال تۆكتى. دوستۇمنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، شۇڭا مەن دىلزاتقا...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىم قېيىپ، پۇتلىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن تەستە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— چىنار، بىر نەرسە دېمەمسەن؟

— سېنىڭچە نېمە دېسەم بولار؟

ئۇ ھودۇقتى.

— بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆمۈر سودىسى، بۇنى ئۆزۈڭ ئويلىشىڭ كېرەك. مېنىڭچە دىلزات بولىدىغان يىگىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغان، بىلىمى بار،

— بولدى قىل! — مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم، — سەن ئۇنى چۈشەندۈرمىسەڭمۇ، مەن ئۇنى تولۇقى بىلەن چۈشىنىمەن. ئۇناڭ بىلەن باشلانغۇچتىن تا سىفەنگىچە بىرگە ئوقۇدۇم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەن، بۇنىمۇ بىلىمەن.

— ئەمىسە ئۇنڭغا نېمانچە قاتتىقلىق قىلىسەن؟

— مەن ئۇنڭغا قاتتىقلىق قىلمىغىنىم ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتچە ئارقامدا يۈرىدىغاندۇ؟

— ئۇنى قىينىمىغىن، ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

— ماڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىپتىكەن؟ مەنمۇ سېنىڭ نەچچە يىللىق ساۋاقدىشىڭغۇ؟ ئۇنڭغا ئىچىڭ ئاغرىيدىكەن، ئەجەب ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمايدىكەنغۇ؟!

ئۇ كۆزلىرىمگە قارىدى، ئۇنىڭ مەنزۇرلۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بۈگۈن قانداقتۇر بىر خىل غەمكىنلىكنىڭ شولىسىنى كۆردۈم. بەلكىم ئۇمۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ھەسرىتىمنى سەزگەندۇ.

— چىنار سەن، نېمىگە ئازابلىنىسەن؟

— مەنمۇ ئادەم تۇرسام، مېنىڭمۇ ئازابىم ۋە خۇشاللىقىم بولىدۇ-دە.

— چىنار، باغرى تاشلىق قىلما، كېيىن قىساسىغا قالىسەن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەدىنىم تىكەنلەشتى.

— راست دېدىڭ ئىلدار، كېيىن ئەمەس ھازىرلا تارتىۋاتقان قىساسىمۇ ئاز ئەمەس!

— گەپلىرىڭ سىرلىققۇ؟

— ئادەملەر مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتسا.

— سىلەر قىزلار نېمە ئۈچۈنكىن ئۆزۈڭلارنى سىرلىق تۇتۇۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنىمۇ، باشقىلارنىمۇ قىينايسىلەر.

— سىلەر ئوغۇللارمۇ ئۆزۈڭلارنى ئاجايىپ ئۇلۇغ بىلىپ ئۆز غۇرۇرۇڭلار بىلەن شەخسىيەتچىلىكىڭلارنىلا ئويلايسىلەر. قىزلاردىمۇ كۆڭۈل دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى، چوقۇم ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىيالايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ قويمايسىلەر، مەن بۇرۇنلا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن! — دېدىم. ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىققىچە كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. شۇنچە غەيرەت قىلساممۇ ھېسسىياتىم ئىرادەمدىن غالىپ كەلدى، كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياش يۈزۈمنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— چىنار، نېمىگە يىغلايسەن؟ — ئۇ ئەنسىز سورىدى.

مەن جاۋابسىز ياش تۆكۈۋەردىم.

— سىلەر قىزلار ئۆز ھېسسىياتىڭلارنى يوشۇرىسىلەر، دەردىڭلارنى كۆز يېشىڭلارغىلا زورلايسىلەر، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟

— توغرا دېدىڭ، بىزنى رېئال تۇرمۇشتىكى قائىدىلەر شۇنداق ياشاشقا ئادەتلەندۈرگەن، بىز ساپ ھېسسىياتىمىزنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئاشكارىلاپ قويساق، ئۆز قىممىتىمىزنى چۈشۈرۈپ، نەزەرىڭلاردا ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ، مۇھەببىتىمىزنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىمىز. كونىلاردىن قالغان «قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ» دېگەن ماقالمۇ شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

تېپىمەك مىسالىغۇ؟

بىز ئاساسىي تېمىدىن ھالقىپ، قىزلار ۋە ئوغۇللار توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇق. بىز تەڭلا سۆزدىن ۋە مېڭىشتىن توختىدۇق، ئىلدار ماڭا غەمكىن كۆزلىرىنى تىكتى ۋە تېزلا كۆزىنى باشقا ياققا يۆتكەپ:

— ئەمىسە دىلزاتنىڭ تىكلىپىنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقارسەن،— دېدى.

مەن كەسكىنلا:

— ئەمدى ئويلىنىشىدىغان يېرى يوق!— دېگىنىمچە خوشمۇ دېمەي بىناغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتىم. دەرمانسىز قوللىرىم بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆز ھوجرامغا كىردىم-دە، ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاپ يىغلىدىم. يۈرىكىم «چىنار، يىغلىۋال، ئىچىڭ بوشىغىچە يىغلىۋال، مەن ازابتىن قۇتۇلاي، مېنىڭ غۇبارسىز تېم جاراھەتلەنمىسۇن!» دەپ خىتاب قىلاتتى. مەن ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟ راست ئوخشايدۇ. بولمىسا يۈرىكىم بۇنچە ئازابلانماس ئىدى. ئاھ، خۇدا! مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇ مېنى باشقا بىرىگە زورلاۋاتىدىغۇ! ئۇچۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ياق! بۇنداق بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆزى باشتا مەندە مۇشۇنداق... خۇدايىم ئۇ نېمە ئۈچۈن دىلزاتقا ئەلچى بولۇپ كېلىدۇ؟ دۇنيادا بۇندىنمۇ ئېغىر ئازاب يوقتۇ نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز ئىشلار بۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئازاب چەككەن كۈنۈم ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۆز رېتى بىلەن كېتىۋاتقان كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمغا غەشلىك قوشۇلدى، ياخشى كۆرۈش بىر خىل تاتلىق ئازاب ۋە كىشىنى قىينايدىغان خۇشاللىقكەن. مەن بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى خىزمەتكە قاتتىق ئۇردۇم. كۈن بويى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئايرىلمىدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگىنىمدە ئۆزۈمنىمۇ شۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سەبىي قىلىقلىرىنى كۆرگەندە، بەزىدە قاقاقلاپ كۈلىمەن، بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئەمىسىز چاغلىرىمنى سېغىنىپ مەيۈسلىنىمەن. ئاھ! جېنىم دوستۇم، بالىلىق دەۋر نېمىدېگەن ياخشى-ھە! ئازابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، غەمسىز كۈلەلەيسەن، خالىغانچە سەكرەپ ئوينىيالايسەن، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قورقۇپ يۈرمەيسەن، چۈنكى سەن بالا-دە.

كۈندۈزلىرىنىغۇ بالىلار بىلەن ئۆتكۈزدۈم، بىراق تۈنلىرى خىيال ۋە ئازابتىن زادى قۇتۇلالمىدىم، ئۈنسىز يىغلىدىم. راستىنى ئېيتسام ئىلدارنى ھەمىشە سېغىناتتىم، بىراق ئۇنى كۆرسەم تەمتىرەپ، دۇدۇقلاپ قىينىلاتتىم. بىر كۈنى بەرنا بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— چىنار، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ چىرايىڭ ئەجەب...— دەپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

— ياق دوستۇم، خىزمەت ئالدىراش، چارچاپ قالدىممىكىن.

بەرنا ئىككىمىز كەچلىك تاماق يەۋاتاتتۇق، بەرنا تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، مەن ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە قاراپ قالدىم. ئۇ قاتتىق كۈلىۋەرگەندىن كېيىن نېرۋا سەزگۈلىرىم بەرداشلىق بېرەلمەي بالكونغا چىقىپ كەتتىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ

كۆلكىسىگە ئالماشقان يىغىسى مېنى چۆچۈتىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېرۋاڭ جايىدىمۇ؟ بىردەم ئەسەبىيلەرچە كۈلسەن، ئەمدى سەۋدايىدەك يىغلايسەن، — دېدىم تېرىكىپ.

— ساراڭ بولغان ئوخشايمەن، — ئۇ شۇ گەپنى دەپ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— ھەي بەرنا، بىرەرسىگە ئاشىق بولدۇڭمۇ نېمە؟ — مەن ئۇنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىم، — بوپتۇ يىغلىۋال! ئازابلىرىڭ كۆز ياشلىرىڭ بىلەن ئېقىپ تۈگىسۇن!

مەن ئۆيگە كىرىپ ئۈنئالغۇنى قويۇپ، ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتتۇم. ئۇ بىر چاغدا قىزارغان كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۇدۇلۇمدىكى كىرېسلودا ئولتۇردى.

— گەپ قىل دوستۇم، سېنى بۇنچە يىغلاتقان كىم ۋە نېمە؟

— بىلمەيمەن.

— شۇنىڭدىن قارىغاندا سەنمۇ مەجنۇندەك سەۋدايى بوپسەن-دە؟

بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنى ئەمەس ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنى بەزلىمەكچى ئىدىم.

— ئەگەر مەجنۇن بولغان بولسام مەيلى ئىدى، لەيلىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتىم، ئەپسۇس...

— نېمە بولدۇڭ، لەيلى بولدۇڭمۇ-يا؟ — مەن شۇنداق دەپ ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم. بەرنامۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۈلدى. كۆز يېشىمىز تەڭلا تۆكۈلدى.

— راست ئېيتتىڭ ئاداش، مەن لەيلى بولغان ئوخشايمەن. شۇڭا ياش تۆكۈۋاتىمەن.

بەرنانىڭ مىجەزىگە يات بۇ گەپلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى ھەم سەگەكلەشتۈردى:

— دوستۇم، راست گېپىڭنى دېگىن، زادى نېمە بولدۇڭ؟

— خۇددى سەن دېگەنىدەك...

— بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— كىمنى؟

— سەن تونۇيسەن!

— ئۇ كىم؟

— ئىلدار.

— نېمە؟! — بەرنانىڭ ئاۋازى پۈتۈن بەدىنىمنى گويا توك سوققۇۋەتكەنىدەك زىڭىلدىتىۋەتتى، ھېچنېمىنى سەزمەيلا قالدىم. يۈرىكىمدە ئاچچىق ئازاب ھۆكۈم سۈرەتتى، — مەن سېنىڭ بۇ ھالىڭنى سەزمەپتىمەنغۇ؟

— سەنمۇ ئۆز ئىشىڭ بىلەن بولۇپ كەتكەن تۇرساڭ مېنىڭ ھالىمنى قايسى ۋاقىتتا سېزەتتىڭ؟

— مەن قايسى ئىشىم بىلەن بولدۇم؟ — ئەنسىز سورىدىم مەن.

— دىلزات بىلەن بولغۇسى ئىشىڭنىچۇ، ئۇنى قىيىندىغىچە، ھامان بولىدىغان ئىش بولغانىدىكىن ئۇزۇنغا سوزماي ماقۇل دەۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— قارا گېپىڭنى، سەن كىچىكىمدىن بىرگە چوڭ بولغان سىرداش دوستۇم تۇرۇپ مېنى چۈشىنىشىڭ شۇنچىلىك بولغانىدىكىن ئوغۇل دوستلىرىمدىن رەنجىمىسەم بولغۇدەك...

بەرنا ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئاندىن:

— مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالا بولۇپ قالمىغىنىمغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلىمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟

www.uyghurkitap.com

— ئەگەر ئوغۇل بالا بولغان بولسام، بۇنداق يىغلىماي ئالدىنى توسۇپلا ئۆيىمگە كىرگۈزمەي تۇرىۋالسام ئاخىرى ماقۇل دەيتتى، ھامان ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالالايتتىم.

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق.

— راست دېدىڭ بەرنا. ئوغۇللار بۇ جەھەتتە بىزگە قارىغاندا كۆپ ئەركىن. كونىلاردىن قالغان« ئوغۇل بالا ئالمەن دېسە ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئالالايدۇ. قىز بالا پەرىزات بولسىمۇ تېگىمەن دېگىنىگە تېگەلمەيدۇ » دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان ـ دە؟ بىزدە پەقەت ئالدىمىزغا كەلگەننى تاللاش ھوقۇقى بار. بەرنا، سەن خاتىرجەم بول. مەن ئىلدار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدىم.

— ئەگەر ئۇ بىلىپ قالسا ...

— بىلسە نېمە بوپتۇ؟ سۆيگۈ ھوقۇقى قىز ـ ئوغۇللاردا باراۋەر بولۇشى كېرەكقۇ؟ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مۇشۇنداق تۆۋەن كۆرسەك باشقىلار تېخىمۇ ...

— ئامال بار ئۇنىڭغا بىلدۈرمىگىن!

— بۇنى بىلىمەن.

ئۇنى ئۈزۈتۈپ قويۇپ يەنە يىغلىدىم. بىز تۆت دوست كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇق. تەقدىر بىزنى تەرەپتەرەپكە چاچقان بولسىمۇ، دوستلۇق رىشتىمىز يەنىلا بىر. شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقىغا ئورتاقلىشىدىغان دوستلار بولۇپ كېلىۋاتىمىز. «دوستلۇق ھېسسىياتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن جىڭ ئالتۇن»... مەن قايسىبىر كىتابتىن بۇ سۆزنى ئوقۇغان ھەم خاتىرەمگە يېزىۋالغان. مانا ئەمدى شۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمگە باغلايدىغان ۋاقىت كەلدى. قەلبىمدە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت كۈرەش قىلاتتى. ۋىجدانىم مېنى پىداكار بولۇشقا ئۈندىسە، ھېسسىياتىم مېنى چەكسىز بەختكە ئىنتىلدۈرەتتى. ئاخىرى مەن ۋىجدانىمغا بويسۇندۇم.

بەرنانىڭ ئىلدارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئاھ خۇدا! مەن نېمانچە بەختسىز قىزدىمەن؟! ياكى بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنىمىدۇ؟ جېنىم بەرنا، ماڭا ئىشەن، مەن بىر ئۆمۈرلۈك ئازابىم ھېسابىغا سېنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمەن!

بەرنا بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بىز تانىسىغا باردۇق. قايتىشىمىزدا ئىلدار بىلەن بىرگە قايتتىم، بەلكىم ئۇ مەندىن دىلىزاتىنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب ئېلىش مەقسىتىدە كېتىۋاتقاندۇ. مەنىمۇ ئۇنى دوستۇمغا ئۆمۈرلۈك ...

ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتمەيلا سۆز ئاچتىم:

— سېنىڭچە بەرنا قانداق؟

— ياخشىغۇ.

— بەرنا ھەقىقەتەن ياخشى قىز. بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئوقۇپ چوڭ بولدۇق، ھازىر ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالدى. نىگار بولسا سىرتتا ئوقۇۋاتىدۇ، ئاينۇر توي قىلىپلا ... پەقەت مەنلا ئۇنىڭ ھالىغا يېتەلەيمەن. سەن ياردەم بېرەلەمسەن؟

— قولۇمدىن كەلسىلا ياردىمىمنى ئايىمايمەن، قانداق ياردەمنى؟

— بەرنانى بىلىسەن، ئۇ ئۆينىڭ چوڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسى يوق. ھاممىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئۆيدىكىلەر بىر يۇرتلۇقىنىڭ بالىسىغا تونۇشتۇرماقچى بوپتىكەن. بەرنا قوشۇلماپتۇ. ئۆزۈڭ خالىغانىغا بېرەيلى دېسە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، شۇ بىرسىدىن

زەربە يېگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپلا كېلىۋاتىدۇ. سىڭلىسىنىڭ لايىقى بار ئىكەن، ئوغۇل تەرەپ ئالدىرىتىۋېتىپتۇ. شۇڭا بەرنالى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغىچە ساڭا ...

— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، — دېدى ئىلدار تىترەك ئاۋازدا.

— چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى، — دېدىم مەنمۇ تەستە.

— چىنار، بۇ جاھان ئۆتنە جاھان دەپ سەنمۇ ئۆتنىشنى ياندۇرۇۋاتامسەن؟

— ياق ئىلدار، مەن ئۇنداق قىساسكار ئەمەس، دوستلۇق مېنىڭ قەلب تۆرەمدىكى جىلغ ئالتۇن. ئۆمۈرلۈك دوستلىرىمغا سەممىي مۇئامىلە قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق خۇشاللىقىمدىن ۋە بەختىمدىن كېچىشكىمۇ تەييارمەن دەپ ئويلايتتىم، مانا كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق مېنى شۇ ئارزۇيۇمنى ئورۇنداشقا بۇيرۇۋدى.

— توغرا ئېيتتىڭ چىنار، دوستلۇق — ئۆز شەخسىيەتسىزلىككە موھتاج. ئۆز بەختىدىن كېچىپ دوستى ئۈچۈن خۇشاللىق بېغىشلىغان ئىنسانلار دوستلۇق تەختىدىن ئورۇن ئېلىپ، دوستلۇق تاجىنى كىيەلەيدۇ. بىز رىشتى باغلانغان دوستلار ئۆز مەنپەئەتىمىزنى دەپ دوستلىرىمىزنىڭ ئازابىغا ھەمدەم بولمىساق، ئۇ چاغدا دوستلۇقنىڭ نېمە قىممىتى. مەندىمۇ ساڭا ئوخشاش دوستۇم ئۈچۈن گۈزەل كەلگۈسىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قىممەتلىك بەختىمدىن كەچتىم. چىنار، مەندىن رەنجىدىڭمۇ؟

— ياق، ئېمىشقا رەنجىيمەن.

— سەن يەنىلا ساپ ھېسسىياتىڭنى يوشۇرۇۋاتىسەن. بىراق سېنىڭ كۆزلىرىڭ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئازابىممۇ سېنىڭكىگە ئوخشاش. ئەگەر ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئارمانلىرىمىزغا بويسۇنۇپ ماڭغان بولسا، بىز ئازاب ۋە كۆز يېشى ئورنىغا تېرىمىزگە سىغماي كۈلگەن بولاتتۇق. ئەپسۇس رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشلار بىزنىڭ ئارمانلىرىمىزنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، بۇنى تۇرمۇشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ ئاچال يولىدا سىنىماقتا. بىز بۇ سىناق ئالدىدا قىينىلىۋاتىمىز، ياش تۆكۈۋاتىمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىۋاتىمىز. تۇرمۇش يولى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بەزىلىرى كۈلسە، بەزىلىرى يىغلايدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق كۆرەش قايىنىمىغا چۆكسە، يەنە بەزىلىرى ئېغىزغا ئالغۇسىز پەسكەشلىك بىلەن خۇشال كۈلىدۇ، غەلىبە قىلىدۇ. بەزىلەرچۇ؟ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، ئېسىل خىسلىتى بىلەنمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىزىقىمۇ مانا شۇندىدا.

ئىلدارنىڭ سۆزلىرى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. ئاھ خۇدا! ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتىكەن-دە! دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆككەن كۆز ياشلىرىم بىكار ئاقماپتۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايتتىم، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىسەممۇ ئاشۇنداق مەرد، ۋىجدانلىق يىگىتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلەنسەم بولغۇدەك. بىز ۋىسالغا يېتەلمىگەن بەخت ئىگىسىنى، چېرىنىكى

ۋىجدانىمىز ئالدىدا بىز پاك.
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
— چىنار، ماڭا قارىغىنا يىغلاۋاتامسەن؟
— ھەئە، مەن سېنىڭ مەردلىكىڭدىن تەسىرلىنىۋاتىمەن، ئوغۇللاردىن تىلەيدىغان پەزىلەتلەرنى سەندىن كۆرۈپ... سەن ھەقىقەتەنمۇ... ئىلدار، سەنمۇ مەندىن رەنجىدىڭمۇ؟
— ياق! مەن سەندىن ئىلھام ئېلىۋاتىمەن، قىزلاردا ئاز كۆرۈلىدىغان ئالىيجانابلىقنى، قەيسەرلىكنى سەندىن كۆرۈۋاتىمەن. سەن ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان قىز ئىكەنسەن.
— سەنمۇ شۇنداق، — مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلىۋەتتىم.
بىز خېلى ئۇزۇن سۈكۈت قىلدۇق.
— چىنار ئىشەن، دىلزات سېنى چوقۇم بەختلىك قىلىدۇ، ئۇنى بەختلىك قىلىشمۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ.
— ئۆزۈڭچۇ؟
— ماڭا ئىشەنگىن، دوستۇڭنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمەن.
— ساڭا ئىشىنىمەن، سەن شۇنداق قىلالايسەن.
— سەنچۇ؟
— مەن؟ — يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدىدى. ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى.
— گەپ قىلساڭچۇ.
— مەنمۇ تىرىشىمەن، — مەن بەكمۇ قىيىنىلىپ شۇنداق دېدىم.
— ئەكەل قولۇڭنى بىز خوشلىشىۋالايلى!
ئىلدار ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، مەنمۇ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىمنى سۇندۇم. ئۇ ئىككى قولۇمنى مەھكەم قىستى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشتىن پارقىراپ ھازىرلا تېشىپ كېتىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمدىن يەنە ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئىلدارنىڭ ئالدىدا غەيرەتسىزلىك قىلىشقا پېتىنالماي قىينىلاتتىم.
— چىنار، بىز رىشتى باغلانغان دوستلار، مەڭگۈ بىرگە ياشايمىز، ھەرگىز بىر-بىرىمىزدىن قېچىپ يۈرمەيلى، بولامدۇ؟
— بولىدۇ.
— چىنار كۈلە... كۈلگىنىڭنى كۆرمەسەم سېنى قويۇپ بەرمەيمەن.
— تويۇڭدا چوقۇم كۈلۈپ بېرىمەن.
— تويۇمدا ئەلۋەتتە كۈلسەن. سېنىڭ تويۇڭدا مەنمۇ كۈلىمەن. بىراق ماڭا كېرەك بولغىنى ھازىرقى كۈلكەڭ.
— ئىلدار، بەختلىك بول! — مەن شۇنداق دېدىم-دە، ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجراپ يىغلىغىنىمچە بىناغا كىرىپ كەتتىم.
— چىنار! چىنار گېپىم تۈگىمىدى.
ئۆيگە كىرىپ مېھمانخانا بالكونىدىن ئۇنىڭ يەنىلا بىز خوشلاشقان جايدا داڭ قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈك، شۇڭا ئۇ مېنى كۆرەلمەيتتى. يول بويىدىكى چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ھالەتتە تۇردى، مەن بولسام ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ئۈنسىز يىغلايتتىم. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى-دە، قاتتىق-قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن بىز كەلگەن يولنى بويلاپ ئاستا كېتىپ قالدى.
خەير ئىلدار، بەختلىك بول! سېنى بۈگۈن قەلبىمدىن مەڭگۈگە ئۇزاتتىم، ئەمدى سەن مېنىڭ ئەمەس، دوستۇمنىڭ كۆڭلىدىن

www.uyghurkitap.com

ئورۇن ئېلىشىڭ كېرەك. سېنى
ئۇزىتىش بۇنداق ئاسان بولغىنى
بىلەن سېنى ئۇنتۇش بۇنداق ئاسانغا
چۈشمەسلىكى مۇمكىن ... مەن سېنى قال-
داقمۇ ئۇنتارمەن؟ سېنى بىر ئاق كۆڭۈل
دوستۇم سۈپىتىدە دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن...

بۇ ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن
كېيىن بەرنا ئۆيگە كەپتۇ. ئۇ مېنى يېنىك
قۇچاقلاپ: دوستۇم، بەرنايىڭ بەختلىك
بولدى! دەپ، خۇشال پىچىرلىدى. ئۇنىڭ
مۈرىسىدىن تارتىپ ئۆزۈمگە قاراتتىم، ئۇنىڭ
ئۆتكەنكى يىغىدىن قىزارغان غەمكىن
كۆزلىرى بۈگۈن بەختتىن نۇرلىنىپ كېتىپ-
تۇ. بەرنانىڭ يۈزىنى ئاستا نوقۇپ:

— بەختنى قەدىرلە دوستۇم! — دېدىم.

شۇندىن كېيىن ئۇلار بەختلىك
جۈپلەردىن بولۇپ قالدى. دىلىزاتمۇ مېنى
كۆپ ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. مەنمۇ بۇ-
رۇنقىدەك قوپاللىق قىلماس بولدۇم. ئۇلار
يۈرۈپ ئۇزۇنغا بارماي ئىلدارنىڭ چوڭ
ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ،
تويىنى 15 - مايغا بېكىتتى. ساڭا خەۋەر
قىلماقچى بولغاندا سېنىڭ ئىككىنچى خېتىڭ
كەلگەنىدى. خېتىڭدە 13 - مايدىن
باشلاپ باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلىنىدۇ،
دەپ يېزىپسەن. شۇڭا ساڭا خەۋەر قىلمى-
دۇق. سېنىڭ قاتنىشالمىغىنىڭنى ھېسابقا
ئالمىغاندا توي كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مەن
بەرناغا قولداش بولدۇم. بەرنانى كۆچۈرۈپ
ماڭغاندا ئۆزۈمنى ھەرقانچە تۇتۇشقا تى-
رىشساممۇ بەرنا بىلەن تەڭ كۆز ياشلىرىم
تۆكۈلدى. توۋا مەن نېمانچە يىغلايمەن؟
بەرنانىڭ يىغىسى كۈچۈنمۇ؟ ياكى ئىلدارت-
دىن پۈتۈنلەي ئايرىلغىنىم ئۈچۈنمۇ؟
بەرنانى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كىچىك ما-
شىنىغا سالغاندا ئاينۇر ماڭا:

— توۋا چىنار، سەن بەرنانى بەزلە-
مەي ئۇلىگۈدىنمۇ بەك ئىسەدەپ يىغلىغىنىڭ
نېمىسى؟ — دېدى.

مەن سىرىم ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك
قىزاردىم. ئۇلارنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ
قويغاندىن كېيىن دىلىزات بىلەن بىرگە
قايتتىم. يولدا جىمجىت ماڭدۇق. يا ئۇ
سۆزلىمەيتتى، يا مەن سۆزلىمەيتتىم.

— توي دېگەنبىلەن كۆڭۈللۈك
ئۆتتى، — دېدى ئۇ ئاخىرى جىمىلىقنى
بۇزۇپ.

— شۇغىنىسى نىگار يوق بولۇپ
قالدى، — دېدىم مەن.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بۇلار-
نىڭكىگە قاتنىشالمىسا، بىزنىڭكىگە قاتنىشىپ
قالار، — دېدى دىلىزات تەمترەپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — مەن چۈشە-
نىكسىزلا سورىدىم.

— سەنلا خالىساڭ چوقۇم شۇنداق
بولىدۇ.

مەن گەپ قىلماي ماڭدىم. بىلمەي-
مەن، يۈرىكىم نېمىشقىدۇر ئەنسىز دۈپۈلدە-
دەيتتى. ماي ئېيىنىڭ مەيىن شامالىرى
چاچلىرىمنى يەلپۈپ ئۆتەتتى. كۆزلىرىمدىن
ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
نېمانچە غەيرەتسىزدىمەن؟ يەنە نېمىگە
يىغلايمەن؟

— چىنار نېمە بولدۇڭ؟ يىغلاي-
سەنغۇ؟

— ياق يىغلىمىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا؟

— قورقۇۋاتىمەن.

— مەندىنمۇ؟

— ياق ئۆزۈم تاللىغان يولدىن.

— توغرا ئېيتتىڭ. ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقىنىدا قورقىدۇ. ئاخىرى قانداق بولار دەپ تەشۋىشلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يولنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىش جەريانىدا نېمىلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدۇ - دە! مەنمۇ بۇ يولنى تاللىغاندا تەشۋىشلەنگەنىدىم، دېگەندەك باشتا زەربىگە ئۇچرىدىم، ھەم ئىرادەم غالىپ كېلىپ بۇ يولنى چىدام بىلەن بېسىپ كېلىۋەردىم. مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا يورۇقلۇق پەيدا بولغاندەك قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم خۇدا نېسىپ قىلسا خەلىپىمۇ قىلىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. چىنار، شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، مەن سېنى بۇ يولدا ماڭغىنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز پۇشايمانغا قويمايمەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن دىلزات، بىراق ...

— بىراق دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەيمەن.

— ئۆزىڭگە ئىشەنمەسلىك ئۆزگىگە ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چىنار، ماڭا ئىشەنگەنىكەنسەن، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭگىمۇ ئىشىنىشىڭ كېرەك. چىنار تەقەززا قىلماي جاۋابىنى بەرسەڭچۇ؟

— دىلزات، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى سىنايدىغان ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتتى، قالغان ئىشلارنى چوڭلار دېيىشسۇن.

— راستمۇ چىنار؟

— راست.

— كېيىنكىدىن يېنىۋالمايدىغانسەن؟

— مەن كىچىك بالا بولمىسام...

— بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، چىنار؟

دىلزاتنىڭ ھاياجان ئارىلاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يۈرىكىمنىڭ بىر پەرلىۋى — ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭلاندى. ئۆزۈممۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ھازىرقى خۇشاللىقىنى چۈشەندىم. مەن ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مەن ئۆز خانەمگە كىرىپ ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاپ ئۈنسىز ئۆكسۈشكە باشلىدىم. مەن يىغلاۋاتىمەن، كۆزۈملا ئەمەس يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ. «كۆز ياش يۈرەكتىكى جاراھەتتىن ئاققان قان» دەپتىكەن. مېنىڭ يۈرىكىم راستىنلا جاراھەتلەنگەنمىدۇ؟ بىراق مەن ئۆز مەيلىم بىلەن بۇ ئازابنى چېكىشكە رازى بولغانىمۇ؟ يىغلاپ ئازابلىرىمنى كۆز ياشلىرىم بىلەن چىقىرىۋېتەي، بەلكىم بۈگۈنكى بۇ يىغام دوستۇم ئۈچۈن قۇربان قىلغان بەختىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇسىبىتىدۇر. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالاي ... دوستۇم، يىغىمۇ ئادەمگە ئارام بېرىدىكەن، مانا مەن يىغلىغانسېرى ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بېشىمدىكى ماموق ياستۇقۇم كۆز يېشىم بىلەن ھۆللەندى. سەن ياخشى كۆرىدىغان قارا كۆزلىرىم تولا يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىدى. مەن نېمانچە چىدىماسمەن؟ دوستۇم ئۈچۈن قۇربان قىلغان بەختىم ئۈچۈن چىدىمايۋاتامدىغاندىمەن؟ ياق! بۇ چىدىماسلىق ئەمەس، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دوستۇمنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىگەن غەلىبەم ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقان تەنتەنە ياشلىرىم.

مەن شۇ كۈنى ئورۇنمۇ سالماي، كىيىملىرىم بىلەنلا دىۋانغا قويۇلغان ياستۇققا قىيشىيىپ، كۆز يېشىم قۇرۇمايلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ـلە ئاينۇر دىلزات بىلەن لەتىپكە سىڭلىمنىڭ

يېڭى مۇھەببىتىنى مۇبارەكلەپ ئۆيىدە ئالتىمىزگە ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. مەن، بەرنا، دىلنزات، مۇرات، ئاينۇر بەشىمىز كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق. ئىلدار كەچلىك سېمىنىغا چىقىدەن، دەپ كەلمەپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىردە كۆڭلۈم يېرىم بولسا، بىردە ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بىلىمەن دوستۇم، سەنمۇ دىلنزات بىلەن بىرگە بولۇشۇمنى تىلەيتتىڭ. ئەمدى مېنى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەيدىغانسەن؟

قارا مېنى، ئۆزۈمنىڭ ھالىنى تۆكۈپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىمىغىنىمنى! ئۆزۈڭچۇ؟ يەنىلا شۇ كىتاب - دەپتەرلەر ئارىسىدىن چىقالماي يۈرەمسەن ياكى ئۆزۈڭگە ئوخشاش كىتاب خالتىسىدىن بىرەرنى تاپتىڭمۇ؟ نىگارئاي، سەندىن پەخىرلىنىمەن. سەن بەختلىكسەن، ئۆزۈڭ سۆيگەن كەسپىڭگە ئېرىشتىڭ، شۇڭا باشقا ئىشلار سەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. سېنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى روھىي ھالىتىڭنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. ھازىر بەلكىم ئىلمىي ماقالەڭ ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانسەن، سېنىڭ پات ئارىدا غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتىمىز. مايتاغ نېفىتلىكى ساڭا ئوخشاش بىلىم ئەھلىلىرىگە موھتاج. نېفىتلىكىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بىرلىكتە پەرۋىش قىلايلى!

نىگارئاي، ھازىر كېچە سائەت 3 تىن ئېشىپتۇ. كۆزلىرىم ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېچىشىۋاتىدۇ، ئالدىمدىكى شام يەنىلا بىر خىلدا كۆيۈۋاتىدۇ. ئاستا پىچىرلىدىم:

كۆيۈۋاتقان شام!... كۆيگىن، قاراڭغۇ تۈندە كىشىلەر كۆرمەستە كۆيۈۋال!

خەير دوستۇم، ئوقۇشۇڭغا ئۇتۇق تىلەپ:

چىنارىڭ

مايتاغ.

ئادىل يۈسۈپ

# سۇ ئىچىدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭۈل

## دوستلۇق

سۇ ئىچىدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭۈل
دەرياسىدىن دوستلۇقنىڭ قېنىپ.
سەمىمىيەت كېپىلدۇر ئاڭا،
قالار چوقۇم ساختىلىق چېنىپ.

دوستلۇق دېمەك، ئىناقلىق دېمەك،
ئىناق ئۆتكەن كېرىدۇ كۆكرەك.

ياشىماقتىن ئەۋزەلدۇر ئۆلۈم
بولۇپ قالسا ئەگەر كىشى يەك.

دوستلۇق بىلەن بىرلەشەر ئىنسان
ۋە گۈللىگەي ئۇندىن كەڭ جاھان.
تۈگىمەيدۇ تەرىپى ھەرگىز
تا بىر ئۆمۈر قىلسامۇ بايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋىش

بىر ساپ ئۇزۇم ئۇزاتتىم ساڭا،
ھەشقاللا، دەپ ئالدىڭ ۋە يېدىڭ.
«ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمۇ،
بۇ ئۈزۈمدىن مىڭ تاتلىق» دېدىڭ.

دېگىنىڭمۇ دۇرۇس ۋە لېكىن،
ئۇنتۇمايلى بىر نۇقتىنى بىز.
مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلمىساق،
پەرۋىش تاپماس تەكلەرمۇ ھەرگىز.

ماۋزۇسىز

ئالقىنىمدا دومىلايدۇ شار،
مەن قارايمەن ئاڭا زوقلىنىپ.

چىڭراق تۇتسام بوشاپ قالدۇ،
بوشراق تۇتسام كېتەمدۇ قېچىپ.

(«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» دىن ئېلىندى)

ئابلىمىت زەۋقى

# ئىككى شېئىر

## كۆزىڭىز...

چاقتى چاقماق، دىلدا ئوتلۇق كۆزىڭىز،
ئەسلىسەم ھەر تاڭدا سىزنىڭ سۆزىڭىز.
پارە-پارە بولدى زەپ كۆيگەن يۈرەك،
بۇ كۆيۈككە بىر سەۋەبكار ئۆزىڭىز.
ئاھ... نېمانچە تەلمۈرەر بۇ جۈپ كۆزۈم،
مەھلىيا قىلغان مېنى شۇ كۆزىڭىز.

## ئايمۇ سىز، چولپانمۇسىز؟

ئايمۇسىز، چولپانمۇسىز چاقنايدىغان،
نۇر ئىچىدە يار كۆڭلىنى ساقلايدىغان.
مەن بولۇپ قالدىم ئەجەپ سىزنى كۆرۈپ،
ئوي-خىيال بىلەن ئىشىم ئاقمايدىغان.
بولمىغاچ ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ لەززىتى،
قالدى بوپ كۆڭلۈمگە ھېچ ياقمايدىغان.

(«ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» دىن ئېلىندى.)

رەيھانگۈل مامۇت

# خىياللىرىم ئۈزەر سامادا

## باھار ئاخشىمى

يېقىملىق باھارنىڭ يىللىق ئاخشىمى
ئۈزەتتى كۆكتە ئاي كۈمۈش قېيىقتەك.
كۆزلەرنى چاقنىتىپ سامادا يۇلتۇز
باقاتتى زېمىنگە تويماي شۇنچە بەك.

گۈلزارلىق ئىچىدە زوقلىنىپ شۇنچە،
باھارغا قوزغالدى قەلبىمدە ھەۋەس.
گۈپۈلدەپ پۇرىغان خۇش بۇي گۈللەرنىڭ
پۇرىقى ئاھ، مېنى قىلدى شەيدا-مەست.

## مېنىڭ كۆڭلۈم چەكسىز بىر دەريا

مېنىڭ كۆڭلۈم گويا چەكسىز بىر دەريا،
خىياللىرىم ئۇزۇپ بارار يىراققا.
ساھىللارغا ئۇرۇلىدۇ چايقىلىپ،
ئۇزۇپ بارار دولقۇن يېرىپ قىرغاققا.

مېنىڭ كۆڭلۈم گويا چەكسىز بىر دەريا،
چاچرىتىدۇ ئۈنچىلەرنى ھەر ياققا.
نۇر قوينىدا تۇسۇن تايدەك ئويناقلاپ
ئېقىپ بارار توختىماستىن يىراققا

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دىن ئېلىندى

مۇھەممەت ۋەلىيېۋ

## مايتاغ

ئەجەب كۆركەم بولدى مايتاغ گۈللىنىپ،
يېزىلدى كۆپ ناخشىلاردا كۈيلىنىپ.
مايتاغ دېسە كېتەر قەلبىم سۆيۈنۈپ،
ئۆتكەچ ئۆمرۈم تامچە مايغا كۆيۈنۈپ.

ئېلېكترلار نۇرلار چاچتى يولىغا،
قەدىمكى چۆل ئاۋات يۇرتقا ئايلىنىپ.

مايتاغ دېسە كۈلەر قەلبىم شادلىنىپ،
ئىلھام ئالدىم نېفىتلىكنى ئايلىنىپ.

كۈلەر ئىشچى شادلىق پاتماي دىلىغا،
بال قوشۇلغاچ تۇرمۇشىغا، تېنىغا.
چېچەكلىگەچكە رىشتىم ئاڭا باغلىنىپ،
روناق تاپتىم تاغدەك مۇشكۇلنى يېڭىپ.

ئالىيە مۇسا

## خۇش چىراي ئىمىلىك

گوياكى ئاپتاپتەك خۇش چىراي ئىمىلىك،
ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ شۇنچە تېز چېھرىڭ.
ئايلىنىپ پەرۋانە كەبى ئۆزۈڭنى
ئاتاتتىڭ باغرىمغا قىغاتقان پېتىڭ.

ئېگىز بىر شاختىكى پىشقان شاپتۇلنى
دەپتىكەن بىر ئەخمەق ئالالماي ئاچچىق.
ناۋاتقا ئوخشاتقان ئىمىلىك تىلىمنى،
ھەي! ئەمدى بوپتىمەن شۇنچىلىك قاڭسىق.

بىر ئېغىز سۆزۈملا قىلدى سېنى يات،
پەقەت نەپ ئۆچۈنلا بولغانىمىدىڭ لال.
تاشلىدىڭ ئۇستىڭدىن گۈللۈك تونىڭنى،
كۆرستىپ ئەسلىڭنى شۇنچە بىمالال.

يۈرىكىڭ پوكولداپ قورقساڭ تىكەندىن،
ئۈزمەن گۈلنى دەپ قولۇڭنى سوزما.
رىيازەت چەكمىگەن ئاشىققا ھەرگىز
چېھرىنى ئاچمايدۇ گۈلمۇ پەقەتلا.

«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»دىن ئېلىندى

ناسىرجان مۇھەممەت

# گۇڭگا شېئىرلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپە، تارىخ، ئەخلاق، ئىلىم-پەن، تىبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىم ۋە قاراشلىرىنى، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىزچىل تۈردە بېيىتىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن باشقىچە بولغان بىر خىل شېئىرلارغا دۇچ كەلدى. بۇ شېئىرلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەس-مۇنازىرە قوزغىدى. بۇ شېئىرلار ئۆز ئىجادكارلىرى ۋە ئۇنى يېقىملىق ھېس قىلغۇچىلار تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشكەندىن باشقا زور كۆپچىلىك كىشىلەر، جۈملىدىن كىتابخانلىرىمىز تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشەلمىدى.

«گۇڭگا شېئىر»، «تۇتۇق شېئىر»، «غۇۋا شېئىر» دەپ ئاتالغان بۇ شېئىرلار ئەدەبىياتنىڭ دەۋرىمىز ۋە خەلقىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر بىر ھاڭ پەيدا قىلىپ قويدى، ئېستېتىك زوق ئېلىش پائالىيىتى ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈش ممىتىنى يوققا چىقاردى. «گۇڭگا شېئىر»لارنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبىنى بۇ خىل

---

نىياسەم مىجىت

## يۇلغۇن چېچىكى

چېچەكلەپسەن قىپ-قىزىل يۇلغۇن
چۆل-داللا زىننەت بېغىشلاپ.
سەپەر يولۇم ئالدىراش بىراق،
قارايمەن ساڭا يېنىش-يېنىشلاپ.

بويۇڭ زىلۋا، شاخلىرىڭ كۆركەم،
قىزغۇچ گۈلۈڭ يەلپۈنەر چۆلدە.
پەرۋىشلەردىن تەمەسىز تامام،
ئاشۇ تۇرقۇڭ گۈللەرگە ئۈلگە.

ئېيتقىنا ئەي يۇلغۇن چېچىكى،
نەدىن كېلەر سەندىكى غەيرەت.
مايتاغ روھى يېتىلدۈرگەنمۇ
يىلتىزىڭدا ئېسىل بىر خىسلەت.

ماي بىلەن تەڭ كۈلسەن گۈللەپ،
يوقالمايسەن چۆللەردە قىشلاپ.
نېفىتچىنىڭ قەلبىدەك قەلبىڭ،
مەن قارايمەن يېنىش-يېنىشلاپ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى

شېئىرنىڭ بەزى ئىجادكارلىرى «قېلىپلىشىپ قالغان، رامكا ئىچىگە كىرىپ قالغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھالىتى بەلگىلىگەن» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى بۇ شېئىرلارنى «خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيەت زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان مايسا» دەپ قارىدى، لېكىن نۇرغۇن كىتابخانلار بۇ شېئىرلارنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىمىدى.

مەن بۇ ماقالەمدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭى، ئىنسانىيەتنىڭ سۇبيېكتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شېئىر دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بۇ شېئىرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن زور كۆپچىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا، قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ۋە سۆيۈپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچىدىن، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىجادكارلىرى ۋە ئۇنى ياقلىغۇچىلار ھازىرقى شېئىرىيەت سۇبيېكتىپ ماھىيەتنى يوقىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى كەمسىتىدىغان چاكىنا ۋە يالغان ئىقتىدار بىلەن تولۇپ تاشتى، ئەجەبا يۈز تۇتقان بۇ خىل شېئىرىيەت تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىنى كۆزلەيدىغان، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شېئىرىيەتتىكى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدىغان يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىدى. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلەپ-ئېھتىياجىمۇ ئېشىپ باردى، مۇشۇ ئېستېتىك تەلەپ-ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە مۇشۇنداق يېڭىچە بىر خىل شېئىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى، دەپ قاراپ، بۇ شېئىرلارنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. بۇنىڭ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ رېئالىزملىق روھى ئەسلىگە كېلىپ، ئەدەبىياتىمىز ئەسلى ماھىيىتىگە قايتتى ھەم ئەدەبىياتىمىزدا قايتىدىن گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇزۇن مەزگىل بېكىنمىچىلىك ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى سىرتقا، جۈملىدىن غەرب ئەللىرىگە كەڭ ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، غەربنىڭ ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ھەم مەدەنىيىتى جەمئىيىتىمىزنىڭ كۆپ ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. غەرب ئەدەبىياتى بىر قىسىم شېئىر ھەۋەسكارلىرىمىزغا ناھايىتى يېڭى تۇيۇلۇپ، ئۇلارغا گويا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. شۇ مەزگىللەردە مەركەزدىكى «شېئىرىيەت»، «خەلق ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي ئوبزور» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان ئون نەچچە خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە بۇ

ئېقىملارغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تونۇشتۇردى. 1980 - يىلىدىن باشلاپ غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم ياش خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ كۈچلۈك مودېرنىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلىرى نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال — «شېئىرىيەت» تە ئېلان قىلىندى، ئۇزاق ئۆتمەي باشقا گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ بۇنداق ئەسەرلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. كېيىنچە مودېرنىزم ئۇقۇمى شېئىرىيەتتىن پروزىغا ئۆتۈپ، مەركەزدىكى ژۇرناللاردىن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارغىچە مودېرنىزملىق ئەسەرلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ئەھۋال 1985 - يىلى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئومۇمەن 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا رېئالىزملىق ئەدەبىيات مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلدى. رىقابەت شېئىرىيەت ساھەسىدىكى بېيداۋ، شۇتىڭ، گۇچىڭ قاتارلىقلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدىكى «گۇڭگا» شېئىرلىرى ۋە ۋاڭ مىڭ، زۇڭپۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاڭ ئېقىمى ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ يازغان ھېكايىلىرىدىن باشلاندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «گۇڭگا شېئىر» ئاپتورلىرى غەرب مودېرنىزم ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بېيداۋ، شۇتىڭ، گۇچىڭ قاتارلىقلارنىڭ مودېرنىزملىق «گۇڭگا» شېئىرلىرىنى كۆرۈپ يېڭىلىق ھېس قىلىپ، يېڭى بىر شېئىرىيەت ئېقىمىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكچى بولدى. 1986 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مودېرنىزملىق شېئىرلار ئېلان قىلىندى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مانا بۇ پاكىت «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگەن مودېرنىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ شېئىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇبادا گۇڭگا شېئىرلار ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىرى ئېيتقاندەك، «بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلەپ - ئارزۇلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەجەلگە يۈزلەنگەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان مايسا» بولىدىغان بولسا، شۇنداقلا بىرقانچە تالانتلىقلار مەيدانغا كەلتۈرگەن زامانىۋى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولىدىغان بولسا، 1986 - يىلىدىن بۇرۇن نېمە ئۈچۈن مەيدانغا كەلمەيدۇ؟ يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى شائىرلىرىمىز ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىكى «ۋەدىنامە»، «قەسىدىنامە» تەرىقىسىدىكى شېئىرلاردىن ئاللىبۇرۇن زېرىككەن ئىدىغۇ؟! مانا بۇ يوشۇرغىلى بولمايدىغان ئەمەلىي ئەھۋالدۇر.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدىكى «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن ماسلىشىشچانلىققا ئىگە. بۇ ئەھۋالمۇ «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ غەرب ئەللىرىدىن كىرگەن مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى ئىسپاتلاشتىن ئاۋۋال غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مودېرنىزم ئەدەبىياتى — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا پەيدا بولغان، غەرب دۇنياسىنىڭ ساقايماس كېسەللىكلىرىنى، شۇنىڭدەك كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە پىسخىكىسىنى سىزىپ بەرگەن ئېپادىچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، سىمۋولىزم، ئۈستۈن رېئالىزم، فۇتۇرىزم، بىمەنە تىياتىرچىلىق، يېڭى پروزىچىلىق، قارا يۇمۇرچىلىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تارماق ئېقىملارنىڭ

ئومۇمىي نامى. مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ باقايلى:

مودېرنىزمچى يازغۇچى، شائىرلار ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن كەسكىن زىددىيەتلىك ئەھۋالىنى، يەنى كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت، كىشىلەر بىلەن تەبىئەت، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كاپىتالىستلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، ئاشۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساختىلىشىپ، رەزىللىشىپ كەتكەنلىكىدىن زارلىنىش، شۇ زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ئىچىدە تېڭىرقاش، رېئاللىقتىن، كەلگۈسىدىن، ئىجتىمائىيلىقتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، تەركىدۇنياچىلىق، يەككە-يېگانىلىقنى خالاش، ھاياتتىن، دۇنيادىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن بېزىش، يىرگىنىش، زارلىنىشتىن ئىبارەت شەخسىي خاھىش ۋە ئۈمىدسىزلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قارايدىغان بولساق، سىمۋول ۋە ئوخشىتىشقا بېرىلىش، چىنلىققا ۋە تىپىكلىككە ئېتىبار بەرمەسلىك، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بۇرمىلاش يولى بىلەن سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، شېئىرىي مۇھىتنى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق مەزمۇننى يوشۇرۇش، مەزمۇننىڭ ساغلاملىقىغا، شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، شېئىرىي مۇھىت ۋە تەسەۋۋۇر كۆپ، ئۆزگىرىشچان بولۇش، ئادەمنى نەرسىلەشتۈرۈش، شەكىلنى ئۆزگەرتىش، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىپ ياكى ئوبراز بىلەن ئاپتور ياكى كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى ئېستېتىكىلىق ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىش، بىمەنە ۋە غەلىتە مۇھىتنى يېزىش، تەسەۋۋۇردىكى ئۆزگىرىش ئۇشتۇمتۇت بولۇش، ئوبرازلار تىزچىل ۋە مۇكەممەل بولماسلىق، مەزمۇن ئابستراكت بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەمدى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى نەزەرىيە ۋە بەدىئىي ئۇسۇل جەھەتتىن تەمىنلىگەن نەزەرىيىچىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قاراپ باقايلى.

ئاۋستىرىيە نېرۋا كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى فرويىت ئاڭ، تۇغما ئاڭ ۋە ئاڭسىزلىقنىڭ ئۈچ چوڭ ئامىلى (تەركىبىي قىسمى) ئىچىدە «ئاڭسىزلىق ئادەمنىڭ پۈتۈن روھىي تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. مودېرنىزمچىلار ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەشكە كىرىشتى. فرويىت يەنە «سەنئەت دېمەكلىك چۈش دېمەكلىك» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈملىرى بىلەن مودېرنىزمچىلاردا چۈشنى يېزىش ئومۇملىشىپ كەتتى. مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ بىيتەقۇچىسى فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە يازغۇچىسى پائول سارترې «مەۋجۇدىيەت ماھىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ»، «ئەركىن تاللاش» دېگەندەك ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مەۋجۇدىيەت، ئەمەلىيەتتە، يوقلۇقتىن ئىبارەت، كىشىلىك تۇرمۇش مەنىسىز، دۇنيا بىمەنە، دەپ قاراپ، بۇ بىمەنىلىكتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن شەخسنىڭ قىممىتى بولۇش كېرەك، بۇ قىممەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەقلىگە سىغمايدىغان بىمەنە تىياترلار، ئەقىل ۋە ھېسسىيات قارىمۇ قارشى قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

شېئىر ۋە ھېكايىلەر مەيدانىغا كەلدى. مودېرنىزىمچىلار جەمئىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىدە «ئۆز» نى جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا قويۇپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق جەمئىيەتكە قارشى تۇردى. ئەنگلىيە شائىرى دايلان تۇماس ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا «ئۇپۇق گويا جەسەت خالتىسى، زېمىن كۆمۈر ۋە كۈلنىڭ دۆۋىسى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى، فرانسىيە پەيلاسوپى چارلىز بۇدىلارنىڭ «بىر سەنئەتكارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى....تەبىئەتكە نارازىلىقنى ئىپادىلەش (بىلدۈرۈش)» دېگەن قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن تەبىئەتتىن زارلىنىدىغان، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان شائىرلار مەيدانىغا كەلدى. يەنە مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى «ئۆز» نىڭ يادروسى ئەقىل ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھەۋەس ۋە يوشۇرۇن ئاڭ، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، مودېرنىزىمچىلار ئىنسان ئېڭىنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېرىلدى. «ئۆز» نى يوقىتىپ قويۇشنىڭ قايغۇسى، «ئۆز» نى ئىزدەشنىڭ مەغلۇبىيىتى نۇرغۇنلىغان مودېرنىزىمچىلارنىڭ يازىدىغان مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى.

سەنئەتنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مودېرنىزىمچىلار مەنىۋى تۇرمۇشنى ۋە پسىخىك چىنلىقنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار مۇھىتنى يازىدۇ، لېكىن بۇ مۇھىت پەقەت ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش ۋە تەقلىد قىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بولسا، سەنئەت ئىپادىلەيدۇ، ئىجاد قىلىدۇ، ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، تەقلىد قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ دەپ قاراپ، مەزمۇننىڭ شەكىلنى بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كۆز قاراشقا تۈپتىن قارشى ھالدا مەزمۇن دېمەك شەكىل دېمەك، شەكىل دېمەك مەزمۇن دېمەك دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقىلار مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان مەۋجۇدىيەتچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، ئىپادىچىلىك، سىمۋولىزم، ئۇستىخان رېئالىزم، فۇتۇرىزم، يېڭى پروزىچىلىق، بىمەنە تىياتىرچىلىق قاتارلىق ئارماق ئېقىملارنىڭ ماھىيىتى، نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەمدى بىزنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە مەيدانغا كەلگەن «گۇڭگا» شېئىرلارغا مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىش، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى يېڭىلاش، مۇھىت غەلىتە، ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇش، مەزمۇن جەھەتتىكى تۇتۇقلۇق، خاھىش جەھەتتىكى ئارىسالدىلىق، ئۈمىدسىزلىك، گاڭگىراش، يەككە ـ يېگانىلىق، ھاياتنى مەنىسىز دەپ قاراش، روھپەرەسلىك، رېئاللىقتىن ئاشقىرىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. «گۇڭگا» شېئىر ئاپتورلىرىنىڭ ئىددىيىسىدە فروئىت، سارتىر، دايلان تۇماس قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۈچىنچى، مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ پەيدا

بولۇش شەرت - شارائىتى بىزنىڭ زېمىنىمىزدا مەۋجۇت ئەمەس. غەرب مودېرنىزملىق
ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالىغا قاراپ باقساق بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ
دەۋردە كاپىتالنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى توپلىنىشى ۋە مونوپول قىلىنىشى كاپىتالىستىك
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چىرىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى. بىرىنچى
ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىقتىسادىي كرىزىسنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا كېڭەيتىپ، جاھانگىرلىك بىلەن مۇستەملىكىلەرنىڭ، كاپىتالىزم بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ، ئىجتىمائىيلاشقان كاپىتال بىلەن خۇسۇسىي كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزى ھەم ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. بۇنىڭغا يەنە يادرو قوراللىرىنىڭ ۋەھىمىسى كېلىپ قوشۇلۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆزى مەيدانىغا كەلتۈرگەن (ياساپ چىققان) ماددىنىڭ تىزگىنلىشىگە چۈشۈپ قالغاندەك، ئۆزى ياسىغان نەرسىنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالغاندەك ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. قىسقىسى، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە گىرەلىشىپ كېتىشى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت، كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش مەنزىرىسىنىڭ شەكىللىنىشى كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى ۋە ئۇلارنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ مەسىلىدىن قانداق قىلغاندا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇردى. بۇ خىل ھالەت غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى كىشىلەرگە، جۈملىدىن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلارغا روھىي جەھەتتىن زەربە بولۇپ، ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن جاراھەتلەندۈردى، ئۇلارنى ھەر خىل غەم - ئەندىشىگە سالدى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رېئاللىق مودېرنىزملىق شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئېقىم، ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىجتىمائىي شەكىل ئۆزىنىڭ مەيدانىغا كېلىش شەرت - شارائىتى جەمئىيەت قوينىدا پىشىپ يېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا پەيدا بولىدۇ.

«كۆڭگا» شېئىرلار غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە غەرب ئەللىرىدىن ئېقىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا خەلقىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىدىمۇ ياكى خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك زوق ئېلىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنمۇ؟ بۇ مەسىلىگە دائىر ئاقىل كىشىلىرىمىز توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ.

غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «كۆڭگا» شېئىرلار خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكىنى باشقا ئېقىملارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بېيىتىپ، تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە ئىگە قىلىماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ۋارىسلىق قىلىش بىلەن

ئىجادىي يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. شېئىر ئالدى بىلەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مىللىيلىك بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، ئەنئەنە ۋە ئۇسلۇبلىرىنىڭ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكىنىڭ ئومۇمىي بىرلىكىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن تىل، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، زېمىن، پسىخىك تۈزۈلۈش شەكلى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بىرلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. «كۈڭگا» شېئىرلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بولغان قاراشلىرىنى؛ ھاياتقا، ئاتا - ئانىغا، دوستلۇققا، ئۆز يۇرتقا، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى يورۇتۇپ بېرەلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ساختىلىق، ئىپلاسلىق، پاسىقلىق، قارا نىيەتلىك، ئالدامچىلىق، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە، روھىيەت قۇرۇلمىسىغا ماس كەلمەيدىغان ئىللەتلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىپ بېرەلمىدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىنى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى، ئىجتىمائىي قىياپىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش ۋە يۈكسىلىشىنى، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىپادىلەپ بېرەلمىدى. ئەكسىچە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىجتىمائىي قاراتمىلىققا ھەم مۇئەييەن مەقسەتكە ئىگە بولمىغان شەخسنىڭ (ئۆزىنىڭ) زاماندىن زارلىنىش، قاخشاش، ھاياتتىن، رېئاللىقتىن قول ئۈزۈشتەك ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى، شەخسىي خاھىشىنى ئىپادىلىدى، بۇنداق خاھىش خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى روھىي ھالىتىگە، تۇرمۇش قارىشىغا ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىغا ماس كېلەمدۇ؟!

قېنى بىز تۆۋەندىكى شېئىرغا قاراپ باقايلى:

تىقىلدۇ كۆزۈمگە
مىڭ - مىليون قارايغان كۆلەڭگىلەر    قامچىسىنى سىلكىتەر تىنىماي
چاڭقاق پادىلاردەك دېۋەيلەپ كېلىپ،    تۆكۈلىدۇ ماياقلار
ئارقىسىدا پادىچى ئىلاھ    بەدبۇي زېمىننى قاپلاپ ھاپ ئېتەر.

ئاپتور بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسىدا ئىجتىمائىيلىقتىن، ئادەملەردىن زارلىنىش، قاخشاش، يىرگىنىشتىن ئىبارەت شېئىردىي مۇھىتنى ھاسىل قىلىپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراشتىن ئىبارەت شەخسىي كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇنى خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە شەكىللەنگەن ئومۇمىي روھىي ھالەت دېگىلى بولمايدۇ.

«كۈڭگا» شېئىرلار ئومۇمەن خەلقچىللىقتىن ئايرىلىپ قالدى. «كۈڭگا» شېئىر ئىجادكارلىرى ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى چاغلاپ، «ھازىر خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قۇۋۋىتى تۆۋەن، بىزنىڭ يازغان

شېئىرلىرىمىزنى چۈشىنىپ زوق ئالالمايدۇ» دەپ قاراپ، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى-نىڭ ئېستېتىك تەلەپ، ئېھتىياجىنى چىقىش قىلمىدى، خەلقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىدىيە جەھەتتىكى، مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىنى شېئىرىيەتتىكە ماس-لاشمايدىغان چاكىنا ئېمىلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە يۈزلەندى، دەپ بىھۇدە ماختاندى.

كىتابخانلارغا مەلۇم، خەلقچىللىق ئەدەبىياتنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىر - ئىككى شەخسنىڭ شەخسىي خاھىشى بويىچە ئۆلچەنمەيدۇ. ئۇ يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، ئېستې-تىك باھاسى، ئېستېتىك غايىسى، بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزنىڭ، دەۋرىمىزنىڭ ئېھتىياجى تەرى-پىدىن بەلگىلىنىدۇ. سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەت خەلق ئىچىدىن كېلىپ چىققانىكەن، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا خەلققە قايتقىنى تۈزۈك. خەلقىمىز شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى-دىكى رەڭگارەڭ شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان ئوبرازلاردىن ۋە شۇ ئوبرازلارنىڭ خىيالىي كۆلەڭگىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل ئېسىل پەزىلەتلەرنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ھەممىسى شائىر بول-مىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا شېئىرىي ئاڭ، شېئىرىي سېزىم، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرى-دىن زوق ئېلىش قابىلىيىتى بار. سىندى ئېيتقاندەك، خەلقىمىز ئىچىدە شېئىر يېزىپ شائىر ھېسابلانمىغان كىشىلەر بولغىنىدەك، شېئىر يازمىغان شائىرانە كىشىلەرمۇ مەۋجۇت.

«گۇڭگا» شېئىر ئىجادكارلىرى شېئىرىيەتتە لىرىك بوشلۇقى دەيدىغان بىر خىل بوشلۇق بار، ئىنسان سۇبيېكتى مانا مۇشۇ بوشلۇق ئىچىدە سۈرەتلىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى لىرىك بوشلۇقى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئوبيېكت بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن ئىبارەت. «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ تولىسىدا قانداق ئىدىيىنىڭ، قانداق شەيئىي ھالىتىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى بەلگىلى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى خەلقىمىز تەپەككۇرىنىڭ قاشاڭلىقىدىن، شېئىرىي سېزىمىنىڭ، زوق ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن، بىلىم سەۋىيىسىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى لىرىك بوشلۇقنى ھەددىدىن تاشقىرى يىراقلاشتۇرۇپ، باغلىنىشنى ئۈزۈپ قويغانلىقتىندۇر.

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ساداقسىمان چۈش روجىكىمدىن كىرمەكتە
پۈركۈۋەتتى قارىچۇقلىرىمنى قان تامچىغان سايىلەر...

ئاپتور بۇ شېئىردا لىرىك بوشلۇقى (ئارىلىق) نى بەك يىراقلاشتۇرۇۋەتكەچكە، كىتابخان بىلەن ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ئېستېتىك زوق ئېلىش پائالىيەت ئارىلىقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىنى بەلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ

قويىشان. «كۆڭگا» شېئىر ھەۋەسكارلىرى شېئىرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى ئاشۇ-رۇش، ئۇيغۇر شېئىرىيەت سەھنىسىدە كىشىلەرنى ئۇيغا سالىدىغان يېڭىچە بىر ئۇقۇمنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى تالانتلىق ئىجادكار قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىش ئەقسى-تىدە ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇپ، شېئىرنى مۇھىتىنى ئاجايىپ-غارا-يىپلاشتۇرۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى بەك تۇتۇق قىلىۋەتتى. تاشقى شەكىلنى ھەددىدىن ئارتۇق بېزەپ، پىكىر ئىپادىلىشىغا بىر ئازمۇ ئەھمىيەت بەرمىدى. ھەلۋەتتە، خەلقىمىز شېئىردىن ئەسەرلەرگە رېئاللىق ئاساسىدا، چىنلىق ئاساسىدا، غايە ئاساسىدا ئىجتىمائىي قاراتمىلىقىغا، ئېنىق پىكرىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. خەلقىمىز مىللىي ئالاھىدىلىككە ھۆر-مەت قىلىدىغان ھەقىقىي يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە تىلى ۋە شېئىردىن مۇھىتى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى-نى قۇربان قىلىدىغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «كۆڭگا» شېئىر بۈگۈنكى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ كۈن-دىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ئېستېتىك تەلەپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن «ئەجەبا يېزىلەنگەن» شېئىرىيەت زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان، زامانىۋى ئاڭ، تالانتنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى-دىن، خەلقىمىزنىڭ بۇ شېئىرلارنى چۈشىنىپ يېتىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قارىسىغۇيۇق قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن؛ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىدىن؛ تۇرمۇش چىنلىقىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن؛ ساغلام ھېسسىياتقا ئىگە ئەمەسلىكىدىن؛ شې-ئىردىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن؛ ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مۇھىتىنى قەستەن سىرلىقلاش-تۇرۇپ، ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ ئېنىقلىقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن خەلقىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىگەن. خەلقىمىز ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا ۋە ئەدەبىي ئېقىملىرىغا قارشى تۇرمايدۇ ۋە ئۇنى چەتكە قاقمايدۇ، شۇنداقلا باشقا مىللەت ئەدەبى-ياتىنىڭ ۋە ئېقىملىرىنىڭ ساغلام بولمىغان، قىممىتى بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆ-زۈن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەر-لىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋا-رىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە باشقا مىللەت مەدەنىيىتى ۋە ئېقىملىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپ-لىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا ئىجادىي قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاخىرىدا شۇنى ئېي-تىپ قويۇش لازىمكى، «كۆڭگا» شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدۇ يا-كى بۇ خىل شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلەمدۇ؟ بۇ مە-سىلىگە ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا كەڭ خەلق، تارىخ ئادىل جاۋاب بېرىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇختەر مەخسۇت

# ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا

ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقتا ئۆزىگە خاس تەن، ئۆزىگە خاس سۇ-
خەن بىلەن تۇغۇلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىنچ ئېقىۋاتقان شېئىرىيەت دەرياسىدا كۈچ-
لۈك بىر داۋالغۇش پەيدا قىلدى-دە، نۇرغۇنلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق، تەئەج-
جۈپ ۋە زوقلىنىش نەزەرى بىلەن تىكىلدى. ئەتراپتىن ئالقىش چۇقانلىرى ياڭرىدى.
رەنجىش ۋە نەپرەت ئوقلىرىمۇ ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۇ ئۆز شېئىرىدا
يازغاندەك: «بەزەن، ئويغانسام پەسىللەرنى قۇچاقلاپ، گۇللەر بەرگىسى ئۈستىدە
كۆردۈم ئۆزۈمنى»، «بەزەن، سەھەردە چىقىپ كېتىدۇ شېئىرلىرىم، يەلكىسىگە تاشلاپ
چاپاننى، قايتىپ كېلەر ئاخشىمى، بويىلىپ قانغا يۈز-كۆزى» دېگەندەك ئوخشاشمىغان
ئىككى خىل باھانى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بەس-مۇنازىرە كەيپىياتى شېئىرىيەت
سەھنىمىزدە تۇنجى قېتىم بىر ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىر شېئىر بىلەنلا تالانتلىق شائىر بولۇپ كېتىدۇ. ھالبۇ-
كى، بىز ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ بېرىۋاتقان شائىر-
غا باھا بەرگىنىمىزدە ئۇنىڭ ۋەزنىنى ۋە خاسلىقىنى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەر-
يانىدىن ئىزدەشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلى-
كى، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مەنە قاتلاملىرىنىڭ چوڭ-
قۇر ۋە كېڭىيىشچانلىقى، بەدىئىي غايىسىنىڭ يېڭى، يېقىملىقلىقى، تىلىنىڭ يەڭگىل،
ئاددىي-ساددا، گۈزەللىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەركىن ۋە مۇكەممەللىكى، ئومۇمىي كەيپى-
ياتىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ۋە كىتابخانغا بېغىشلايدىغان بوشلۇقنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. سەۋىيەم چەكلىك بولسىمۇ يۈ-
زەكى تەسىراتلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

1

ۋەتەنپەرۋەرلىك قەدىمىي ھەم مەڭگۈ يېڭى تېما. پەقەت ئۇنى خاس تۇيغۇ ئال-
مىدە تۇرۇپ ھايقىيالىغان شائىر ئۈچۈنلا.

www.uyghurkitap.com

«ئاخشاملىرى چىقىپ تالاغا،
قەلبىمنى پاك ھېسقا ئورايمەن.
مەغرىپ تامان ئۇچقان شامالنى،
ھۇزۇرلىنىپ ئۇزاق پۇرايمەن.
شەبنەم تامغان كىرپىكلەر ئارا
مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.
ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇئايدىن —
تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن
ئاھ، ۋەتىنىم، سېنى سورايمەن.»
(«سېنى سورايمەن.»)

ئەخمەتجاننىڭ ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى بىر ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان دەسلەپكى چاغلىرىدا يازغان بۇ شېئىرىدا ئانا تۇپراققا تەشنىۋاتقان ياش يۈرەكنىڭ كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتى تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ شەبنەم تامغان كىرپىكلىرىدىن چوڭقۇر، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىنى كۆرسەك، ئۇنىڭ ئاي ۋە شامالغا دالالەت قىلىشلىرى بىزنى تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئورتاق تۇيغۇ ۋە تىلغا ئىگە بولغان ھالقىغان ساماۋى ئالەمگە باشلاپ كىرىدۇ. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىدىكى تولۇن ئاي ۋەتەننىڭ ھۆسنى - جامالىنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ، مەشرىق ياقتىن كەلگەن شامال ئانا تۇپراقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، بىز ئۇنىڭ كۆچىيىۋاتقان ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ تېخىمۇ كىچىك ھۆججەيرىلىرىدە ئىنتايىن نازۇك بەدىئىي سۈرەت ئارقىلىق نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

ئەخمەتجاننىڭ ۋەتەنپەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە «ۋەتەن لىرىكىسى» بىلەن «بالىلىقتىكى ۋەتەن» ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقى ۋە بەدىئىي غايىسىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشىدە بىر خىل ئەسلەش، ئۆز ھېسسىياتىدىن ھالقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

بىز ئۆرغۈن سورۇنلىرىمىزدا ۋە ماقالىلىرىمىزدە شېئىرىيەتنىڭ ئادەمگە يېزىلىنىشىنى كۆپلەپ دالالەت قىلدۇق. ئەپسۇسكى، بۇ خىل يېزىلىنىشنىڭ يېڭى بەدىئىي ئوقتىسى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنالمىدۇق. قانداق قىلغاندا شېئىرىيەتتە ئىنسانلارنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىغا بۆسۈپ كىرگىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى نەدىن ئىزدەيمىز؟ بىز «ئۆز» ىمىز ھەققىدە ئويلىنىۋاتامدۇق ياكى ئالىلىقاچان مۇزېيلاردىن ئورۇن ئالغان ئالدىنقى بىر نەچچە يالتىراق ئىزىمىزغا زوقلىنىپ، شۈكرى - قانائەت تەختىراۋانى ئۈستىدە مەغرۇر كۈلۈپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

«ھەمىشە ئۇخلاشتىن بۇرۇن
تۆكىمەن ئەخلەت ساندۇقىغا
ئېسىمدىكى بارچە ئۇتتۇقنى.
يېڭى بىر تاڭ چۈشەيمەن ھەمدە
قۇچاقلايمەن ئۇپۇقنى»
(«ھەمىشە»)

«چىقىشىم كېرەك
— ۋۇجۇدىدىن ئەكس سادانىڭ.
چاقاي ئەمدى بارچە ئەيىنەكنى
قالىدۇ ئۇ
كۆرسىتەلمەي سىرىنى»
(«روبىنسون كىروزو»)

«يېرىپ چىقتىم تۇتەك ئىچىدىن
تاشلاپ ئۇلدا
كۈللىرىنى ئېسىمنىڭ.
ئۆچۈردۈم بارچە يوللارنى
سىزىپ چىقتىم قايتىدىن.»
(«چۈش»)

مانا بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز.

«ئۆز» نى ئىزدەش ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرىغا باشتىن - ئاخىر سىڭىپ كەتكەن بىر ئىزچىل خاھىش. لېكىن ئۇ «ئۆز»نى ئىزدەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، «ئۆز»نى ئىزدەش بىلەن «ئۆز» ىدىن ھالقىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ئۇنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى بىر ئۈستۈنلۈك. ئۇ «ئۆز» نى قاچان، قەيەردىن تاپىدۇ؟ تارىخىي مۇزېيلاردىنمۇ؟ بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىدىنمۇ؟ قىزىلگۈلنىڭ جۇلاسىدىنمۇ؟ دەريانىڭ شارقىرىشىدىنمۇ ياكى خانىلارنىڭ تاجىسىدىنمۇ؟ ياق! ئۇ «ئۆز»نى پەقەت «ئۆز» ىدىن ھالقىغاندىلا تاپىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ «يوچۇن مەخلۇق»، «مۇمكىنسىز ئولجا».

«ھەر كۈنى سەھەر    مەخلۇقمەن يوچۇن،
ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ يوللار    سوئال ئۈنەر ماڭغان ئىزىمدىن»
ئوۋلاشقا مېنى.    («مۇمكىنسىز ئولجا»)

شېئىردا ئەسلىدىكى ماددىي تەۋەلىكىدىن ھالقىپ كۆپ خىل مەنە يۈكلىنىشىگە ئىگە بولغان «يول» دىن ئىبارەت بۇ ھېسسىي ئوبراز بەلكىم «مەن» نىڭ ئۆز ئېڭىدا دائىم تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان «مەن» گە تەسەللى بەرگۈچى قانائەت ئېڭى؛ بەلكىم «مەن» ئىنتىلىدىغان ھەم ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بىر خىل تەكەممۇللۇق. «يوللار» غا «تۇتقۇن بولۇش» ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان قەدەمگە چېكىت ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلغان بىلەن باراۋەر. شۇڭلاشقا «مەن» «يوچۇن مەخلۇق» ھەم «مۇمكىنسىز ئولجا». شۇڭا ئۇنىڭ ئىزلىرىدىن «سوئال بەلگىسى ئۈنىدۇ»، بۇ سوئال قايتا ئويلىنىش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشنىڭ بەلگىسى.

«ئۆلۈم» تېمىسى ئەخمەتجاننىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىك خاھىشىغا ياندىشىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل. ئۇ «ئۆلۈم» نى گۈزەل، مۇقەددەس، ئۇلۇغ دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «ئۆلۈم» بىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ھەرىكەتتىن توختاش ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى يېڭىلىنىش، يارىلىشنىڭ بەلگىسى. تامامەن ئىجابىي، ئاكتىپ مەنىدىكى ئۇقۇم. تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

«تۇغۇلدۇم شۇنداق،    ئىزدەيمەن ھېلىغىچە
ئانام تەۋرەتكەن قەبرەمدىن    بۆشۈك ئۈچۈن
سەپىرىمنى ياراتتىم.    تۇغۇمىمغا سۆز بەرگەن ئۆلۈمىمنى...»
(«ئۆلۈمنى ئىزدەش»)

مەيلى قايسى تارىخىي باسقۇچتا بولمىسۇن، ماددىي، مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئادەملەرنى يېزىش، شۇ ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدىكى روھىي قىياپىتى، ئىنتىلىشى، خىيال - تۇيغۇلىرى، خۇشاللىقى، غەم - قايغۇسى قاتارلىقلارنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش سوتسىيالىستىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى. ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدا!

«ئۆز» ياكى «مەن»نى روجەك قىلىپ تۇرۇپ، يوقىرىقى بەدىئىي غايىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشكە ئۇزلۇكسىز ئۇرۇنىدۇ. ئۇ «مەن»نى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن «مەن» بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. «مەن»نىڭ تۇيغۇسى، تەسەۋۋۇرىنى ئوبيېكتىپ ئالەمگە يەتكۈزۈپ «مەن» بىلەن دۇنيانى بىر تەن ئىچىدە قۇچاقلاشتۇرىدۇ. مەۋجۇدات ئالەمدىن ماس ماددا ئىزدەۋاتقان شەخسىي تەدرىجىي ئاڭنى ھالدا كوللېكتىپ ئاڭغا كېڭەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى «مەن» نوقۇل شەخس دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىغا قوشۇلىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنى بىز بولۇپمۇ ئۇنىڭ «بۇلۇت ئۈستىدە»، «پەسىللەر لىرىكىسى»، «شامال لىرىكىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئەخمەتجاننىڭ شېئىرىيەتتە دۇنيانى كۆزىتىشتىكى ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ چۆچەك ۋە رىۋايەت ئېڭى، يەنى ئۇ دۇنيانى بىرخىل بالىلارغا خاس نەزەر بىلەن كۆزىتىدۇ. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بالىلار شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر يالدامىسى بولسا كېرەك. ئۇ تەبىئەتنى قەلب ۋە ۋۇجۇدى بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ئېستېتىك جەھەتتىكى بىۋاسىتە بايقاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. تەبىئەتتىكى سىرلىق ئۆزگىرىشلەردىن ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر ئەركىن مەنزىلىنى كۆرەلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت ئۇنىڭ قەلب مۇسكۇللىرىدا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ھاياتلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان ئېستېتىك سەزگۈسى ۋۇشۇ خىل پىسخىك قۇرۇلمىنىڭ تەسىرىدە پارتلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا فويۇق غايىۋى تۈس جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. رېئاللىقتىن ئۆتۈپ چىققان ھەرخىل تەشۋىش تۇيغۇلىرىمۇ بىرخىل نەپىس، گۈزەل كەيپىيات تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ، ئاخىرى كىرىستالدەك تىنىق چۆچەك ئالىمىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇقۇغان كىشىدە ئاددى، ئەمما چوڭقۇر خىيالىي، ئەمما تولىمۇ ھەقىقىي بولغان ئېستېتىك تەسىرات شەكىللىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

«... راستىمۇ ئانا،
داغ چۈشتى دەيدۇ
يۈزىگە ئاينىڭ
ئارمىنىدا
ئۇچۇپ كەتكەن گۈزەللىكىنىڭ؟
.................
بىر كۈنى
ئىزدەپ كەلسە سېنى پەرىشتە
كېتەرسەنمۇ ئېيتقىنە
بالىلىرىڭنى جەننەتنىڭ؟
يىغلارمىكىن پەرىزات
ئۆتۈنۈۋېلىپ قۇياش كەينىگە
رومال قىلسام دەپ كېيىنمىگىنى...»
(«ئانا لىرىكىسى»)

مانا بۇ ساپ بالىلارچە كۆزىتىشتىن كەلگەن تۇيغۇ، بالىلارنىڭ سەبىي نەزىرىدە ئانىلار ئۆلمەيدۇ، ئۇخلاپ قالىدۇ. يەنە قايسىدۇر بالىلارنى ئېيتقىنىلى كېتىدۇ، بۇ چۆچەك؛ ۋاپادار ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ ئانىلار ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، بىز ئانىلارنى قانداقمۇ ئۆلدى دېيەلەيمىز؟ مانا بۇ چىنلىق. بۇ خىل ئېستېتىك ئاڭ ئەخمەتجاننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

«ئۆمىلىدىك
توپىلاشتى چۆرەڭگە يولتۇزلار.
پەسىللەر سېنى تە - تە قىلىشتى،
ۋىلىق - ۋىلىق كولەتتىك
كەلدى ئالدىڭغا يۈگۈرۈشۈپ
گۈل - چېچەكلەر.
چىقتىڭ كوچىغا
كىيىپ ئۇچاڭغا ھەسەن - ھۈسەننى
دېردىزىلەر ئېچىلدى ساڭا
رەستىلەرىڭ گۈرۈشۈپ كەلدى ئارقاڭدىن.
..............
كۆزۈڭدە ئاي
ئاي بولۇت ئىزدەپ چىقار سەپەرگە
قالار ئارقىدا قاقاس تاغلار
پولاڭلىتىپ قوللىرىنى
ۋادىلىرىڭ چاقىماقتا تەشنا
يامغۇرغا تەشنا...»

چۆچەك ئېگىنىڭ كەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى — ئېستېتىك سۇبيېكتىنىڭ پائال ئىجادچانلىقىنى كۈچلۈك كەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، يەنى خاتا تۇيغۇ، خىيالىي تۇيغۇ، ئومۇمىي تۇيغۇ قاتارلىق تۇيغۇ شەكىللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاشكارا ئاڭ مەزمۇننى يەتكۈزۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ ئالىمىگە تېخىمۇ كۆپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، فىزىكىلىق دۇنيانىڭ كونكرېت چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاش، سېھرىلىك گۈزەل، ئۆزگىرىشچان بولغان يارقىن مەنزىرە بەرپا قىلىش، فىزىكىلىق ماكان ۋە زاماندا زور پەرقلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇنى سۇبيېكتىپ چۈشەنچە ئارقىلىق يېڭىدىن قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق پسىخىك ماكان، زامان ئۈستىدە يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇخىل شېئىرلاردىكى ھېسسىيات ئېقىمى، ئەمەلىيەتتە، ئېستېتىك سۇبيېكتىنىڭ زامان چۈشەنچىسى ئۈستۈنلۈكى بويىچە ئاقىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. يۇقىرىدىقى مىسرالاردىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر دەل چوڭقۇر پسىخىك ئىنتىلىشكە ماسلىشىپ، باشتىن - ئاخىر ئېستېتىك سۇبيېكتىنىڭ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى ھەرىكەتچان رەۋىشتە سىلجىتقان. بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ئۇيغۇر قىزى»نى ئەنئەنىۋى تەسۋىرلىرىمىزدىكى «قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، شەھلا كۆزلۈك، يورەككە ئوت ياقىدىغان» نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى گۈزەل قىز سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆلمەس. ھاياتنىڭ بىر پۈتۈن سىمۋولى — ئانىسى سۈپىتىدە بايقايمىز.

«سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» ناملىق شېئىر ئەخمەتجاننىڭ چۆچەك ۋە رىۋايەت ئېڭىدىن ھالقىپ، ھايات ھەققىدىكى يەنە بىر قەدەم چوڭقۇر ئويلىنىشى ئەپسانە تۈسىدە ئىپادىلەنگەن نەمۇنىلىك شېئىرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شېئىردا ماكان ۋە زامان چېگرىسى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. كۆرۈنۈشلەر تامامەن خىيالىي رەۋىشتە، ئەپسانە قىياپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شېئىرنىڭ ماۋزۇسىلا بىزنى چوڭقۇر بىر ئويغا سالىدۇ. سادىرنىڭ بەش بالىسى دادىسىنى ئىزدەپ يېتىم قالمايدۇ، بەلكى دادىسى بەش بالىسىنى ئىزدەپ يېتىم قالىدۇ. بىزگە زۆرۈرى ئەۋلادلارنىڭ سادىر دەۋرىدىكى روھىنى ئىزلىشى ئەمەس، بەلكى سادىر روھىنىڭ ھازىرقى زامان ئېڭىنى ئىزدىشى. سادىرچە قەھرىمانلىق روھى بىلەن ھازىرقى ئاسايىشلىق، تەرەققىياتنى قوغداش ئېڭى — مانا بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى ۋە بىر پۈتۈن مەزمۇنى بىزگە بېرىدىغان بېشارەت. ۋەھالەنكى

سادىر بەش بالىسىنى قانداق تاپىدۇ؟ شېئىردا بەش بالا بەش خىل ئۆزگىرىشتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ؛ بەش ۋاق ناماز — دىنىي ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسى، كاۋاپدان — قالاق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ۋە ئۇششاق تىجارەت ئېڭى؛ شەپەرەڭ — نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق؛ جۇدۇن — روھىيەت ۋە ئىجتىمائىيەتتىكى تەرەققىياتقا زىت، توسقۇنلۇق ئېڭى؛ مىراس سۆزى يېزىلغان قەبرە — تارىخىي شۆھرەتلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلمەسلىك، توختاپ قېلىش، سادىرنىڭ كۆرمەكچى، تاپماقچى بولغىنى ئەلۋەتتە بۇ نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. شۇ نەرسە ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، بۇ ھەرگىزمۇ مىللىي ئىنكارچىلىق ئەمەس، بەلكى مىللىي روھتىكى ئىللەت، رەزىللىكلەرگە بولغان ئۆتكۈر تەنقىد. قالاق مەۋجۇت ھالەتلەرگە بولغان ئازابلىنىش تۇيغۇسى ۋە مىللىي تەرەققىيات ئېڭىنىڭ ۋاسىتىلىك، تەقەززاسىز ھالدا جىددىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى. بىز بۇ شېئىرنىڭ ئەپسانە پەردىسىنى قايرىپ تاشلاپ، روھىي ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق، «شامال ۋە ئاي» شېئىرىدا:

«ھېلىغىچە تارىم چۆلىدە بوغدا كۆلىدە
داپ ئۇسسۇلى ئوينامدۇ شامال؟ چاچلىرىنى ئۆرۈپ قىرىق تال؟»
ئولتۇرامدۇ تولۇنئاي

دېگەن سوئال شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللىي روھنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئىنتىلىش ۋە ئىزتىراپ ئېڭىنىڭ «سادىر» شېئىرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلىغانلىقىنى بايقايمىز.

2

شېئىرىي گۈزەللىك مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا گۈڭگا گۈزەللىك دېمەكتۇر. ھەر قانداق نەرسە روشەنلەشكەن ھامان ئۆزىنىڭ جەلىپ قىلىش سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. مېنىڭچە، شېئىر ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرەلىشى، زوقلانغۇچىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىيالىشى كېرەك. چۈنكى بىر شېئىردىكى مەنە مەنزىلى زوقلانغۇچىغا تولۇق ئاشكارا بولغان ھامان بۇ شېئىردىن زوقلىنىش پائالىيىتى تاماملانغان بولىدۇ. بىر شېئىرنىڭ كىتابخانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇزاققىچە زىلزىلىگە سالالىشىمۇ شېئىردىكى يوشۇرۇن بېشارەتلەرنىڭ كىتابخانىنىڭ ھايات كەچۈرمىشىگە، تەجرىبىسىگە نىسبەتەن كاتالىزاتورلۇق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى قاتلاممۇ قاتلام چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بىز ئەخمەتجاننىڭ ھەربىر شېئىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭدىن ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ مەلۇم خۇلاسىسىنى، مەلۇم بىر ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ شەرھىسى ياكى دېداكتىكىنىڭ ۋەزنى ئەمەس، بەلكى روھىمىزدا خىلمۇ خىل چاقناش ھاسىل قىلىدىغان نۇرغۇن بېشارەتلەرنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى لىروس بوشلۇق سەنئىتىنىڭ بىزگە ھېرىۋاتقان ئېستېتىك ئېنېرگىيىسى. ئۇنىڭ كۆپىنچە شېئىرلىرى ئىدراكنى ھاشلىنىدۇ. لېكىن ئىدراك ياكى شائىر ئەمەلگە

ئاشۇرماقچى بولغان شېئىردىي مەنە شېئىردىكى نۇرغۇن ھېسسىي ئوبرازلارغا (ئىما-ئىشارىلەرگە) سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى نەتىجىسىدە چەكسىز ئېھتىماللىققا قاراپ كېڭىيىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئالدىراپ مۇقىملاشقان بىر يەككە يەكۇننى چىقىرالمايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شېئىرلىرىدا پىكىرنى بىۋاسىتە، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويماستىن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا، تەپەككۇر قىلىشىمىزغا قالدۇرىدۇ.

دېمەك، ئەخمەتجاننىڭ ئەسەرلىرىدىكى شېئىردىي مەنە بەئەينى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇش، بىز ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ كۆككە يەنە قارىغىنىمىزدا ئۇ قۇش داۋاملىق ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى بىرىنچى ئالاھىدىلىك.

ئىككىنچى، ھېسسىي ئوبرازلار بىرىكمىسى ۋە سەكرەتمىلىك. ئېپىك شېئىرلىرىمىزدا بولسۇن ياكى لىرىك شېئىرلىرىمىزدا بولسۇن، سيۇژېتلىق قۇرۇلما، باغلىنىشچانلىق ۋە ئىزچىللىق ناھايىتى مۇستەھكەم بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ھامان شېئىردا مەلۇم بىر مۇقىملاشتۇرۇلغان ئوبرازلىق مۇھىت ئىچىدىلا ئىپادىلىنەتتى. ئەمدى ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرىغا قارىساق، ئۇنىڭ سەزگۈر ئۆزلۈك تۇيغۇسى خىلمۇ-خىل ھېسسىي ئوبرازلارنى بىر شېئىر ئىچىگە «خالىغانچە» ئەركىن ئوۋلاپ كىرگەنلىكىنى بايقايمىز. بىردەك باغلىنىشچانلىق بولمىغان بۇ نەرسىلەر خىلمۇ خىل رەڭدە چاقناپ، سەكرىشىپ، بىزگە ئاپتور خۇددى خىيالىغا كەلگەننى دەۋاتقاندەك مۇقىمسىز تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن ئەستايىدىل ئويلىنىپ قارايدىغان بولساق، ئوخشاش بولمىغان ماكاندىكى بۇ «چۇۋالچاق» كەيپىيات، كۆرۈنۈش، تۇيغۇلار ھېسسىيات ئېقىنىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بىر ئومۇمىي ئوبراز تەرتىپىگە مۇجەسسەملىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «بۈركۈتسىز ئۇۋا» ناملىق شېئىر — «كۆلەڭگە»، «غازاڭ»، «ئاي»، «شامال»، «پويىمىز ئاۋازى»دىن ئىبارەت بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان بەش ھېسسىي ئوبرازنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماكاندىكى ھەرىكىتىدىن تۈزۈلگەن. «ياپراقلار» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغىنىمىزدىمۇ خۇددى خىلمۇ خىل ئىرقتىكى بالىلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويغاندەك ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئورگانىك ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ئېتىلىپ كىرگەن نۇر يەنىلا بىر نۇقتىدا كېسىشىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتە بىزنىڭ ئېستېتىك ئوبيېكتنى ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىشىمىزگە ياردەم بېرىپ، شېئىردا ستېرېئولۇق، كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي سۈرەت بەرپا قىلىدۇ. ئەخمەتجاننىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىۋاسىتە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى سەكرەتمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە كۇپلېت بىلەن كۇپلېت، مىسرا بىلەن مىسرا، ھەتتا سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىي ۋە سيۇژېتلىق باغلىنىش ئۈزۈپ تاشلىنىپ كۆرۈش تۇيغۇلىرى ئۈزلۈكسىز ئالمىشىدۇ، ئوتتۇرىدا ئاقلىق (بوشلۇق) پەيدا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، لىرو-ئېپىكلىك، ئەخمەتجانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىق، ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرىدا مەۋھۇم ھالەتتىكى ھېس-تۇيغۇلارغا جان ئاتا قىلىپ تۇرغۇچى بىر ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت، تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنىڭ ھەرىكىتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئورگانىك ھالدا

گارمونىيىلىككە ئىگە بولغانلىقى، سىمىز زادى روھىنىڭ تەن ئارقىلىق جەۋلان قىلىۋاتقىنىنى ياكى تەنىنىڭ روھ ئارقىلىق جانلىنىۋاتقىنىنى، قايسىسىنىڭ ئەسلى تەبىئەت، قايسىسىنىڭ ئەسلى ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدىغان قالىمىز. لىرىكىلىق بىلەن ئېپىكلىقنىڭ بىرلىشىپ كەتكەن ھەرىكەتچان، ئويناق مىسرالار سىزنى تولىمۇ تەبىئىي يېتەكلەپ، روھ ماددىدا تۇسىگە كىرگەن، تەبىئەت ئادىمىيلەشكەن شېئىرىي ئېستېتىك دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ:

«شامال
سەرگەردان بالا
.........
ئاخشام
كېزىپ چىمقىتى كوچىلارنى
ئېيتىشتى ئاڭا دەردلىرىنى
تۆكۈلگەن ياپراقلار...
بىر كېچە
ئويغاتتى ئۇنى بوۋاق يىغىسى
دېرىزىدىن باقتى

كۆردى ئېگىمكى چۇشكەن ئانىنى
بۆشۈك يېنىدا...
شامال
يۆتىلىدۇ ئۇزاقچە
ئولتۇرىدۇ ئۇ
شېخىدا سۆگەتنىڭ...
چۇشەپ قاپتۇ يىلتىز بۇ كېچە
سادىر پالۋاننى...
يامغۇرلۇق كېچە
ئورمان ئىچىدە يىغلايدۇ شامال...»
(«شامال لىرىكىسى»)

شۇ نەرسىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەسكى، بۇ مىسرالاردىكى كونكرېت، جانلىق، ھەرىكەتچان بەدىئىي ئوبرازلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى پېئىللارنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان. بىز ئەخمەتجاننىڭ ئەڭ كىچىك لىرىك شېئىرلىرىدىنمۇ بۇ خىل ھەرىكەتچان ئېپىك مۇھىتنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

«قاچقىن ئېسىم كەت،
ئىشىكىڭنى چەكتى ھەقىقەت»

ھەقىقەتنىڭ ئىشىك چېكىشى بىلەن ئەسنىڭ قېچىشقا ھازىرلانغان جىددىي ھەرىكەت كەيپىياتى — بۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ، قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئېپىك كۆرۈنۈش.

تۆتىنچى، شەكىل ئۆزگىرىشى. شېئىر رېئاللىقتىن ھامان ئۇستۇن تۇرىدىغان سەنئەت. شائىر ئېگىمنىڭ تاللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتمىگەن بىرلەمچى ھايات كۆرۈنۈشىنىڭ مېخانىك كۆچۈرۈلمىسى مەڭگۈ شېئىر بولالمايدۇ. شېئىرنىڭ پەۋقۇلئاددە قىممىتىمۇ شائىر ھېسسىياتىنىڭ مۇئەييەن ماددىي تەنچە ئارقىلىق يارىتىلىشى، سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتقا بولغان پائال ئاسسىمىلياتسىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر شائىر رېئاللىق بىلەن پاراللېل بولغان مەلۇم بىر تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنسە، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى قىسمەنلىكتىن تاللاپ، ئۇنى پارچىلاپ،

مەلتىمقىي تەرلەپ، ھەرىكەت ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقالمىسا، تۇرمۇش چىنلىقىدىن ھەقىقىي سەنئەت چىنلىقىغا ئۆتەلمەي قالىدۇ. بۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئېستېتىك ۋاستىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتى بىلەن ئوبيېكتىپ چىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى قانداق قىلىپ «مەنتىقسىزلىك ئىچىدىكى مەنتىقە»گە ئايلاندۇرۇشتا.

«يۇلتۇزلار
ناخشىلىرى ئانامنىڭ
بۆشۈكىمدە ئەللەيلەتكەن
ئاي
چۈشۈمدۇر مېنىڭ
ئاسمان ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن.
كېچە
ئانام غېمىنىڭ قالدۇق كۆيۈكى»

(«كېچە لىرىكىسى»)

يۇلتۇزلار بىلەن ناخشا، ئاي بىلەن چۈش، كېچە بىلەن غەم كۆيۈكى بىر-بىرىگە تەبىئىي مەنتىقە جەھەتتىن ئازراقمۇ باغلاشمايدىغان نەرسىلەر، لېكىن ھېسسىيات مەنتىقىسى بويىچە كۆزەتكىنىمىزدە، ئانىنىڭ بۆشۈكتىكى بالىسىنى ئەللەي ئېيتىپ ئېيتقان ناخشىلىرى يۇلتۇزلاردىن ئازمۇ؟ غەمسىز بوۋاقنىڭ چۈشلىرى ئايدەك پاك ۋە غۇبارسىز ئەمەسمۇ؟ ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن قىلىدىغان غەملىرى كېچىدەك پايانسىز ۋە ئېغىر ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە شائىرنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسى، خىيالىي تۇيغۇسى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرى بىرلەشمە رول ئويناپ، شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي باغلىنىشلىق ھالىتىنى پارچىلايدۇ، رەڭ، ئاۋاز، ئوبراز چېگرىسى ۋە ماكان ھەم زامان چېگرىلىرى يوقايدۇ، ھەممە نەرسە قايتىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، شەكىل ئۆزگىرىشى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ ۋە ئىنسان ماھىيىتىنىڭ چىنلىق سىرىنى يېشىشتەك بەدىئىي غايىگە يېقىنلىشىدۇ. مانا يۇقىرىقىلار ئەخمەتجاننىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ئالامەتلىرى.

3

ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ھەر قانداق سەنئەت ئەنئەنىگە بولغان ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇستۇنلۇككە ئىگە. بۇ يەردىكى ۋارىسلىق قىلىش بىر خىل شەرتلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولسا، تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرتلىك ئىنكار دېمەكتۇر. تۈپ مەنىسىدىن ئالغاندا، ۋارىسلىق نىسپىي، تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇتلەق بولىدۇ. تەرەققىيات بولمىغان ۋارىسلىق تۇرغۇن ھەم ئۆلۈك تەقلىدتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

باشقا نەرسە ئەمەس. شېئىرىيەتتىكى تۈپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەخمەتجان ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مىللىي زامانىۋى تەپەككۇرنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە بولغان ئىنكار كۈچى خۇددى روھنىڭ تەنگە بولغان ئىسيانىغا ئوخشاش ئۇنى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن ۋە تەرتىپلىك تەكرارلىنىش ئۆلچەملىرىدىن ھالقىپ چىقىشقا ئېلىپ باردى. ھەر بىر شېئىر دېگەندەك ئۆزىگە خاس شەكىل قۇرۇلمىلىرىغا ئىگە بولدى. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇزىكىدارلىقنى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىنلەر ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ھېسسىياتنىڭ دولقۇنلىنىپ ئېقىشى ئارقىلىق بايقايمىز. مانا بۇ ئۇنىڭ يېڭىلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى.

ھەر قانداق بىر شەيئىي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى يېڭىلىنىش ھامان ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەزمۇنغا ماس كەلمىگەن شەكىل بەربىر چېقىپ تاشلىنىدۇ. لېكىن شەكىل يوقىمايدۇ، پەقەت قىياپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ماددا ياكى تەن. بىز ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا سۆزلەر، مىسرالار ۋە كۇبلېتلار قالايمىقان، خالىغانچە قۇراشتۇرۇپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ شەكىلسىزلىك ئىچىدە بىر خىل مۇكەممەل شەكىل يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن، «رەڭلەر لېرىكىسى» ناملىق شېئىرغا قاراپ باقايلى:

«خانتەڭرىگە باقتىم
كۆز ئالدىمدا رەڭلەر شاھلىرى
چوققىسى ئاق،
تاغلىرى قارا،
يېشىل ۋادىلار.

..

چوققىغىلا ياغىدۇ دېمە
قار ياغىدۇ چاچقىمۇ.
بەزەن
كۆردى قىشنى يىلدا ئىككى رەت
بىزنىڭ بوۋىلار.

دولقۇن يۈرەك
ئۇيغۇر ياشلىرى،

بۈركۈت قىزغانغان كۆزلىرى قارا،
قارا ھەم چاچلىرى.
تۇغدى ئۇلارنى قارا تولغاقتا
قارا كۆزگە ئامراق ئانىلار.

بارمۇ خۇشاللىق بۇنىدىن ئارتۇق؟
كارى نېمە
يىتىپ كەتسە ئاياغلىرى
سەن ئويلىمىغاننى ئويلايدۇ ئۇلار،
قالامدۇ ئەستە
ئانىلارنىڭ ئاياقلىرى،
ئۇلار يېشىل باللار.
ئەتە...
سەھەر تۇرۇپ باققىنىمدا
سىزار يۈزۈمگە ئانار چېچەكلىرىنى

ئاق شەپىقىگە بۆلەنگەن قارا تاغلار،
ئاق چوققىلار، يېشىل ۋادىلار»

بۇ شېئىردىكى ئاق، قارا، يېشىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭ پۈتۈن شېئىرنىڭ گەۋدىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى رىشتە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېستېتىك تەپەككۇرنىڭ بىردىنبىر ئوبيېكتى ۋە ۋاسىتىسى بولغان. شائىر كونكرېت رەڭ تۇيغۇسىدىن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مايىللىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىنتايىن گۈزەل، سەنئەتلىك شېئىرىي كارتىنىنى بەرپا قىلغان. رەڭ ئۇقۇمى ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپ خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان، شۇنداقلا شېئىرنىڭ باش ئاخىرى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بىر - بىرىگە زىچ ماسلىشىپ، مۇستەھكەم قۇرۇلما شەكىللەنگەن.

ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىزغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىك، يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقان مۇھىم بىر ئامىل ئۇنىڭ شېئىرىي تىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تىل ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىلى. تىلدا ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش بولماي تۇرۇپ، باشقا تەرەپلەردىكى تۈپكى ئۆزگىرىشكە يول ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەن بىلەن روھقا ئوخشاتساق، بىز بۇرۇن تەننى ئازابلاپ، روھنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشتەك زاھىرلىق روھنى كۆپ تەكرارلىدۇق، يەنى ھەددىدىن زىيادە مۇقىملاشقان، قېلىپلاشقان تىل شەكلى ئارقىلىقلا ھېسسىياتنىڭ چەكسىز مۇساپىسىنى قوغلىشىپ كەتتۇق. تىل مۇھىتى قايرىپ قويۇلۇپ سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ھەر قانداق جايدا زورمۇ - زور مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئۇلار ئەركىن بىرىكىش جەھەتتىكى دېموكراتىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، ھەتتا سۆزلەر ياخشى سۆز، يامان سۆز دەپمۇ ئايرىلدى. مەسىلەن، «كېچە» ئۆتمۈشنىڭ، زۇلمەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ جەزمەن قارا بولدى. «كۈكۈم» زاۋاللىقنىڭ، چۈشكۈنلۈكنىڭ، خۇنۇكلۇكنىڭ سىمۋولى بولدى؛ «شەپەق» ئازادلىق ۋە ئۈمىدنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جەزمەن قىزىل بولدى. «گۈلخان» ئىسياننىڭ، «شامال ۋە بوران» توپىلاڭ، مالىمانچىلىقنىڭ سىمۋولى بولدى ۋە باشقىلار. دېمەك، بىز تىل مەنىلىرىگە ئىنتايىن تار رامكا بېكىتىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويدۇق. ئەمەلىيەتتە، سۆز ئىنتايىن ئەركىن نەرسە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تىل مۇھىتى ۋە قۇرۇلمىسى ئىچىدە خىلمۇ خىل مەنىلەرنى بېرەلەيدۇ ۋە تامامەن ئەركىن بىرىكەلەيدۇ. «ياخشى سۆزلەر» بىلەن «يامان سۆزلەر» تامامەن بىر زامان، بىر ماكاندا كېلىشەلەيدۇ ۋە بىرلىشەلەيدۇ. بۇ شېئىرىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئويلىنىشىمىزغا ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا.

ئەخمەتجان بۇ جەھەتتە ئۆز قەلىمىگە تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىستىلىستىكىسى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، تەمسىل قىلىش، مۇبالىغە قىلىش بولماستىن، بەلكى تىلنىڭ ئۆزىدىكى سىغىمچانلىقىنىڭ كېڭىيىشى، پارتلىشى، مەنتىقىي

خاسلىقىقا ئاسىيلىق قىلىنىپ، بىر ـ بىرىگە يات، ھەتتا زىت مەنىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەركىن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئۇ، چوڭ بىلەن كىچىكلىك (بۈيۈكلۈك بىلەن ئەرزىمەسلىك)، يىراق بىلەن يېقىنلىق، مەۋھۇملۇق بىلەن ھەقىقىيلىق، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ، كونكرېتلىق بىلەن ئابستراكتلىقتىن ئىبارەت ماس شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا ماھىرلىق بىلەن «ياراشتۇرۇش» ئېلىپ بېرىپ، شېئىردىي جۈملىلەرنى كەڭلىك جەھەتتىنمۇ مەنە قاتلاملىرىغا تويۇندۇرىدۇ. بۇ خىل ياراشتۇرۇش شېئىردىي تىلنى كۆچلۈك ئېلاستىكىلىقىقا، تىل مەنىلىرىنى چوڭقۇر قاتلاملىقىقا ئىگە قىلغان. ھېراكلىت مۇنداق دېگەن: «ئۆز ئارا تېپىشىدىغان نەرسىلەر بىرلەشكەندە ھەر خىل ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئەڭ گۈزەل گارمونىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.» راست ئەمەسمۇ؟ «چوغدەك قۇياش»، «زۇلمەتلىك كېچە» دېگەنگە ئوخشاش تەبىئىي جۈپلەشتۈرۈشكە قارىغاندا، بۇلارنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئېستېتىك تەسىرى تېخىمۇ سېھىرلىك، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر بولمامدۇ؟ دەرۋەقە تىل تەپەككۇرىدىكى بۇ چوڭقۇرلۇق ئەخمەتجاننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى.

شېئىرىيەت ھەرگىزمۇ پۈرسەتلىك بىر نەرە تارتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى يۈكسەك گارمونىيىلەشكەن رەڭگارەڭ ئېستېتىك دۇنيا ئارقىلىق مەڭگۈ ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قۇدرىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇ بىر دۇنيا، ئۇ مۇئەييەن بىر تاشقى ئامىلغا بېقىنمايدىغان، رېئاللىقتىن ھالقىغان پەۋقۇلئاددە دۇنيا. شائىر تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ ئېستېتىك ۋە بەدىئىي دۇنيا شائىرنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولمايدۇ، ئۇ تەبىئەتتىن، ماكان ۋە زاماندىن، شائىرنىڭ «ئۆزىدىكى مەن»دىن ھالقىغان بولىدۇ. ئۇ چەكسىزلىككە سوزۇلىدۇ. بىر شائىر ئۆزلۈك روجىكىدىن چىقىپ، پۈتۈن مىللەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلىگەندىلا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەلبلەر قەسرىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. ئەخمەتجان ئوسمان ھەر بىر تامچىدا، ھەر بىر ياپراقتا، ھەر بىر تىنىقتا، ھەر بىر ئەكس سادادا ئۆزىگە خاس مەنىۋى دۇنيانى چاقنىتالىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بارغانسېرى نۇرغۇن ئادەملەر تونۇيدۇ، بارغانسېرى نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭدىن زوق ئالىدۇ، شېئىرىيەت ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ قىممىتىگە تېخىمۇ يارقىن باھا بېرىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر  ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ۋىلىيام سومېرسېت ماۋگھام (ئەنگلىيە)

# چۈشلۈك تاماق

(ھېكايە)

مەن ئۇنى تىياتىرخانىدا كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى چاقىرىۋىدى، ئويۇن ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇچراشمىغىنىمىزغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىغان بولسا، ئۇنى دەررۇ تونۇيالمىغان بولاتتىم. ئۇ مەن بىلەن ئوچۇق چىراي پاراڭلاشتى.

— ھوي، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا تالاي يىللار بوپقاپتۇ، ۋاقىت ھەقىقەتەن تېز ئۆتىدىكەن، جۇمۇ! دەسلەپ ئۇچراشقان چاغدىكى ئەھۋاللار ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز تېخى مېنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلغانتىڭىزا!

بۇ ئىشنى ئېسىمگە ئالالارمەنمۇ؟

ئۇ يىگىرمە يىل بۇرۇن پارىژدا بولغان ئىش ئىدى. مەن ئۇ چاغدا لاتىن كمۋدىات رايونىدا تۇراتتىم، تۇرمۇشۇمنى ئارانلا قامدىيالايتتىم. ئۇ مېنىڭ بىر كىتابىمنى ئوقۇپ، بۇ ھەقتە ماڭا خەت يېزىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ خېتىدە سەپەر ئۈستىدە پارىژدىن ئۆتكەندە مەن بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىنى، ئەمما ۋاقتى زىچ ئىكەنلىكى، كېلەر پەيشەنبە كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ ليوكسېمبورگ سارىيىنى يېرىم كۈن ئايلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىللە فىيوت مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولالايدىغان-بولالمايدىغانلىقىمنى سوراپتۇ. فىيوت مېھمانخانىسى سىياسەتبازلار كېلىدىغان جاي ئىدى. مەن ئۇ يەرگە كىرىش تۇرماق ئۇنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتىم. ئەمما مەن مۇنداق ئىشلاردىن باش تارتىشنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن. مەندە ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاران - ئاران يەتكۈدەك 80 فرانك بار ئىدى. بىر ۋاقىتلىق ئاددىي چۈشلۈك تاماققا 15 فرانكمۇ كەتمەيتتى، 15 فرانك ئاران ئىككى ھەپتىلىك قەھۋەنىڭلا پۇلى ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، كېلەر پەيشەنبە كۈنى سائەت 12 يېرىمدا فىيوت مېھمانخانىسىدا ئۇچرىشىشقا ماقۇل بولدۇم. ئۇ مەن پەرەز قىلغاندەك ئۇنچە ياش ئەمەسكەن، گەرچە سالاپەتلىك بولسىمۇ، تەقى - تۇرقىنىڭ ۋاھ دەپ كەتكۈچىلىكى يوقكەن. ئەمەلىيەتتە 40 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ، بۇ ئاياللارنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنى جەلپ قىلالمايدىكەن، يوغان-يوغان ئاپئاق چىشلىرى گەرچە رەتلىك بولسىمۇ، كىشىگە سەل ئارتۇقچە تۇيۇلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ گەپدانلىق قىلىپ مەن توغرىلىق ھەدەپ سۆزلەۋەرگەچكە، جىمىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىماي بولمىدى.

سەي تىزىملىكى كەلتۈرۈلۈۋىدى، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى، چۈنكى سەيلەرنىڭ باھاسى مەن ئويلىغاندىكىدىن قىممەت ئىدى. ئەمما ئۇ مېنى خاتىرجەم قىلىپ دېدى:

— مەن چۈشتە ئەزەلدىن بىر نەرسە يېمەيمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ! — دېدىم مەن سېخىيلىق بىلەن.

— بىر خىل بولسىلا كۇپايە، مەن ئەزەلدىن تاماقنى كۆپ يېمەيمەن، قارىسام كىشىلەر ھازىر تاماقنى بەك كۆپ يەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، بىر تەخسە بېلىق بولسىلا كۇپايە. كىتا بېلىقى بارمىدۇ؟

ھەي، كىتا بېلىقى يېيىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى، سەي تىزىملىكىدىمۇ يوقكەن. نېمىلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا ئۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپ كۆردۈم. ماۋۇ كارامەتنى كۆرمەمسىلەر، ئۇلار تېخى بايىلا چىرايلىق كىتا بېلىقىدىن بىرنى ئېلىپ كەپتىكەن، بۇ كىتا بېلىقىنىڭ مېھمانخانىغا بۇ يىل تۇنجى قېتىم كىرگۈزۈلۈشى ئىكەن. مەن كۈتكۈچىگە ئۇنىڭدىن بىرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدۇم. كۈتكۈچى بېلىقتا يەنە باشقا نەرسە قوشۇمەنمۇ، دەپ سورىدى.

— بولار، — دېدى ئۇ، — مەن ئەزەلدىن كۆپ نەرسە يېمەيمەن، بىر خىل بولسىلا كۇپايە، ئەمما ئازراق ئىكرا مۇراببىاسى سېلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى.

يۈرىكىم قارتىدە قىلىپ قالدى. مېنىڭ ئىكرا مۇراببىاسى بۇيرۇتۇشقا قۇربىم يەتمەيتتى. ئەمما بۇنى ئۇنىڭغا دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا كۈتكۈچىگە ئىكرا مۇراببىاسىدىن ئازراق سېلىشنى تاپىلىدىم، ئۆزۈمگە ئەڭ ئەرزان قوي قوۋۇرغىسىدىن بۇيرۇتتۇم.

— گۆش يېيىش ياخشى ئادەت ئەمەس، سىز نېمە يېيىش كېرەكلىكىنى تازا بىلمەيدىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ تەستە ھەزىم بولىدىغان مۇنداق يېمەكلىكلەرنى يەپ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاپ ئويلىيالمىدىم. مېنىڭچە قورساقنى بولۇشىغا تويدۇرۇۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس.

ئارقىدىن ئازراق ئىچىملىك ئىچىشكە توغرا كەلدى.

— مەن چۈشتە ئەزەلدىن بىر نېمە ئىچمەيمەن، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ شۇ، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— بولمىسا ئازراقتىن ئاق ھاراق ئىچەيلى، — دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ، — فرانسىيەنىڭ ھارىقى بوشراق، ھەزىم قىلىشقا ناھايىتى پايدىلىق.

— ئۇنداقتا نېمە ئالسام بولار؟ — دېدىم مەن يەنىلا قىزغىنلىق بىلەن، ئەمما سەل زورۇقۇۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

ئۇ ماڭا قاراپ خۇشاللىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— دوختۇر ماڭا ھاراق ئىچمەڭ دېگەن، ئالسىڭىز ئازراق شامپان ئېلىڭ!

ھەي، قىممەت پۇللۇق شامپان ھارىقى، دېدىم ئىچىمدە، ئېھتىمال، شۇ چاغدا چىرايىم تاتىرىپ كەتكەندۇ. مەن يېرىم بوتۇلكا شامپان ئالدۇرۇپ، خۇش ياقمىغان ھالدا دوختۇرنىڭ مېنى شامپان ھارىقى ئىچىشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئېيتتىم.

— ئۇنداقتا سىز نېمە ئىچىسىز؟ — دېدى ئۇ.

— ئازراق سۇ ئىچسەملا بولىدى.

ئۇ ئىكرا مۇراببىاسى بىلەن كىتا بېلىقىنى يېگەچ ئولتۇرۇپ، ئەدەبىيات،

گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا توغرىسىدا ئەزۋەيلەپ سۆزلىگىلى تۇردى. ئەمما مېنىڭ غېمىم قانچە پۇل تۆلەشتە ئىدى. كۈتكۈچى مېنىڭ تامىقىمنى ئەكىلىپ بەردى. ئۇ، قوي قوۋۇرغىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى.

— سىزنىڭ ئاماق تاللايدىغان ئادىتىڭىز بارلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭ سالامەتلىككە پايدىسى يوق. نېمىشقا مەندەك بىر خىللا تاماق يېمەيسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ روھلۇق بولىسىز.

— مەنغۇ بىر خىللا تاماق يەيمەن،— دەپ جاۋاب بەردىم مەن. شۇ چاغدا كۈتكۈچى يەنە سەي تىزىملىكىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ، كۈتكۈچىگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇۋىدى، كۈتكۈچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇردى.

— بولىدى، ئەمدى بولار، مەن ئەزەلدىن كۆپ تاماق يېمەيمەن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. مەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا ئازراق بىر نەرسە يەپ قويدۇم، بۇنىڭدىن باشقا مەقسىتىم يوق. بامبۇك نوتىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەمدى ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ. پارىژغا كېلىپ بامبۇك نوتىسىنى تېتىپ باقمىسام راستىنلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

يۈرىكىم يەنە قارتىتىدە قىلىپ قالدى. مەن ماگىزىنىدا بامبۇك نوتىسىنى كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ باھاسى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قىممەت ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلگەنىدى.

— خانىم، بامبۇك نوتىسى بارمۇ - يوق دەپ سوراۋاتىدۇ، — دېدىم مەن.

بامبۇك نوتىسى بولمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە. ئەمما كۈتكۈچى قېرىشقاندەك خۇش خۇيلۇق بىلەن بار دەپ سالدى ۋە ئۆزلىرىدىكى بامبۇك نوتىسىنىڭ چوڭلۇقى، يېڭىلىقى، ناھايىتى ئەسلىدە تېپىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

— قورسىقىمىز تويۇپ كەتتى،— دېدى ئۇ خورسىنىپ قويۇپ،— سىز مۇنچىۋالا ھىممەت قىلىۋاتقان يەردە ئازراق يەپ قويماسلىقىقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ بۇ سەينى بۇيرۇتۇپ قويدۇم.

— ئۆزىڭىز ئازراق يېمەمسىز؟

— ياق، مەن ئەزەلدىنلا بامبۇك نوتىسىنى يېمەيمەن.

— بىلىمەن، بۇنى بەزىلەر ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار گۆشنى جىق يەۋېلىپ ئىشتىيىنى بۇزۇۋالغان!

بىز بامبۇك نوتىسىنى كۈتتۇق. مېنى غەم - ئەندىشە قىينىغىلى تۇردى. چۈنكى ھازىر گەپ ئاينىڭ ئاخىرىسىغا يەتكۈزەلىگۈدەك پۇلنىڭ قالغان - قالمىغانلىقىدا ئەمەس، تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەش - تۆلىيەلمەسلىكتە ئىدى. ئەگەر مەن ئۇن فرانكتىن قىسىلىپ قېلىپ مېھمىنىمدىن سوراشقا مەجبۇر بولسام، تولىمۇ سەت ئىش بولغان بولاتتى. مەن مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلالمايتتىم. پۇلۇمنىڭ سانى ماڭا ناھايىتى ئېنىق ئىدى، شۇڭا تاماق ھەققى يېنىمدىكى پۇلۇمدىن ئېشىپ كېتىپ قالسا، قولۇمنى يانچۇقۇمغا تىقىپ ھەميىنىم يىتىپتۇ دەپ بىردىنلا سەكرەپ كەتمەكچى بولدۇم. مۇبادا پۇلۇم يەتمەي ئوسال بولسام، سائىتىمنى رەنىگە قويۇپ قويۇشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى.

چوڭ ۋە مەززىلىك بامبۇك نوتىسى كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ مەززە قىلىپ يەۋاتقىنىغا قاراپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىشكە باشلىدى، ئەمما ئەدەب يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەرنىڭ تىياترلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. ئاخىرى ئۇ يەيدىغىنىنى يەپ بولدى.

www.uyghurkitap.com

— قەھۋە ئالامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەببەللى، قەھۋە بىلەن ماروژنىدىن ئازراق ئېلىڭ، — دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا مەن ھېسابلاپ باقمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئازراق مارۇژنى، ئۆزۈمگە ئازراق قەھۋە بۇيرۇتتۇم.

— بىلمەيتتىڭىز، مەن بىر نەرسىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەن، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى يېگەچ، — ئادەم قانچىكى ئاز يېسە، كۆڭلىنىڭ شۇنچە ئىشتىھالىق بولۇپ كېتىدىكەن.

— كۆڭلىڭىز يەنە بىر نېمە تارتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن بوشاشقان ھالدا.

— ياقەي، ئادەم دېگەن ئەتىگىنى بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىۋالسا، چۈشتە ئادەتتىكىچە ئوزۇقلىنىۋالسا، ئاندىن كەچلىك تاماقنى ساقلىسىلا بولغىنى، قانداق دەيسىز؟

— ھە، چۈشەندىم!

ئەمما يەنە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغۇلدى. بىز قەھۋە كۈتۈپ ئولتۇرغاندا كۈتكۈچىلەر باشلىقى ھېجايغىنىچە يوغان بىر سېۋەت شاپتۇلنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ شاپتۇللار بەئەينى قىز بالىنىڭ قىپقىزىل مەڭزىدەك، ئىتالىيە مەنزىرە رەسىملىرىنىڭ شوخ رەڭگىگە ئوخشايتتى. ئەمما شۇ چاغدا تېخى شاپتۇل بازارغا رەسمىي چىقمىغانىدى، باھاسىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكىنى خۇدانىڭ ئۆزىلا بىلەتتى. مېھمىنىم پاراڭ سالغاچ ئولتۇرۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن شاپتۇلدىن بىرنى ئالدى.

— قاراڭ، سىزنىڭ ئاشقازىنىڭىز گۆش بىلەن تولۇپ كەتكەچكە (مەي-يەپ قويغان شۇ كىچىككىنە قوي قورۇ-غىسى)، ئۇنىڭغا ئەمدى ھېچ نەرسە پاتمايدۇ، ئەمما مەن ئازراقلا بىر نەرسە يېگەچكە يەنە بىر شاپتۇل يېسەم بولىۋېرىدۇ.

ئاخىرى ھېسابات تالونى كەلتۈرۈلدى. پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا ئېشىپ قالغان تەڭگىلىرىمنىڭ ئاپان ھەققىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن كۈتكۈچىگە ئۈچ فرانك تاپان ھەققى بەردىم، ئۇ ناھايىتى پىخسىق نېمىكەنسەن دېگەندەك ئالايدى. مېھمانخانىدىن چىققىنىمدا يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمىدى، ئەمدى بۇ ئاينى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟

— سىزمۇ ئازراق ئۆگىنىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ قول ئېلىشىپ خوشلاشقان چاغدا، — چۈشلۈك تاماقنى ئىمكانقەدەر ئاز يەڭ، بىر خىللا بولسا كۇپايە.

— مەن بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قالماشتۇرۇۋېتىمەن، — دېدىم، — مەن كەچلىك تاماقنى يېمەيمەن!

— ئەجەبمۇ قىزىقىكەنسىز! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق قىزىقچىكەنسىز!

بىراق مەن ئاخىرقى ھېسابتا دەردىمنى چىقىرىۋالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ قىساسخور ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەمما خۇدايىم بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسەتكەندە، ئەجەبا، مەن كەچۈرۈم قىلىنىمامدىكەنمەن؟ چۈنكى ھازىر بۇ دوستۇمنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 294 قاداققا يەتتى.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن زوقلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرمۇش ۋە ئاپتور







